ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى



# نۇزۇگۇم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-09846-0

定价：17.00 元

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى

# نۇزۇگۇم

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间史诗. 2/《维吾尔民间文学大典》编委会编. – 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978 – 7 – 228 – 09846–0

Ⅰ.维… Ⅱ.维…Ⅲ.维吾尔族 – 史诗 – 作品集 – 中国 – 维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I222.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010507号

策　划：阿布都热合满.艾白
　　　　艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布勒孜.阿巴斯 等

**维吾尔民间史诗 — 2** (维吾尔文)
《维吾尔民间文学大典》编委会 编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米 32开本 11.375印张 2插页
2006年 2月第1版　2007年3月第2次印刷
印数：4,001–6,000

ISBN 978–7–228–09846–0 定价：17.00元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار

# ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى

## نۇزۇگۇم

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348№)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 11.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 6,000-4,001
ISBN 978-7-228-09846-0
باھاسى: 17.00 يۈەن



# مۇندەرىجە


ياچىبەگ.......................................... 1

ئۆمەر باتۇر.................................. 11

ئىسلام بېگىم.............................. 16

ئابدۇراھمان غوجا.......................... 22

مايىمخان..................................... 57

نۇزۇگۇم....................................... 92

سېيىت نوچى................................ 111

تۆمۈر خەلىپە .............................. 149

غوجىنىياز ھاجى........................... 163

شاھ ئادىلخان ............................. 171

بوز يىگىت .................................. 263




# ياچىبەگ

(تارىخىي داستان)

ئۆتكەندى ياچىبەگ
بۇلاڭ ـ تالاڭ زاماندا.
چىرىك بىلەن جەڭ قىلىپ،
كەتتى ئاخىر ئارماندا.

ياچىبەگنىڭ ئۆيلىرى
تۇرۇك تېغى ئەمتىدە.
ھىيلە ـ تەمە يوق ئىدى
ياچىبەگنىڭ ئەپتىدە.

قۇنتەيجىنىڭ لەشكىرى
سالدى خەققە سورۇقلۇق.
سار سىلىشتى خالايىق،
ئۆي ـ ماكانى تۇرۇقلۇق.

قالدى يىمەك ـ ئىچمەكسىز،
قاپلاپ كەتتى قۇرۇقلۇق.
ھالدىن كەتتى خالايىق،
تېپىلماي ھېچ ئوزۇقلۇق.

شۇندا چىقتى ياچىبەگ،
ئوڭ قولىغا نەيزە ئەپ.
تاغلار ئارا يول سالدى،
پالگانلاردىن تۇزۇپ سەپ.

ياچىبەگنى كۆرگەنلەر،
سۇباتلىقكەن دەر ئىدى.
گۇرزە - بازغان قوللىرى،
يولۋاس كەبى ئەر ئىدى.

ياچىبەگ خوپ ئەر ئىدى،
يەتتە قۇلان يەر ئىدى.
يەتتە قۇلان يەپ بولۇپ،
يەنە بارمۇ دەر ئىدى.



ياچى دېگەن بىر كىشى،
ئارقىسىدا مىلىڭ كىشى.
ياچىغا ئېگىلمىسە،
قۇتۇلالمايدۇ كىشى.

ياچى بېگىم ياچىدۇ،
نەيزىسىنى سانجىيدۇ.
ياچىغا ئېگىلمىسەڭ،
توقماق بىلەن يانجىيدۇ.

قالماق خانىنىڭ خېتىدە،
«تۇتسۇن» دېدى ياچىنى.
توغام ـ توغام يول توراپ،
چېرىك قويدى بارچىنى.

«ھەركىم تۇتسا ياچىنى،
مالدار قىلاي مەن ئۇنى.
ئۆزۈم بىلەن تەڭ قىلىپ،
ھاكىم قىلاي مەن ئۇنى.»

قالماق كېلىپ چىللىدى
ئوسمانبەگنى يېنىغا.
ئوسمانبەگمۇ سېتىلدى
ئالتۇن ـ كۈمۈش، تىيىنغا.

مەن شۇ ئىشتا تۇردۇم دەپ،
ئەھدە قىلدى ئوسمانبەگ.

ياچىنى تۈتۈكلار دەپ،
يارلىق قىلدى ئوسمانبەگ.

تۈتماق بولدى ئوسمانبەگ
ياچىبەگنى تىلىك تىڭلاپ.
تۈتالمىدى ياچىنى
يۈگۈرسىمۇ پايپاسلاپ.

ئۆيان ئويلاپ ئوسمانبەگ،
بۇيان ئويلاپ ئوسمانبەگ.
سامانچىنى ئالداشقا
تۈتۈش قىلدى ئوسمانبەگ.

سامانچىمۇ سېتىلدى،
ئوسمانبەگكە قېتىلدى.
كەينىگە چۈشۈپ ياچىنىڭ
تۈتماق بولۇپ ئېتىلدى.

ياچىبەگنىڭ دادىسى،
سۇلايمان دېگەن بەگ ئىدى.
ياچىبەگنىڭ سىڭلىسى،
سامانچىغا تەگكەنتى.

سۆرۈن چىراي سامانچى
ياچىغا بولدى كۈشەندى.
نەپكە سېتىپ جېنىنى،
بولدى ئوسمانغا يالاقچى.

ياچىبەگنى تۇتماققا
ئەھدە قىلدى سامانچى.
بۇ ئىشلارنىڭ تەكتىنى
بىلەلمىدى ھېچ ياچى.

ئوسمانبەگ سورىدى:
«ياچى دېگەن قايدا؟» دەپ.
جاۋاب بەردى سامانچى:
«تاغ ئارىسى، باغدا» دەپ.

ياچىبەگ قولان ئېتىپ،
كاۋاپ سالدى بېغىرنى.
دالاما ئالداپ كىرىپ،
كۆپ ئىچۇردى چىغىرنى.

سامانچى ئۇنى ئىزدەيتتى،
ئۇندىن - بۇندىن سوراقلاپ.



تاغمۇتاغ ئارىسىدا،
يۈرگەنىدى ماراقلاپ.

چۈشۈپ كەلدى بىر كۈنى
تاغنى ئاتلاپ ياچىبەگ.
بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز
كىردى يۇرتقا ياچىبەگ.

يېتىپ كەلدى شۇ كۈنى،
ياچى ئۆينىڭ تۆۋىگە.
چۈشمەك بولدى شۇ ھامان
سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە.

ياناي دېدى كەينىگە،
ئاتنى چېپىپ ئەمتىگە.
شۇ چاغ كەلدى سامانچى
ياچىبەگنىڭ ئالدىغا.

شۇل ئەسنادا ياچىغا
ئۇچراپ قالدى سامانچى.
«نىمە كەلدىڭمۇ؟» دەپ ئۇنى،
ئىززەت قىلدى سامانچى.

«بىزنىڭ ئۆيلەر تىنچ بولدى،
چۈشۈپ ئۆتۈڭ، ياچىبەگ.
ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەنسىز،
سىنچاي ئىچىڭ، ياچىبەگ.»

ئۆيان ئۆتتى ياچىبەگ،
بۇيان ئۆتتى ياچىبەگ.
ئامالسىزدىن شۇ ۋاقىت،
ئۆيگە كىردى ياچىبەگ.

تۇيدۇرمىدى بۇ ئىشنى
سامانچى ئايالىغا.
ياچىبەگنى تۇتقۇچە
قويمىدى ئارامىغا.

پۇرسەت تېپىپ تالاغا
چىقىۋالدى سامانچى.
خىيال سۈرۈپ شۇ ئۆيدە
يالغۇز قالدى بۇ ياچى.

ئۆتكۈر كۆزلۈك ياچىبەگ
ئەتراپىغا سەپسالدى.
كۆرمىسىمۇ ھېچ ئىشنى،
بىر ئىشنى تۇيۇپ قالدى.

سامانچى چىقىپ سىرتقا
ھەر تەرەپكە قارايتتى.
ياچىبەگنىڭ ئېتىنىڭ
ئۇلاغلىرىن بوشاتتى.

شۇل ئەسنادا چاقىردى،
«چاققان چىقىڭ، ياچىبەگ.»

چىقىپ دەرھال ئېتىنى
مىنمەك بولدى ياچىبەگ.

ئۆزەڭگىگە پۇت سېلىپ،
يىقىلىپ چۈشتى ياچىبەگ.
ھىيلە، قىلتاق، قاپقانغا،
چۈشۈپ قالدى ياچىبەگ.

بەلگە بەردى چېرىككە،
كۆرگەن ھامان سامانچى.
مىڭلاپ چېرىك ئاتلاندى
تۇتماق ئۈچۈن ياچىنى.

چېرىك كېلىپ شۇ تاپتا
قورشىۋالدى ياچىنى.
سالما تاشلاپ بويىنىغا
تۇتۇۋالدى ياچىنى.

تۇرۇك تېغى ئالدىدا
تورىۋالدى ياچىنى.
ئەلەنجىگە قويماستىن،
باغلىۋالدى ياچىنى.

ياچىبەگنىڭ يۈرىكىن
ئەجەب ـ ئەجەب داغلىدى.
سەكسەن كىشى يىغىلىپ،
ياچىبەگنى باغلىدى.

گۈر - گۈر بىسىپ كەلگەندە،
ھەيران قالدى ياچىبەگ.
ھەسرەت بىلەن شۇ تاپتا،
پەرياد ئۇردى ياچىبەگ.

«ياچىبەگنى تۇتتۇقمۇ؟
‹قىمار› دا بىرنى ئۇتتۇقمۇ؟
يۇرتقا پاتماس ياچىبەگ
ئەمدى قولغا چۈشتۇڭمۇ؟»

بۇنى ئاڭلاپ ياچىنىڭ
كۆزلىرى يېنىپ كەتتى.



ياچىنى تۇتقان چىرىكلەر
غال - غال تىترىشىپ كەتتى.

غەزەپلەندى ياچىبەگ
سامانچىنىڭ ئەپتىگە.
«كۆرۈشەرمىز، — دېدى ئۇ، —
ئۆلگەندە — قىيامەتتە.»

بىر تىك بېقىپ قارىدى
سامانچىنىڭ يۈزىگە.
قوللىرىنى شىلتىدى
سامانچىنىڭ كۆزىگە.

ئېلىپ ماڭدى ياچىنى،
ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.
ئاللاقۇلى دېگەن ئوغلى
ئارقىسىدىن يۈگۈردى.

ياچىبەگ ئەخمەق ئىكەن،
بېلىدە چاقماق ئىكەن.
ياچىبەگنى ئۆلتۈرگەن
جالالىق قالماق ئىكەن.

ھەسرەت بىلەن خالايىق
دۇئا بەردى دوستىغا.
سامانچىنى تۇتۇۋېلىپ،
سامان تىقتى پوستىغا.

# ئۆمەر باتۇر

(تارىخىي داستان)

يالغۇز تۈپۈن پارچە تاغ
بولۇپتۇ قورغان.
ئاتمىش ئالتە گۆدەكنى
بۆغدايدەك ئورغان.

ئاتمىش ئالتە گۆدەكمۇ
ئەلنى دەپ ياتقان.
يارەنلىرى قول كۆتۈرۈپ،
لەھەتكە قويغان.

كەر بالادا شېھىت بولغان
ئىمامزادىلەر.
ئىماملارنى شېھىت قىلغان
هارامزادىلەر.

لاچىن غولدىن چۈشۈپ كەلدى
ئاتلار ئوينىتىپ.
ئوڭ قولىدا كۈمۈش نەيزە،
قۇلانلار ئاتىپ.

لاچىنغولدىن چۈشۈپ كەلگەن
بىر ھاشىم ئولان.
قىزىل - يېشىل تون كىيىپتۇ،
ياقىسى بۆلغۇن.

ئۆمەر باتۇر تايىنى مىنىپ،
ئۆچتى پەلەككە.
يالغۇز تۈيۈن ئارقىسىدا،
قوندى تېرەككە.

يالغۇز تۈيۈن، يالغۇز جاڭزا،
زېمىن كەڭتاشا.
ئۆمەر باتۇر خۇش ئەرئىدى،
قىلدى تاماشا.

يالغۇز تۈيۈننىڭ ئارقىسى،
قاپقارا سايدۇر.
ئۆمەر باتۇر مىنگەن ئاتى،
كۆك ئالا تايدۇر.

كۆك ئالا تايىنى مىنىپ،
غول تۆۋەن چاپقان.
مەنمەن دېگەن يارەنلەرنىڭ،
ئالدىدا ماڭغان.

ئۆمەر باتۇر يېتىپ كەلدى،
يالغۇز تۈيۈن تېغىغا.



ماراپ يىتىپ چيرىكلەر،
قىستاپ كىردى يىنىغا.

ئوينىتىپ ئوقيا ـ قىلىچ،
تەرەپتىن قىرغىن سالدى.
ئۆمەر باتۇر مەردلەرچە،
غالىب تۇغىنى ئالدى.

ئۆمەر جەڭگە ئاتلىنىپ،
ياۋ ئاغزىنى قان ئەتتى.
بولۇپ بەربات دۇشمەنلەر
قۇيرۇقىن تىكىۋەتتى.

ئۆمەر باتۇر دەسلەپتە،
باتۇر چىقتى ئۇ جەڭدە.

مەغرۇرلۇقتىن ئاخىرى،
پۇشمان يېدى ئەلەمدە.

ياۋلار كىردى توساتتىن،
ھۇجۇم قىلدى ئۆمەرگە.
ئاتمىش ئالتە گۆدەكنى،
مۇپتىلا قىلدى ئەجەلگە.

ئۆمەر باتۇر خۇش ئەر ئىدى،
ئالەمدىن ئاشقان.
بىر مىڭ بىر يۇز چېرىك كەلسە،
نەيزىدە چاپقان.

كۆك ئالا تاينى مىنىپ،
ئۇزۇن يول باسقان.
ئۆمەرنى كۆرگەن چېرىكلەر،
ئارقىغا قاچقان.

يالغۇز تۇيۇننىڭ ئارقىسى،
تۇپتۇز بىر ئالقان.
بىر مىڭ بىر يۇز چېرىك چىقىپ،
ئۆرۇلۇپ يانغان.

چېرىكلەرنى توقاي سۇرۇپ،
تاغلاردىن ئاشقان.
دۇشمەن جەڭدە يېڭىلىپ،
مىنگاڭغا قاچقان.

ئۆمەر باتۇر خوي ئەر ئىدى،
ئالەمدىن ئاشقان.
ئاتنى تاشلاپ، تاينى مىنىپ،
داۋاندىن ئاشقان.

ئۆمەر باتۇر خوي ئەر ئىدى،
غول تۆۋەن چاپقان.
قىلماس ئىشنى قىلىپ قويۇپ،
دەردىنى تارتقان.

كۆك ئالا تاينى مىنىپ،
سايلاردا چاپقان.
ئۆمەر باتۇر شېھىت بولۇپ،
زىلپۇشنى ياپقان.

ئاغىنىسى ئىزدەپ تېپىپ،
چىگمەندە يۇغان.
پەرىشتىلەر قول كۆتۈرۈپ،
لەھەتكە قويغان.

سېنىڭ بىلەن مەن جېنىمنى،
داڭغا داڭلادىم.
ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلارىڭنى
خەقتىن ئاڭلادىم.

تىلەكلەرنى تىلەدۇرمەن،
تىلەكلەر ئۇچۇن.
سەھەر تۇرۇپ يىغلادۇرمەن،
سەن يارلار ئۇچۇن.

# ئىسلام بېگىم

(تارىخىي داستان)

گۈل - چېچەككە ئورالدى،
قۇمۇل يۇرتى — بوستانى.
ئەل ئىچىگە تارالدى،
ئىسلام بېگىم داستانى.

ئىسلام سۆيى تۆۋەن ئاقۇر،
تاشنى تاشلارغا چاقۇر.
ئىسلام بەگنى كەلدى دېسە،
داپنى داپلارغا چاقۇر.

ئاخشام كەلگەن تۆت ئاتلىق،
تۆتىلىسى بوز ئاتلىق.
تۆتەيلەن ئاراسىدا،
ئىسلام بېگىم سۇباتلىق.

مىسىر تېغى دېگەن جاي،
خويمۇ ئوبدان جاي ئىكەن.
چامباشچىلىق سېھرىگە،
ئىسلام بېگىم باي ئىكەن.

مىسىر تېغى كەينىدە،
تارام ـ تارام سۇ ئاقۇر.
ئىسلام بېگىم غەيرەتلىك،
قىلىچ ئويناپ باش چاپۇر.

ئەپلەپ تۇرۇپ مۇشت ئاتتى،
يالماۋۇزغا ـــ چېرىككە.
تاغ ـ سايلارنى توشقۇزدى،
دۆۋە ـ دۆۋە ئۆلۈككە.

ئىسلام شۇنداق ئەر ئىدى،
نامى ئەلگە تونۇلغان.
ئەلگە قىلغان ھىممىتى،
داستان بولۇپ توقۇلغان.

ئىسلام بېگىم، قوپسىلا،
قىلىچلىرىن ئالسىلا.
دۈشمەنلەرنىڭ بېشىنى،
غەزەپ بىلەن چاپسىلا.

ئىسلام بېگىم جەڭگە بارۇر،
ئاتلىرى ئويناپ تۇرۇر.
خۇدايىم نۇسرەت بەرسە،
ئىسلام بېگىم غەلىبە قىلۇر.

سۇلتان ھەزرەت خوتەندىن،
چىققان باتۇر ئەر ئىدى.

چېرىكلەرگە جەڭ باشلاپ،
ئىسلام بەگنى چىللىدى.

كۆكرەك كېرىپ ئىسلام بەگ،
كىردى مەيدان ئىچىگە.
تىترەپ كەتتى چېرىكلەر،
ئۇنىڭ تاغدەك كۈچىگە.

جەڭ قىلدى ئۇ مەردلەرچە،
ئارغىماقنى ئويىنىتىپ.
سۇردى يۈز مىڭ چېرىكنى،
دالىلارنى بويلىتىپ.

قانچە ـ قانچە چېرىكلەر،
ئىسلام بەگكە باش ئەگدى.



قازا كېلىپ غايىبتىن،
ئاڭا ئۈچ پاي ئوق تەگدى.

يارىسىنى شۇ هامان،
دوستلىرىغا تاڭدۇردى.
جەڭگە كىرىپ قايتىدىن،
قىساسىنى قاندۇردى.

ئىسلام بېگىم تۇتۇلدى،
جەڭدە ئاخىر بىر كۈنى.
قەستلەپ كەلگەچ ئۈزۈندىن
دارېن دېگەن شۇم ئۈنى.

سالدى ئۈنى چۇشەكلەپ،
تۆمۈر قەپەس ئىچىگە.
ئېلىپ ماڭدى تۇيدۇرماي،
خوتەن شەھىرىگە كېچىدە.

يامۇلدىكى ئامباللار،
خۇشال بولدى شۇ هامان.
ئىسلام بەگنىڭ ئىشلىرى،
بەربات بولدى دەپ تامام.

قارغىسىمۇ چىرىكلەر،
ئىسلام خازان بولسۇن دەپ.
ئاۋام خەلق تىلىدى،
ئىسلام ئامان بولسۇن دەپ.

قۇتۇلدۇردى دوستلىرى،
ئۇنى ئاخىر زىنداندىن.
قىلىچ تۇتۇپ ئۇ يەنە،
ئورۇن ئالدى مەيداندىن.

ئەلنى يىغىپ ئىسلام بەگ،
قىلدى شۇنداق خىتابنى:
«يوقىتىمىز جەڭ بىلەن
كەلگەن زۇلۇم - ئاپەتنى.»

يىغلىماڭلار، خوتەنلىك،
ئاخىر راۋاج تاپىمىز.
چىرىكلەرنىڭ بېشىنى،
قىيما قىلىپ چاپىمىز.

دارىن بىلەن جەڭ قىلدۇق،
زالىملارنى ئۆلتۈرۈپ.
تۈگىتىمىز چېرىكنى،
قەھرىمىزدە كۆيدۈرۈپ.

شېھىت كەتسەك جەڭلەردە،
روسۇل قىلغاي شاپائەت.
جەننەت بىزگە يار بولۇپ،
ئاۋام كۆرگەي پاراغەت.

ئىسلام بېگىم پوتىسى،
خويمۇ كاتتا پوتادۇر.

نۇسرەت تېغى كەينىدە،
قانغا بويىلىپ ياتادۇر.

ئىسلام بېگىم يېتىپتىمۇ؟
يېنى يەرگە پېتىپتىمۇ؟
ئاغزىنى ئاچ، ئۇسسۇزلۇق بىرەي،
تاماقلىرى قېتىپتىمۇ؟

ئىسلام بېگىم مۇلايىم،
كۆكتىكى تولۇن ئايىم.
يارى بولغاندا نۇسرەت،
ئايرىۋەتتى خۇدايىم.

پولات شەمشەر قىلىچى،
مىڭلاپ ـ مىڭلاپ جان ئالدى.
يۇرت ئىچىدە ئىسلام بەگ،
باتۇر دېگەن نام ئالدى.

ئول ئىسلام بەگ داستانى
جەڭدە بولغان ھېكايەت.
يېزىلغاندۇر داستانغا
ئۇنىڭ ئىشى ناھايەت.

ئىسلام بېگىم كەتتىلەر،
ئارمان بىلەن دۇنيادىن.
روھى قۇۋۋەت تاپسۇن دەپ،
بىز تىلەيمىز ئاللادىن.

# ئابدۇراھمان غوجا

(تارىخىي داستان)

ئىپتىدانى باشلايمىز،
شېھىدانە خوتەندىن.
باتۇرلارنى ئۆستۈرگەن،
شان ـ شەۋكەتلىك ۋەتەندىن.

قەدىمكى زاماندا، ئاتچى[1] دېگەن داۋاندا، ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. چوڭىنىڭ ئېتى مەسۇمخان، ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئېتى سۇدۇرخان، كىچىكىنىڭ ئېتى ئابدۇراھمان خان ئىدى. مەسۇمخان بىلەن سۇدۇرخان ئىلچى[2] شەھرىدە تۇراتتى. ئابدۇراھمان خان مەدرىسىدە ئوقۇيتتى.

ئابدۇراھمان خان غوجا،
يەتتە ـ سەككىز يېشىدا.
پىكرى ـ زىكرى ئىلىمدە،
كالامۇللا بېشىدا.

---

① ئاتچى — خوتەن ناھىيىسىنىڭ باغچە يېزىسىدىكى بىر جاي ئىسمى.
② ئىلچى — خوتەن شەھرىنىڭ يەنە بىر نامى.

كېتىپ بارسا بىر كۈنى،
مەرغىزار[1] لىق قېشىدا.
ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي،
تۇرغۇدەكمىش يېنىدا.
پىنهان بولۇپ بىر ھېكمەت،
بايان قىپتۇ دالىدىدا:
بويۇڭغا قارىسام تۇزۇك كۆرۈنەر،
يۈزۈڭگە قارىسام سۈزۈك كۆرۈنەر،
دىلىڭغا قارىسام ئۈزۈك كۆرۈنەر،
پېشانەڭ ئوچۇق بۇزرۇك[2] كۆرۈنەر.
نەرگىس كۆزلىرىڭ[3] ياشقا تولۇپتۇ،
شىكەستە[4] دىلىڭ بىريان[5] بولۇپتۇ.
يورۇڭقاش سۈيۈڭ ھەريان ئۇرۇپتۇ،
ئېيتقىل نېچۈن ئەپغان[6] چېكەرسەن؟

ئابدۇراھمان خان غوجا ئۆزىنىڭ نامۇ ھالىنى يىپقا تىزغان مارجاندەك بىر ـ بىرلەپ بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق مۇڭلۇق بىر مۇناجات ئوقۇدى:

ئۆز يۇرتىنى ئالەمدە،
سۆيمەيدىغان ئەر بارمۇ؟

---

① مەرغىزار ــ ئوتلۇق يەر، گۈلچىمەنلىك.
② بۇزرۇك ــ ئەتىۋارلىق، ئىززەتلىك، ھۆرمەتلىك.
③ نەرگىس ــ كۆزگە ئوخشايدىغان چىرايلىق گۈل، نەغەزگۈل.
④ شىكەستە ــ زەخىملىك، جاراھەتلىك.
⑤ بىريان ــ كۆيۈش ، كاۋاپ بولۇش.
⑥ ئەپغان ــ داد ـ پەرياد، نالە ـ پىغان.

شېھىدانە خوتەندەك،
غەپلەت باسقان يەر بارمۇ؟
شۇ كەمگىچە كۆرمىدىم،
كۈندۈز - تۈننىڭ پەرقىنى،
ئەزەل قارا قىلغانمۇ،
خوتەنلىكنىڭ بەختىنى؟
كەربالاغا ئوخشايدۇ،
پىيالما[1] نىڭ چۆللىرى.
ئىمام ھەسەن - ھۈسەن[2] دەك
خازان بولدى گۈللىرى.
شۇڭا دىلىم سۇنۇقتۇر،
غەم پەيمانىم[3] تولۇقتۇر.
تاپسا يۇرتۇم ئاسايىش،
بۇ ھەممىدىن ئۇلۇغتۇر.

بۇ نەزمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بوۋاي شاد - خۇراملىق ئىچىدە ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، مۇبارەك قولى بىلەن خان غوجىنىڭ بېشىنى سىلاپ ئېيتتىكى:

ئى بالام، جانىم بالام،
ھەق يولىغا كىرىپسەن.
ئانا سۇتىن ئاقلاشنى،
قەرزىڭ - پەرزىڭ بىلىپسەن.

---

① پىيالما ــ قاراقاش بىلەن گۇما ئارىلىقىدىكى چۆللۈك.
② ئىمام ھەسەن، ئىمام ھۈسەن ــ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى ، ئىراقتىكى كەربالادا شېھىت بولغان.
③ پەيمان ــ قاچا.

ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە،
كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغايسەن.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇڭغا،
ئەبەد سادىق بولغايسەن.
زۇلۇم، كۈلپەت باغرىغا،
قۇيۇچ خەنجەر ئۇرغايسەن.
ئامبال ـ دوتەي تەختىنى،
گۇمران قىلىپ چاققايسەن.
شۇنداق مەھشەر بارغاندا،
شېھىت خەلقىڭ ئالدىدا،
ئاق يۈز بىلەن باققايسەن.
روھىڭ تولۇپ ھۆرمەتكە،
پىلسىراتتىن جەننەتكە،
پەرۋان بولۇپ ئاققايسەن.



خىزىر بوۋاي خان غوجىنىڭ ئاغزىنى ئاچتۇرۇپ ئابىزەمزەم ئىچۈردى، ئوڭ دولىسىنى ئاچتۇرۇپ ئالتۇن تامغىسىنى باستى، چەپ دولىسىنى ئاچتۇرۇپ نەزەر ئىلتىپات قىلدى:

كۆرسەم يەتتە يېشىڭدا،
بىر خىسلەت بار بېشىڭدا.
قايدا بارساڭ، جان ئوغلۇم،
خىزىر بوۋاڭ قېشىڭدا.
نىشانە قىپ قويدۇممەن،
ئۆچمەس بەلگە ئويدۇممەن،
بارغىل، ئوغلۇم، ئامان بول،
ساڭا ئاقيول تىلەيمەن.

ئۇستازىڭنىڭ ئۇمىدى،
ئۇنۇتمىغىل پىرىڭنى.
پانىي دۇنيا ئەھلىدىن،
پىنھان تۇتقىل سىرىڭنى.
سەۋر گۆھەر، سىر ئالتۇن،
سىرى ئەئيان ئۆزگىدۇر.
سىرى ئايان ئەھلىگە،
ئۆمرى گىريان ئۆزگىدۇر.

خىزىر بوۋاي خان غوجىنىڭ كۆزىنى يۇمىدۇرۇپ قويۇپ غايىب بولدى. ئابدۇراھمان خان غوجا ھەيرانلىق ئىچىدە مەدرىسكە يول ئالدى، خىزىرنىڭ سۆزى قەلبىدە قالدى.

......
ئايدىڭغىنا ئاي ئۆتۇپ،
كۈندىڭغىنا كۈن ئۆتۇپ،
ئابدۇراھمان خان غوجا،
ئارسلاندەك ئەر بولدى.
شەمشاد كەبى جىسمىغا،
يانار تاغدەك كۈچ تولدى.
ئەرتۇڭا① بوپ يېتىشىپ،
ھەر قەدەمدە دۈشمىنى،
يەكسان بولدى، يەر بولدى.
ئىلياس ئىدى ئۇستازى،

① ئەرتۇڭا — ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەشھۇر قەھرىمان ئەفراسىياپنىڭ نامى.

رازى بولدى غوجىدىن.
مەرىپەتلىك نۇر بەردى،
دۇئا ئەيلەپ دىلىدىن:
« ئەي بالام، غوجام بالام،
باسقان ئىزىڭ گۈل بولسۇن.
ساڭا ئاقيول تىلەيمەن،
ئاللا ئۆزى يار بولسۇن.
ئون ئىككى مىڭ ئىماملار،
ھەردەم مەدەتكار بولسۇن.
غېرىب - غۇرۋا، يېتىملار،
يۈرىكىڭدە بار بولسۇن.
ئۇستازىڭنىڭ تىلىكى،
تۇمارىڭغا باغ بولسۇن.

ئاۋازىڭدىن ئويغانسۇن،
غەپلەت بېسىپ ياتقانلار.
شۇ چاغ ئېيتار ئاپىرىن،
نىجات نۇرى تاپقانلار.
شاگىرت بولاي مەن ساڭا،
ھەيران بىلمە ساھىبنى.
تاپشۇرارمەن قولۇڭغا،
ئەمدى بەش يۈز تالىپنى.
پەرۋىش ئەيلەپ قىلغايسەن،
جان دىلىدىن تەربىيەت.
پەخەس بولغىن يولۇڭغا،
تاپقىن، ئوغلۇم، كارامەت.»
......

شۇندىن باشلاپ خان غوجا،
باستى ئۇستاز ئىزىنى.
مەرىپەتنىڭ چىرىغى،
نۇرلاندۇرۇپ دىلىنى.

باھار بولدى قارلىغاچ،
نېمە بولدى كەلمىدى.
ئۇۋىسىنى يىلانلار،
ئېلىۋالدى، بەرمىدى.
ئاينىڭ ھۆسنى قاراڭغۇ،
داغ قاپلىغان يۈزىگە.
زۇلمەت ئوقى قادالدى،
مەھكۇم ئەلنىڭ كۆزىگە.
ئىلچىنىڭ بازارىغا،
ئالتە ئېشەكتە قاق كىردى.
نارەسىدە بالىلارنىڭ،
ساقىلىغا ئاق كىردى.
كۆۋرۈكتىكى جۇپ دەمدەر،
ئۈنلىمىدى سەھەردە.
گۈلباغ[1] ئارا ئۇچالماس،
بۇلبۇل تۆمۈر قەپەستە.

قارا قۇشنى قۇشلىتىپ،
يۈرەر ئامبال، مەستىمكىن!
چاي ئورنىغا قان ئىچەر،

① گۈلباغ ــ جاي ئىسمى (ئىلچىنىڭ مەركىزي كوچىسى).

ئەسلىي زاتى نەسمىكىن !
پاناھ تىلەر بەندىلەر،
نالە قىلىپ خۇداغا.
تاقەت قىلىپ بولارمۇ،
مۇنداق مۇدھىش جاپاغا...
قانداق چىدار خان غوجا،
ئەل ـ يۇرتىنىڭ زارىغا.
ۋادەرىخا ! بۇ قىسمەت،
تەگدى كۆڭۈل تارىغا.

ئەلقىسسە، ئابدۇراھمان خان غوجا بەش يۈز تالىپ ئىچىدىن ئىشەنچلىك مەھرەم تاللىۋالدى. ئۇلارغا قوشۇمچە سىپاھگەرلىك[1] ئۆگەتتى. ھۇجرا ئىچىگە تۆمۈرچىلەرنى توپلاپ، نەيزە ـ قىلىچ سوقتۇرۇپ خۇپىيانە راسكەرلىك قىلدى.

يورۇڭقاشنىڭ سۇلىرى،
خادا تاشتەك تۇرۇلدى.
خان غوجىنى كۆرگەندە،
قارا بۇلۇت سۇرۇلدى.
ئەسكە ئالدى خان غوجا،
خىزىر، ئۇستاز سۆزىنى.
قايدىن كەلسۇن ئۇلۇغ سۇ،
ئاچماي بۇلاق كۆزىنى؟
ئالا ـ ئالا ئارغامچا،

① سىپاھگەرلىك ــ ھەربىي ئىلىم، ھەربىي مەشىق.

ئىلەڭگۈچكە يارامدۇ؟
ئەل ئۈمىدىن ئاقلىماي،
ئۆزىن ئەر دەپ سانامدۇ؟!
قايتتى شۇنداق كۈچ بىلەن،
هۇجرىسىغا خان غوجا.
دېدى: « قىلىچ تەييارلا»
مەهرىمىگە خان غوجا.
......

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى خوتەننىڭ ئامبىلىدىن ئىشتەيلى:

قاراڭغۇ تۈن ـ كېچىدە،
ئامبال دارىن چۈش كۆردى.
چۈشلىرىدە بەك يامان،
ئاجايىپ بىر ئىش كۆردى.

ئامبال شۇنداق چۆچۈپ ئويغىنىپ، جىمىكى يايى ـ دايىـ لىرىنى جەم قىلدى:

ئى يايىلار، دايىلار،
چۈشۈم شۇنداق ياماندۇر.
كىمدۇر بىرى تەختىمگە،
كۆز تىككىنى ئاياندۇر.
شەمۇ شەهەر كېزىڭلار،
يۇرت ـ مەلىنى قېزىڭلار.
يۈز بېشى، بەگ، چوڭلارنى،
يامۇلغا تېز يىغىڭلار.

زوڭداخوينى[1] ئېچىڭلار،
ھەريان تىڭلاپ بېقىڭلار.
ماڭا خىرىس قىلغاننى،
نەدىن بولسا تېپىڭلار.

ئامبالنىڭ يارلىقى بىلەن ھەممە يۇرتنىڭ بەگ، يۈزبېشىلىرى يىغىلىپ كېلىندى، قاتتىق سوراق قىلىندى. ئاتچىنىڭ سامان قورساق بېگى ئامبال ئالدىدا قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ ئېيتتىكى:

— ئەي ئامبال، ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجىنىڭ ئۈچ ئوغلى بار. ئۇلارنىڭ پەيلى ـ ئىمانى بۇزۇقلارغا يار، پەقەت ئۇلاردىن باشقا سىلىگە كىم خىرىس قىلالىسۇن؟!

قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترىگەن ئامبال ئوردا چېرىكلىرىگە دەرھال بۇيرۇق چۈشۈردى:

ھەي يايىلار، يايىلار،
ھازىر يولغا كىرىڭلار.
ھەبىبۇللا ھاجىنى،
دەرھال باغلاپ كېلىڭلار.
يۇرتىنى سۈغۈرۈپ،
زىختا كاۋاپ قىلىڭلار.

«خوپ» دېدى ـ دە، ھايال ئۆتمەي ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجىنى چەمبەرچاس باغلاپ ئامبال ئالدىغا ئەكەلدى. ئامبال ئېيتتىكى:

---

① زوڭداخوي — چوڭ يىغىن.

ئى ھاجىيۇ مۇپتاجى،
خىرىس قىلغان تەختىمگە.
سەنمۇ؟ جاۋاب بەرگەيسەن،
راست گېپىڭنى ئېيتمىساڭ.
گۇناھىڭدىن كەچمەيمەن.
يالغان بىلەن ئالدىساڭ،
يۈرەك قېنىڭ ئىچكەيمەن،
ھازىر كاللاڭ كەسكەيمەن.

ئەلقىسسە، ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى ئامبالنى رازى قىلالمىدى. ئامبال دەرغەزەپ بولۇپ، قىزىتىلغان يىڭنىنى ئۇنىڭ تىرناقلىرىغا تىقتى، مىس لېگەننى قىزىتىپ كۆكرىكىگە ياقتى. يامۇل ئىچى قىيامەت — ئەرساتقا تولدى.... شەھەرنىڭ قازىكالانلىرى ئامبالدىن ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجىنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىدى. ئۈچ كۈنلۈك سۈرۈك بىلەن كېپىلىككە ئالدى.
ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى ئۆدۆل مەدرىسىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ ئوغلى ئابدۇراھمان خان غوجىغا ئېيتتىكى:

ئارسلاندەك ئەر، بالام،
سېنى كىملەر ئازدۇردى؟
ئامبالغا خىرىس قىل دەپ،
كىملەر گۆرنى قازدۇردى؟
بۇ پەيلىڭدىن يان، بالام،
بىزگە جاھان تار، بالام.
نىيىتىڭدىن يانمىساڭ،
يۇرتۇڭ بولار قان، بالام.

تەلپىڭنى بىجىرەي،
نىمە دىسەڭ، خان بالام.
بىزنى قويما ئەلەمگە،
كۆز قارىچۇقۇم، جان بالام.
ئامبال بىلەن ئويناشما،
ئۇ زەھەر ـ چايان، بالام.
جەڭگى ـ جىدەل باشلانسا،
كۈن بولار يامان، بالام.
......
ئەزىزانە خوتەننى،
شىھىت قىلغان ئامبال شۇ.
قاشتىشى ماكانىغا،
قان تىرىغان ئامبال شۇ.
بالام قىلما قاراملىق،
ئۇ قىلغىنىڭ نادانلىق.
يۈرىكىنى يەپ بولغاچ،
يۇرتتا ئەر يوق يارامىلق.
كۆز ئالايتىڭ ئامبالغا،
بىزگە يوقتۇر ئاراملىق.

ئابدۇراھمان خان غوجا ھاجىم دادىسىنىڭ نەسىھەتلىرىدىن سۆڭرە ئېيتتى:

ھاجىم دادا، قۇلاق سال،
مېنىڭ يۈرەك سۆزۈمگە.
يۇرت ھالىنى ئويلىسام،
قان ـ ياش تولار كۆزۈمگە.

ئاتا ـ ئانام، ئەل ـ يۇرتۇم،
رىزا بولغاي مېنىڭدىن.
ئەر سۆزىدىن قايتمايدۇ،
يولۋاس باسقان ئىزىدىن.
قولدىن كەتكەچ تەختىمىز،
قاچقان بىزنىڭ بەختىمىز.
قاراقچىغا تا ئەبەد،
قارشى پۈتكەن ۋەدىمىز.
يوقلۇقىدىن ئادالەت،
كۆڭلۈمدە كۆپ ئاداۋەت.
قولدا قىساس قىلىچىم،
يالتىرايدۇ داۋامەت.
ئامبالغا ئوت ئاچارمەن،
ئىت قېنىنى چاچارمەن.
شېھىت ئۆتكەن ئەۋلادنىڭ،
قېنىغا قان ئالارمەن.
ئامان قالسام غازىمەن،
شېھىت بولسام رازىمەن.
ئازاب چەككەن يۇرەكنىڭ،
جان تومۇر ئاۋازىمەن.
يېتىم ـ يېسىر، غۇربەتكە،
تەپتى ئىسسىق يازىمەن...
بىر كەم ئوتتۇز يېشىمدا،
قىسمەت يەتتى بېشىمغا.
دۇئا بېرىڭ، جان دادا،
ئاقيول تىلەپ ئىشىمغا.

سېرىقسۇ[1] دا ــ ھۇجرامدا،
يىگىتلىرىم ياتقاندۇر.
تەقەززا بوپ شۇ تاپتا،
ئەندىشىگە پاتقاندۇر.
ئاق چاچ ئانا، مېھرىبان،
رازى بولغىن مېنىڭدىن.
ئاق سۈتۈڭنى بەرگەنسەن،
ئايرىپ قىزىل قېنىڭدىن.
يېگەنمەنغۇ، جان ئاتا،
سېنىڭ ئاپئاق نېنىڭدىن.
ئاقلىمىسام قەرزىمنى،
ئۆتىمىسەم پەرزىمنى،
تۈزكور قىلىپ، بەرگىنىڭ ــ
تېشىپ چىقسۇن جېنىمدىن...
مەن سۈتۈڭنى ئاقلارمەن،
جەڭگاھ ئارا تاقلارمەن.
كۆكرىكىمنى قالقان قىپ،
ئەل - يۇرتۇمنى ساقلارمەن.
بارالمىدىم باغچامغا،
سالام ئېيتىڭ ئاغچامغا.
دىلى غەمناك بەش بالام
قىزىلگۈلۈم، غۇنچامغا.

ئابدۇراھمان خان غوجا شۇ تەرىقىدە مۇناجات ئېيتىپ ئىجازەت سورىدى. ھەببۇللا مۇپتى ھاجى نائىلاجلىقتىن

---

① سېرىقسۇ ــ يۇرت ئىسمى.

رىزالىق بەردى. روزغار تەييارلاپ، تەڭ كېچە مەھەل بىلەن ئاقيول تىلەپ ئۈزىتىپ قويدى:

ئابدۇراھمان خان غوجا،
قايتىپ كەلدى قاتارغا.
كۆپنىڭ كۆزى قادالدى،
بوينىدىكى تۇمارغا.
بۆرە[1] باشلىق ئول تۇمار
مۇقەددەستۇر، مۇبارەك.
سۆيۈنەردى جان ـ دىلدىن،
ئۇنى كۆرگەن ھەر يۈرەك.
كۇتۇپ تۇرغان يارەنلەر،
چۆرىسىگە ئولاشتى.
غوجا سۆزى ئۇلارغا،
دەرمان بولۇپ جۇغلاشتى.
غوجا تولغان غەزەپكە،
ئوت چاقنىغان كۆزلىرى.
خەنجەر ئىدى، ئوق ئىدى
ئېيتقان ھەربىر سۆزلىرى.
« ئامبالدا يوق ديانەت،
بارچىسىدا خىيانەت.
يۇرتنى تامام قاپلىغان،
ۋابا يەڭلىغ جىنايەت.

---

① قەدىمكى توتېمىزم (ھايۋانلارنى مۇقەددەس بىلىپ چوقۇنۇش) ئېتىقادى بويىچە، تۈركىي خەلقلەر ئۆزلىرىگە يول باشلىغۇچى سۈپىتىدە بۆرىنى توتېم قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ شۇ خەلقلەر ئارىسىدا بۆرىنى سىمۋول سۈپىتىدە ئۇلۇغلاش ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ساقلانغان.

بىزنىڭ ئەلدە بولمىغاچ،
بەرىكە، بىرلىك، ئىنايەت.
بېشىمىزغا چۈشۈپتۇر،
دەھشەت قىزىل قىيامەت.
خوتەن خاراب بولۇپتۇر،
باغرى قانغا تولۇپتۇر،
ئالدىمىزدا ئىككى يول —
ھايات ـ مامات تۇرۇپتۇر.

كىم كۆيۈنسە دىلىدىن،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئېلىگە.
قىلىچىن ئېپ قىنىدىن،
مىنسۇن ئاتنىڭ بېلىگە.
بىلەنسۇن شەمشەر ـ قىلىچلار،
يورۇڭقاشنىڭ تېشىغا.



ئۆتكۈر تىغلىق قىلىچتىن،
غەم ياغسۇن ياۋ بېشىغا.

مەيداندا تاپقان شان بىلەن،
تىكلەنسۇن بىرلىك تاغلىرى،
مەردلەر تۆككەن قان بىلەن،
يۇيۇلسۇن يۇرتنىڭ داغلىرى.
باش كۆتۈر، خوتەن ئوغلانى،
خورەكنى توختات، باش كۆتۈر.
لەنەتلە تاتلىق چۈشلەرنى،
لەنەتلە، ئۇخلاش بەس، يېتەر.
مەرد بولساڭ چىق مەيدانغا،
نامەردلەرگە سۆزۈم يوق.
ئەلنى سۆيمەس نامەردكە،
قارايدىغان كۆزۈم يوق.
ئانام ھەققى قەسەمياد،
ئاتلاندىم مەن جەڭگاھقا.
يىگىت بولساڭ قىلىچ ئال،
ئېتىڭنى چاپ مەيدانغا.»
......
سەپداش بولدى، يول ئالدى،
تۈن كېچە ئەل ياتاردا.
ئېتىكاپتا ئۆلتۈردى،
ئالتۇن[1] دېگەن مازاردا.

① ئالتۇن ــــ خوتەندىكى «ئالتۇنلۇقۇم» دېگەن مازار.

ئۈچىنچى كۈن كېچىدە،
شوراباغ[1] تامان تاقىلدى.
دەرۋازا ئېچىلغۇنچە،
تاڭنى كۈتۈپ ساقلىدى.
سېزىپ دۈشمەن قاغىدەك،
سېپىل بويلاپ قونۇشتى.
چەللەپ غوجام كۆزىنى،
تىركەش[2] تىن ئوق ئۈزۈشتى.
جەڭ قىزىدى كارامەت،
شۇڭقار غوجام سالامەت.
دۈشمەنلەرنىڭ بېشىدا،
قاينار ئىدى قىيامەت.
ئامبال - دارىن باش بولۇپ،
قوللىرىدا تاش بولۇپ.
جان تالىشىپ چاپاتتى،
كۆزلىرىگە قان تولۇپ...
كېچەش ئېيتىپ ئەمەتخان،
كەلدى غوجام ئالدىغا.
دېدى: « دۈشمەن ھىيلىگەر،
يوشۇرۇندى دالدىغا.
ئىشنىڭ قىسمىتى جەڭدۇر،
ئوندىن توققۇزى رەڭدۇر.
جەڭ قىلماقنى بىلمەكلىك،
تىرىلمەك بىلەن تەڭدۇر.

---

① شوراباغ — ئىلچىگە ياندىكى جاي ئىسمى.
② تىركەش — ئوقدان.

راسلايلى ئېگىز شوتا،
تەييارلايلى شاخ - شۇمبا.
ئوتتۇنغا ياغ چاچايلى،
ئوت قويۇپ يول ئاچايلى»
خان كېڭەشكە قوشۇلدى،
شاخ - شۇمبىلار توشۇلدى.
لاچىن بولۇپ ئەمەتخان،
ئوت بورانى سوزۇلدى.
گۈلخاندىن چوغ چېچىلدى،
ياۋلار ھەريان قېچىلدى.
ئاھۇ پەرياد ئىچىدە،
تۆمۈر داۋزا ئېچىلدى.



نەيزە ـ قىلىچ زەپتىدىن،
مىڭلاپ چېرىك يىقىلدى.
تىرىكلىرى تۆغ تۇتۇپ،
تەسلىماتقا قېتىلدى.
قاچقانلىرى ئېتىلدى،
ئەجەل بىلەن چېتىلدى.
شېھىدانە خوتەنگە،
شام چىراغلار يېقىلدى.
قول ـ پۇتتىكى كىشەنلەر،
پارە ـ پارە چېقىلدى.
......
كۈنلەر ئۆتتى، ئاي ئۆتتى،
دۈشمەن پۇرسەتنى كۈتتى.
قاچقان ئامبال چېرىكى،
پىيالىمنى جاي تۇتتى.
مەدەت تىلەپ ئوردىدىن،
ئىلتىماسقا خەت پۈتتى.
قىلىچتىن قان تامغۇزۇپ،
بار مۇلۇككە قول سوزۇپ.
خان ئەۋەتكەن قانخورلار،
سەپ تارتىپ كېلىپ يەتتى.

ئەلقىسسە، ئامبال قاچاقلىرى ھەيۋە بىلەن ئابدۇراھمان خان غوجىغا بىر پارچە نامە ئەۋەتتى، نامەدە: «بىز بىلەن ئېتىشار بولسا مەيدانغا چىقسۇن، ئېتىشماس بولسا خوتەننى دەرھال بىكارلاپ قويسۇن» دېيىلگەنىدى.

خان غوجا بۇ نامەنى كۆرۈپ دەرغەزەپ بولدى:

قۇل، قارام بوپ ياتقۇچە،
قانخور ئامبال قولىدا.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
ھەققانىيەت يولىدا.

دەپ جاۋاب نامە يوللاندى. ئەلچى شەھىرىنى دادىسىغا تاپشۇ-رۇپ، قايتا جەڭگە ھازىرلاندى:

جېنىم دادا، شەھىرىمىز،
ئەمدى سىزگە ئامانەت.
ئىلكىڭىزدە كۈچ تاپقاي،
يۇرتتا ئەدلۇ ئادالەت.
يۇرت بېشىغا كەلمىسۇن،
قايتىپ يەنە قاباھەت.
مەن غازاتقا باراي مەن،
بېرىڭ، دادا، ئىجازەت.
دۇئا قىلىڭ، جان دادا،
قايتىشىمغا سالامەت.
قىرىق بىر مەھرەم يېنىمدا،
جەڭ قىلۇرمەن داۋامەت.
جېنىم دادا، بىزلەرگە
قىلىپ تۇرۇڭ شاپائەت.

ئەلقىسسە، خان غوجا ئىشەنچلىك دەپ تاللىغان قىرىق بىر مەھرىمىنى سەپكە تىزىپ دادىسىنىڭ ئالدىدىن بىر-بىر ئۆتكۈزدى. رەڭگى - رۇخسارى، مىجەز - خۇلقى، روھىي ھالىتىگە قاراپ دادىسى قىرىق مەھرەمنى ئىشەنچلىك تاپتى. بىرىگە كەلگەندە خان غوجىغا ئېيتتىكى:



بالام قىرىقى يارادۇر،
مۇنۇ بىرى قالادۇر.
چۈنكى كۆزى ئالادۇر،
دۇر[1]لىرىمۇ قارادۇر.
ئۇنى جەڭگە ئېپ چىقساڭ،
بەلكىم باشقا بالادۇر.

ئابدۇراھمان خان غوجا دادىسىنىڭ سۆزىگە قايىل بولمىدى.

— ئى ھاجىم دادىكا! بۇنىڭ ئېتى ئىسمائىل. يەتتە يېشىدىن ئاش - تۇزۇمنى يەپ چوڭ بولغان بىر يېتىم. ئۇ ماڭا ئىشەنچلىك، — دېدى ۋە يەنە ئېيتتىكى:

ئىسمائىلدۇر قاناتىم،
قاناتىمدۇر ھاياتىم.
مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلسام،
قولدا تۇرماس نىجاتىم.
ئۇنى سەپتىن ئالماڭىز،
شۇبھە ئىچرە قالماڭىز.
دۇئا بېرىڭ، جان دادا،
ھەق ئالدىغا يولىڭىز.

دادىسى خان غوجىنىڭ لەۋزىنى قايتۇرالمىدى، ئاخىر:

---

① دۇر — چىش.

يول بولسۇن، بالام —
يول بولسۇن،
پېشانەڭدە نۇر بولسۇن.
مەھرەملىرىڭ، ھەمدىمىڭ،
خىزىر ساڭا يار بولسۇن.
ئەل - يۇرتۇڭنىڭ ئۇمىدى،
قورالىڭغا قول بولسۇن.
پىيالىمنىڭ چۆلىمۇ،
ئىزىڭ يەتكەچ گۈل بولسۇن.

دەپ دۇئا ئەيلىدى.

خان غوجا دادىسى بىلەن خوشلىشىپ، پىيالىمغا قاراپ يول ئالدى. پىيالىمغا يېقىن كەلگەندە، دۈشمەنگە جەڭ ئېلان قىلىشقا ئىسمائىلنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئىسمائىل پىيالىمغا كىرىشى بىلەنلا چېرىكلەر ئۇنى باغلاپ ئېلىپ ماڭدى. ئامبال ئۆزۈندىن بېرى ئىسمائىلغا كۆز سېلىپ يۈرەتتى. ئۇ ھەييارلىق بىلەن ئىسمائىلنى قۇچاقلىدى. پۇت - قولىنى يەشتۈرۈپ، چوڭ زىياپەت ئۇيۇشتۇردى. ئوڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئىسمائىلغا ئېيتتىكى:

ئەي ئىسمائىل قاندىشىم،
قايسى شەيتان ئازدۇردى؟
مەزھىپىڭدىن قايتۇرۇپ،
بىزگە ئورا قازدۇردى؟
داداڭ بىلەن بىر سەپتە،
ئىدۇق بىزلەر بىر چاغدا.
سېنى ئولجا قىلغانتى،

يەتتە ياشلار ۋاقتىڭدا...
داداڭنىمۇ ئۆلتۈرگەن،
غوجا نەسلى ئەمەسمۇ؟
ئاكاڭنىمۇ ئۆلتۈرگەن،
ئاشۇ پەسلەر ئەمەسمۇ؟
ئۇنتۇدۇڭمۇ قىساسنى،
ئەگەشكىنىڭ نىمىسى؟
قاراپ تۇرغىن ئۇلارنىڭ،
قانغا پاتار ھەممىسى.
ۋاقىت ـ پۇرسەت غەنىيمەت،
ئەقلىڭنى يىغ ئۆزۈڭگە.
قىلغىل ئەمدى بىر خىزمەت،
قۇلاق سالغىن سۆزۈمگە.
ئابدۇراھمان پاشانىڭ،
كاللىسىنى ئېلىپ كەل.
ياكى نەيزەڭ ئۇچىدا،
يۈرىكىنى تىلىپ كەل.
مانا تەييار سوۋغاتلار،
سەكسەن يامبۇ ئالسەن.
بىز خوتەنگە بارغاندا،
ئارامباغدا ياتسەن.

ئامبال سەكسەن يامبۇنى ئىسمائىلنىڭ ئالدىغا قويدى. ئىسمائىلنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى، خان غوجىدىن رىشتىسى ئۈزۈلدى، يامبۇغا سېتىلدى، ۋەدە بېرىپ ئۇلارغا قېتىلدى.

ئابدۇراھمان پاشانىڭ،
ئىشەنچىسى مەندىدۇر.

كاللا بىزنىڭ دەۋىرلىك،
ئامانەت ئۇ تەندىدۇر.

ئىسمائىل نىقابنى يۈزىگە تارتتى، ئىپلاسلىق بۇرچىنى يەلكىسىگە ئارتتى، خان غوجامغا كېلىپ، ھىيلىگەرلىك بىلەن شۇنداق دېدى:

قۇلاق سېلىڭ بۇ گەپكە،
باردىم دۈشمەن تەرەپكە.
چېرىكلىرى ساناقسىز،
ھېچبىر ئەمەس ياراغسىز.
ئېگىز سېپىل سوقۇپتۇ،
چۆرىدەپ تۆمۈر توقۇپتۇ.
مەھكەم ساقلاپ ياتاركەن،
ھەر ياڭزا ئوق ئاتاركەن.
ئۇلارغا تەڭ كۈچ بولماس،
كۈچ بولسىمۇ دۈچ بولماس.
ئۇرۇشمايلى، كېتەيلى،
ماكانغا تېز يېتەيلى.
يا ئۇلارغا ئەل بولۇپ،
ئامراقلىشىپ كېتەيلى.

خان غوجىنىڭ ۋۇجۇدى غەزەپكە تولدى. دادىسىنىڭ مەسلىھەتىنى ئەسلەپ ئىسمائىلدىن كۆڭلى دەرگۇمان بولدى. ئەقىل قۇشلىرى پىيالىمغا قاراپ ئۇچتى. ئىسمائىلغا ئۇخلاشقا ئىجازەت بېرىپ، قۇرئەنداز بوۋاي ئەمەتخاندىن مەسلىھەت سورىدى. كېچەش بويىچە، ئىسمائىلغا تۈيدۈرماي، قالغان ئەزىمەت-

لىرى بىلەن دەرھال جەڭگە ئاتلىنىش قارارىغا كەلدى. مەـسۇمخان بىلەن سۇدۇرخانمۇ ئىككى يۈزدىن ئاتلىق چەۋەندازـلىرى بىلەن تەييار بولدى. خان غوجا ئاق بوز تۇلپارغا مىنىپ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، پىيالمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن دۈشمەن توپىغا بېسىپ كىردى:

ئارغىماقلار ئاتلاندى،
چېرىك بېلى قاتلاندى.
بىرىنچى رەت ئېلىشتا،
سەكسەن چېرىك پاتلاندى.

ئىككى ـ ئۈچلەپ نۆۋەتتە،
يۈزلەپ ئۆلۈك سەپ بولدى.
پىيالمىدا دۈشمەنگە،
جان ساقلىماق گەپ بولدى.
......
ۋاقتى سائەت ئىسمائىل،
تۇردى چۆچۈپ ئورنىدىن.
ھارام نىيەت، شۇم پېئىل،
خەنجەر ئالدى قوينىدىن.

ماڭدى چىغىر يول بىلەن،
پىنھان تۇتۇپ ئۆزىنى.
مەخپىيەتتە پاشانىڭ،
چەنلەپ ئاتتى كۆزىنى.

ئىسمائىلنىڭ قولى تىترەپ ئاتقان ئوقى خان غوجامىنىڭ

ئوڭ يوتىسىغا تەگدى، خان غوجام قانسىراپ ئاخىر ئاتتىن يىقىلدى، كۆزىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، يېنىدا قىلىچىنى تەڭلەپ ئىسمائىل تۇراتتى:

— ھەي ئىسمائىل، بىلمەدە ئون يەتتە بەرى دۇردۇنۇم بار، بىر بەرىسىنى يىرتىپ يوتامنى تېڭىپ قوي، — دېدى.

ئىسمائىل ئېيتتىكى:

سەندىن قىساس ئېلىشقا،
ئەزرائىل بولۇپ كەلدىم.
بېشىڭ تەندىن جۇدادۇر،
پەيمانغا تولۇپ كەلدىم.

ئىسمائىل خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ خان غوجامنىڭ گېلىغا ئۇرماقچى بولدى.

خان غوجا ئېيتتىكى:

— ھەي ئىسمائىل، بىردەم تەخىر قىلغىن، جان ئالساڭ-مۇ نامەردلىك بىلەن ئالما، — دېدى - دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ غەزەپ نەيزىسىنى ئىسمائىلنىڭ كۆزىگە قادىدى، مۇناجات ئو-قۇپ پىيالىمىنى لەرزىگە سالدى:

ۋادەرىخا ! بىر چايانىنى بىلمەيىن ئاسراپتىمەن،
مۆھتەرەم ھاجىم دادامنىڭ ھەق سۆزىن ئۇقماپتىمەن،
كۆزلىرىم ئويغاق تۇرۇپ، غەپلەت ئارا ئۇخلاپتىمەن،
بىر قاۋاننى ئۆز بالام دەپ قەدىرلەپ ساقلاپتىمەن،
ھەق گۇماننى تەرك ئېتىپ، ناھەقنى مەن ياقلاپتىمەن.

كەلسە ئالدىمغا خۇشامەت بىرلە، يادەك ئېگىلىپ،

چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، ھى ـ ھىلىسا يالغان كۈلۈپ،
كۈلكىسى، جا جىلۋىسىنى مەن نادان راست دەپ بىلىپ،
ئىلتىپات ئەيلەپتىمەن، ئوبدان كىيىم، ئاش ـ نان بېرىپ،
پەيلى ياتنىڭ شۇملۇقىنى ھېچقاچان بىلمەپتىمەن.

ئاسرىساڭ ئادەم بالاسى، ئاغزى ـ بۇرنۇڭ قان ئېتەر،
بوۋىلارنىڭ بۇ سۆزىن ھېكمەت چىراغى شان ئېتەر،
ياتقا ئاشكارا ئەيلىسەڭ، سىرىڭنى ئول پەيمان ئېتەر،
دۈشمىنىڭگە دىل بېرىپ، باشىڭنى راست پايخان ئېتەر،
سىر تۇتۇش ئالتۇن ئىكەنكىم، قەدرىگە يەتمەپتىمەن.

مەيلى، ئىسمائىل، نىخۇيكى ئادەمىي ئاڭنى يوقات،
مەيلى كەس كاللامنى ياكى كۆكرىكىمگە نەيزە ئات،
مەن ئۆزۈم ئادەم تۇرۇپ كۈتمەسمەن ئىتتىن ئىلتىپات،
يات ياۋۇز ئاسراندىدىن داد، پەندىيات، مىڭ پەندىيات،
لەنىتى، بىلسەڭ ساڭا شۇنداق جاۋاب بەرمەكچىمەن.

ئىسمائىل بەزگەكتەك تىترەشكە باشلىدى، كۆزىنى يۇ-
مۇپ، زەھەرخەندىلىك بىلەن خان غوجامنىڭ گېلىغا شۇنداق
ئۇرغاندى. قىلىچ ئورغاقتەك ئېگىلىپ كەتتى. خان غوجام
يەنە بىر قېتىم بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەل ـ يۇرتى بىلەن
خوشلاشماق بولۇپ شۇنداق مۇناجات ئېيتتى:

ئادەمزاتنىڭ كۈلمىكى باردۇر،
ھامانەم بىر كۈن ئۆلمىكى باردۇر.
مېنىڭ بۈگۈن ئۆلەر كۈنۈمدۇر،
ئانا تۇپراقنى سۆيەر كۈنۈمدۇر.

رازى بولغايسىز، ئاتا ـ ئانىلار،
جاندىن ئەزىزلەپ سۆيگەن، بالىلار.
رازى بولغاي، ئول پىرۇ ئۇستازىم،
باش ئېگىپ قىلاي ئۇنىڭغا تەزىم.
رازى بول، مېنىڭ ئەزىمەتلىرىم،
مېنى ئۆستۈرگەن ئەزىز يەرلىرىم.
رازى بول، تاغ ـ تاش، دەريا ـ قىرغاقلار،
رازى بول، ئەل ـ يۇرت، يېقىن ـ يىراقلار....
سىلەرگە كۆزۈم قانداقمۇ قانار،
ئويلىسام باغرىم ئوت بولۇپ يانار.
قەسەمياد خەلقىم، تۇغۇم ئالدىدا،



ئۆلسەم، ئۆچلىرىم بولمىغاي ئادا.
قىساس قىلىچىم سىزگە ئامانەت،
ئەلۋىدا، ئەلۋىدا، ئەلۋىدا ! ...

ئەلقىسسە، ئىسمائىل ئاخىرقى مەرتە خەنجىرىنى سۇغۇ - رۇپ خان غوجىنىڭ يۈرىكىگە سانجىماقچى بولۇپ تۇرغاندا، بوراندەك ئات ئوينىتىپ كېلىۋاتقان قوشۇننى كۆرۈپ قالدى - دە، دەرھال كۆزدىن غايىب بولدى. مەسۇمخان بىلەن سۇدۇرخان يېتىپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، خان غوجام قان دەرياسى ئىچىدە بىھوش يېتىپتۇ. ئۇلار ئۇكىسىنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ئېتىپ زار - زار بوزلىنىپ خان غوجامنىڭ بېشىنى يۆلىدى. خان غوجام تەسلىكتە جىلغا تەرەپنى ئىشارە قىلدى. مەسۇمخان ئېتىغا مىنىپ جىلغا تەرەپكە قۇيۇندەك ئۇچتى. ھايال ئۆتمەي ئىسمائىلنى ئاتقا سۆرىتىپ ئەكەلدى. خان غوجام كۆزىنى ئاران ئېچىپ:

— بۇ مەلئۇننى ئىلچى ئەھلىگە تاپشۇرۇڭلار، — دېدى - دە، كۆزىنى مەڭگۈلۈك يۇمدى.

ئېگىز چىنار يىقىلدى،
گۈلدۇرماما چېقىلدى.
نالە - پەرياد ئۇستىگە
قايغۇ - ماتەم قېتىلدى.
شېھىت بولغان باتۇرنىڭ
ئېگەكلىرى چېتىلدى.
ھەر يۈرەكتىن غەزەپنىڭ
ۋولقانلىرى ئېتىلدى.
مەسۇم، سۇدۇر كۆز يېشى،

سەل ـ يامغۇردەك بىلىندى.
خان غوجامنىڭ جەسىتى،
تەختىراۋانغا ئېلىندى.
مەھرەملەرنىڭ مىلتىقى،
تەتۈر قىلىپ ئېسىلدى.
تۇغ ـ ئەلەملەر ئېگىلىپ،
جىنازىغا يېپىلدى.
تەتۈر كىيىپ ئېگىنىنى،
يولدا ساما سېلىندى.
كەڭ باياۋان قۇچىقى،
پىر قىيامەت قىلىندى.
چاقماق چېقىپ ئاسماندا،
دۇررى مونچاق تۆكۈلدى.
گويا قات ـ قات بۇلۇتلار،
چاك ـ چېكىدىن سۆكۈلدى.

مەسۇمخان بىلەن سۇدۇرخان جىنازىنى قولدىن ـ قولغا تالىشىپ شەھەرگە ئېلىپ مېڭىۋاتقان ھازىدارلارغا قاراپ ئېيتتىكى:

— ئەگەر ھاجى دادىكام بىلەن ئاغىچى ئانىكام سوراپ قالسا:

ئۇنچە ـ مارجان چېچىلدى،
تېرىپ بولماي كەچ قالدۇق.
سەگە تېرەك يىقىلدى،
يۆلەپ بولماي كەچ قالدۇق.

دەپ جاۋاب بېرىڭلار، ـــ دېدى.

جىنازا ئىلچى دەرۋازىسىدىن كىردى. خان غوجامنىڭ ئانىسى ئېگىز مۇنارغا چىقىپ پىيالما تەرەپتىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغىنىغا ساق ئۈچ كۈن بولغانىدى. بىردىنلا بىر جىنازا ئالدىدا ئىككى ئوغۇلنىڭ ئېگىنىنى تەتۈر كىيىپ ساما ئىچرە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، «ئاھ» دەپ يىقىلدى. سۈڭرە جىنازىغا ئۆزىنى ئېتىپ شۇنداق بوزلىدىكى، ئۇنىڭ مىسكىن زارىدىن يەر يېرىلىپ، تاغۇ تاشلار ئېرىپ كەتكەندەك بولدى:

بۈگۈن ئۇلۇغ جۈمە كۈن، بالام،
ماڭا بولدى قارا تۈن، بالام،
يېشىم ئاقتى يۈزۈمگە، بالام،
زۇلمەت پاتتى كۆزۈمگە، بالام،
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم.

نادىرخان غوجام،
قۇلاق سالغىن سۆزۈمگە، بالام،
تويۇۋالاي يۈزۈڭگە، بالام،
جىنازاڭغا باش قوياي، بالام،
جامالىڭدىن گۈل ئوياي، بالام،
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم.

نادىرخان غوجام،
ھەزرەتھاجىم، دادىڭىزنى، بالام،
ئاخۇن ئاغىچا ئانىڭىزنى، بالام،
بەش ناتىۋان بالىڭىزنى، بالام،

پۈتمەس دەردكە قويدىڭىز، بالام،
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم.

نادىرخان غوجام،
ئوك يېنىڭغا قارىسام، بالام،
مىلتىقلىرىك ئېسىقلىق، بالام،
سول يېنىڭغا قارىسام، بالام،
قىلىچ، نەيزەڭ تىزىقلىق، بالام.
جىنازاڭنىڭ ئۈستىگە بالام،
ئالتۇن تۇغۇڭ يېپىقلىق، بالام،
باش ـ كۆزۈڭگە قارىسام، بالام،
ئېگەكلىرىك تېڭىقلىق، بالام،
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم.

نادىرخان غوجام،
سۇلار كەتتى، ساي قالدى، بالام،
ئىگىسى يوق جاي قالدى، بالام،
دادىسىدىن ئايرىلغان، بالام،
بەش قۇلۇنۇڭ ـ تاي قالدى، بالام.
ئالما، ئانار ئۈزۈلدى، بالام،
ئەمدى قۇرۇق باغ قالدى، بالام،
پاشا غوجام كەتتى دەپ، بالام،
يۈرىكىمدە داغ قالدى، بالام،
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم.

نادىرخان غوجام،
پىيالىغا بارغاندا، بالام،

تاشلار تەكـي بولدىمۇ، بالام،
ئاستىڭىزغا سالغاندا، بالام،
يانتاق كۆرپە بولدىمۇ، بالام،
ئۈستىڭىزگە ياپقاندا، بالام،
قامغاق يوتقان بولدىمۇ، بالام،
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم.

نادىرخان غوجام،
تاغۇ تاشلار تەۋرەيدۇ، بالام،
بۇلبۇل مۇڭلۇق سايرايدۇ، بالام،
غەمگە پاتقان لەشكىرىڭ، بالام،
خان غوجام دەپ يىغلايدۇ، بالام،
ھاۋادىكى ئاق بۇلۇت، بالام،
ساڭا ماتەم تۇتۇپتۇ، بالام،
غېرىب - غۇرۋا ئەۋلادىڭ، بالام،
زەھەر - زوقۇم يۇتۇپتۇ، بالام،
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم.

نادىرخان غوجام،
ئېغىلدىكى بوز ئېتىڭ، بالام،
ئوت سېپ بەرسەم يېمەيدۇ، بالام،
قوتاندىكى كالاڭمۇ، بالام،
سېنى ئىزدەپ مۆرەيدۇ، بالام،
ئاسماندىكى تورغايمۇ، بالام،
ساڭا نەزمە توقۇيدۇ، بالام،
تاغلاردىكى قۇشلارمۇ، بالام،

مەرسىيەڭنى ئوقۇيدۇ، بالام،
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم.

نادىرخان غوجام،
ئالا تايغان كۇچۇكۇڭ، بالام،
كۆككە قاراپ ھۇۋلايدۇ، بالام،
ئايۋىنىڭدا ئاسلانلار، بالام،
مياۋلىشىپ يىغلايدۇ، بالام،
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم.

نادىرخان غوجام،
تىنچ ياتقىن گۆرۇڭدە، بالام،
يۇرتۇڭ ماڭار يولۇڭدا، بالام،
قارا زۇلمەت تەختىنى، بالام،
كۇل قىلارمىز، ئوتۇڭدا، بالام،
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم.

نادىرخان غوجام،
مەھشەرگاھقا بارغاندا، بالام،
خۇدا قازى بولغاندا، بالام،
دەۋاغا تىك تۇرارمىز، بالام،
دۈشمەندىن خۇن سورارمىز، بالام،
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم.
نادىرخان غوجام،
ئاھ ھەسرىتا، خان بالام !
ئاھ نادامەت، جان بالام ! ! !

# مايىمخان

(تارىخىي داستان)

1830 - يىلى ياز ئايلىرى، غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالى تەرىپىدىكى دۆڭگە قاراپ كىشىلەر توپى سەلدەك ئېقىپ كېتىپ باراتتى. بۇ كىشىلەر ئارىسىدا يېزا - يېزىلاردىن كەلگەن دېھقانلار، شەھەر ھۈنەرۋەنلىرى، نامراتلار، ئۇششاق ئېلىپساتارلار، بىكار تەلەپلەر، ھەتتا تىلەمچى گادايلارمۇ بار ئىدى. توپنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۆت - بەش چېرىك قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، ئەتراپتىكىلەرگە ھەيۋە كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا پۇت - قولىدا ئىشكەل - قۇلۇپ، بوينىدا ئېغىر قوۋۇق، چاچلىرى چۇۋۇلغان، رەڭگى تاتارغان، يوغان - يوغان قوي كۆزلىرىدە غەزەپ - نەپرەتنىڭ ئۇچقۇنى قېتىپ قالغان بەستلىك بىر قىز يىراقتا تىكىلگىنىچە ناخشا ئېيتىپ كېتىۋاتاتتى:

ئۆلۈم كەلدى بېشىمغا،
ئون سەككىز يېشىمدا.
يامۇلدىن يالاپ چىقتى،
ئاتا - ئانام يوق قېشىمدا.
ئاتمىش يامبۇنى ئېلىپ،
شەنگەن دارىن تويامدۇ؟!

مايىمخاننى ئۆلتۈرسە،
خۇنى ئۇنى قويامدۇ ؟ !...

مانا بۇ زالىم ھۆكۈمرانلارغا، يەرلىك بەگ ـ غوجاملارنىڭ زۇلمىغا قارشى ھۆرلۈك ـ ئەركىنلىك ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە پاك مۇھەببىتى ئۈچۈن قايناپ چىققان، ئەل ئارىسىدا تا ھازىرغىچە قۇتلۇق نامى يادلىنىپ كېلىۋاتقان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك، باتۇر قىزى، قوشاقچىسى مايىمخان ئىدى.



ئۇ ئۆزىنىڭ ئون سەككىز ياشلىق سۇبھى چېغىنى چېرىكلەرنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدا ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتۇردى. ئۇ ئۆلدى، ئەمما ئۇنىڭ باتۇرلۇقى، ئۇنىڭ مۇڭلۇق ۋە جۇشقۇن ناخشا ـ قوشاقلىرى ئۆلمىدى. ھازىرغىچە ئەلنى يېزىلىرىدا، ئەل ئارىسىدا ئېيتىلىپ يۈرگەن بېيىت ـ قوشاقلار بۇ ئەر يۈرەك ئەل قىزىنىڭ ئەل قەلبىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ:

تېكىلىخان تۆپەسىدە،
ئۇچۇپ يۈرىدۇ قۇشلار.
مايىمخاننى ئۆلتۈرسە،
ئىزىنى باسار ياشلار!...

تېكىلىخان ــــ غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىنەملىك ئېگىز چوققا. ئۇنىڭ ئاستىدا قەدىمىي ئۇيغۇر يېر-زىلىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن. تارىختىكى مەشھۇر «ئاقئۆستەڭ» ئەنە شۇ تېكىلىخان ئاستىنى بويلاپ كۇنپېتىش-قا قاراپ ئېقىپ ئۆتىدۇ.

مايىمخان ئەنە شۇ ئاقئۆستەڭ بويلاپ جايلاشقان، غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى يېزىلارنىڭ بىرى بولغان دادامتۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ 1812 - يىللىرى بولۇپ، بۇ چاغدا ئىلىدا مەنچىڭ خانىدانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

توختى باقى ــــ ئەنە شۇ دادامتۇ يېزىسىدىكى دادىخان، يەنى باشقىلارغا ياللىنىپ ئىشلەيدىغان دېھقان ئىدى. ئۇ يەنە ناخشىچى ۋە سازەندە ئىدى. مايىمخانىنىڭ ئانىسى ئازنىخانمۇ بايلارنىڭ ئۆيىدە چاكار ئىدى. توختى باقى ئاخشىمى ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي ئۆيىگە كەلگەندە، كاڭنىڭ ئۈستىگە چىد-قاتتى - دە، كونا، نەچچە يېرىدىن يېلىم بىلەن ئاران تۇت-قۇزغان دۇتارىنى ئېلىپ سازلايتتى ۋە مانتا ئوچاق ئالدىدا مەڭگەن قالاپ ئولتۇرغان مايىمخان قىزىغا قاراپ ناخشا باشلايتتى. بۇ چاغدا ئازنىخان تاماققا تۇتۇش قىلاتتى. توختى باقىنىڭ ئۇششاق باللىرى خۇددى ئاسلانلاردەك قاپقارا كۆز-لىرىنى پىلدىرلىتىپ دادىسىغا قارىشىپ ئولتۇرۇشاتتى:

ھاۋا تۇتۇلۇپ چىقتى،
قار - يامغۇرلار ياغقىلى.
ياراتقانمۇ خۇدايىم،
ھەممە دەردنى تارتقىلى.

ئاتلارنى توقۇپ قويدۇق،
چىۋ ئۇلاڭنى تارتماي.

بۇ دەردلەرنى كىم تارتسۇن،
سېنىڭ بىلەن مەن تارتماي.

دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەردىم ئىچىمدە بىر تۇلۇم.
ھەممىگە قادىر خۇدا،
بار پەقەت بىرلا ئۆلۈم !...

كىچىك مايىمخان ئاتىسىنىڭ بۇ ناخشىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى ۋە ئۇنى تېزلا يادلىۋالاتتى. توختى باقىنىڭ ئۇششاق بالىلىرى ئارىسىدا مايىمخان ئالاھىدە مىجەزلىك، ئەقىللىق ــ ھوشيار قىز ئىدى. توختى باقىنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، كىچىكىنىڭ ئىسمى مىنىخان ئىدى. مايىمخان كىچىكىدىن تارتىپلا ئىدراكلىق، ناخشىغا ھېرىسمەن قىز بولغاچقا، ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا دادىسىدىن دۇتار چېلىشنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇنىڭ ئىشلىرى ئائىلىسىدىكىلەرنىلا ئەمەس، مەھەللە، قولۇم ــ قوشنىلىرىنىمۇ ھەيران قالدۇراتتى. ياشانغان مومايلار ياقىسىنى تۇتۇپ، ئازنىخانىغا: «توۋا، بۇ قىزىڭىز باشقا ئىقلىمدىن، بۇنىڭ ئەقلىگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، كۆز تەگمىسۇن، تىلتۇمار ئېسىپ قويۇڭ !...» دېيىشەتتى.

مايىمخان ئۆز يېزىسىدا ئۇن يېشىدىلا ساۋاتىنى چىقىرىپ بولدى، ئۇنىڭ ئەقىل ــ ئىدراكى موللىسىنى ۋە ساۋاقداشلىرىنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

يىللار بىلىنمەي ئۆتۈپ كەتتى. مايىمخان كۈندىن ــ كۈنگە ھۆسنىگە تولۇپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى ئۆزىگە تارتىدىغان بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئۇ يۇرتنىڭ ھۆكۈمدارى ـــ ھامۇتبەگ دېگەن قانخورنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالغاندىن بۇ-

يان ئەركىدىن ئايرىلغانىدى. هامۇتبەگ ئۇنىڭ پىيىگە چۈشـ-
كەندى. هامۇتبەگ — بۇ يەرنىڭ يۈزبېشى بولۇپ، ئۇنىڭ
سادىق تاز دېگەن قولچومىقى بار ئىدى. بۇ ئىككىسى دادامتۇ
يېزىسىنى ئۆز ئالىقىنىمىزدا دەپ بىلىشەتتى. شۇڭا هامۇتبەگ
كۆزى مايىمخانغا چۈشكەندە يۇرت چوڭلىرى ئېغىر خورسىنـ-
غان ۋە بۇ يالماۋۇزنىڭ ئاغزىدىن بىچارە مەسۇمە قىزنى قۇ-
تۇلدۇرۇۋېلىشنى ئويلاشقانىدى. هايات دېگەن سىرلىق مۆ-
جىزات. بىر «سىرلىق» تەدبىر نېمىلا بولمىسۇن بۇ يالماۋۇز-
نىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. بۇ ھەقتە كېيىنرەك سۆز بېرىمىز.

مايىمخانچۇ؟ ئۇ تەبىئەتنىڭ قۇدرەتلىك قولى بىلەن ئاللا
ئۆزگە ئاتا قىلغان گۈزەل جامالىنى تالا - تۈزدە كۆپ نامايان
قىلمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە يوشۇرۇن بىر ئوت كۆ-
يەتتى. ئۇ بۇ مەھەللىدىكى يولداش ئاكىنىڭ ئوغلى هېيتىبا-
قىغا كۆيەتتى، ئۇ بويىغا يېتىپ، يېزىلارنىڭ قەدىمىي ئادىتى
بويىچە، تالا - تۈزگە چىقىشى چەكلەنگەندىن كېيىن خىيالەن
هېيتباقنى كۆرەتتى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشاتتى، سىردىشات-
تى، ئۇنىڭ بىلەن مەكتەپتە بىللە بولغان كۈنلىرىنى ئويلايت-
تى. تېخى يېقىندىلا ئۇلار مەكتەپكە بىللە بارغان، يانمۇيان
ئولتۇرۇپ، مولليسىدىن دەرس ئاڭلىغانىدى. ئۇلار بىر - بى-
رىگە شۇنچىلىك ئېچىل - ئىناق ئىدىكى، بىردەم كۆرۈشمىـ-
سە تاقەتسىزلىنىپ كېتەتتى. قايسىسى مەكتەپكە بالدۇر ماڭ-
غان بولسا، قېرى سۆگەت تۈۋىدىكى دوقمۇشتا يەنە بىرىنى
ساقلاپ تۇراتتى. بۇ ئاجايىپ شېرىن چاغلار ئىدى...

شۇنداق قىلىپ كۈنلەر ئۆتۈۋەردى. ئىككى ياشنىڭ قەل-
بىدىكى ئوتمۇ ئۇلغىيىۋەردى. دەۋرنىڭ زۇلمى، تۇرمۇش دەر-
دى، ئالۋان - سەيسىلەرمۇ بۇ ئىككى ياشنىڭ ساپ مۇھەببى-
تىگە سايە تاشلىيالمىدى. ياۋاش ۋە كەم سۆز هېيتباقى ئۆز



دەردىنى ئۆزى بىلىپ، ئىشقىنى پىنھان تۇتۇپ يوشۇرۇن كۆ-
يۈپ يۈرىۋەردى. ئۇلار بىر - بىرىگە قانداقمۇ سۆز ئېيتالى-
سۇن؟ ! ... مۇھەببەت ئۇلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ،
سۆز كەپتەرلىرىنى ئۇچۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇن - تىنسىز ئۇچرى-
شىش، بىر - بىرىگە مەنىلىك بېقىش ئۇلارنى ھەم ئازابلايت-
تى، ھەم چەكسىز لەززەتلەندۈرەتتى. ئازابلانغان قەلب ئەركىن
مۇھەببەتكە ئىنتىلەتتى. مۇھەببەت، سەن ئۇلارنىڭ قەلبىگە
نۇر بەرگىن ! مۇھەببەت، سەن ئۇلارغا كۈچ، ئىرادە ۋە ئەر-
كىنلىك ئاتا قىل ! ئۇلار ئەبەدىي بىللە بولسۇن، مۇھەببەتلىك
ناخشىلارنى بىللە ئېيتسۇن:

سەھەردە ئويغىنادۇرمەن،
يىلاندەك تولغىنادۇرمەن.

مۇرادىمغا يېتەرمەن دەپ،
ئىگەمگە يالۋۇرادۇرمەن.

بېرىشىڭنى باغدا كۆردۈم،
يېنىشىڭنى كوچىدا.
كوچىدا باسقان ئىزىڭ،
بولدى كۆزۈمگە تۇتىيا.
......

ئەمما، قەيەردە گۈزەللىك بولسا، شۇ يەردە رەزىللىك بار. هامۇتبەگ مايىمخاننىڭ كويىدا ئىدى. مايىمخاننىڭ بۇغداي ئۆڭ ئىللىق چىرايى، قىياقتەك قاشلىرى، قارىقاتتەك قاپقارا ئوماق كۆزلىرى ئۇنى كېچىلىرى ئۇيقۇدىن بىدار قىلاتتى. ئىنتىلگەن نەرسىگە قول يەتمىگەنسېرى تاتلىق بولىدۇ. هامۇتبەگ قولى بۇ تاتلىق شاپتۇلغا يەتمىگەنسېرى شېخىنى يەرىشنى ئويلايتتىيۇ، بىراق ئاقىۋىتىدىن قورقاتتى.

هامۇتبەگنىڭ دانا ئاغىچا دېگەن ئايالى بار ئىدى. هامۇتبەگنىڭ «قوقىقى» ئەنە ئاشۇ ئايالى ئىدى. دانا ئاغىچا ھەقىقەتەن «دانا» بولۇپ، ئۇ شەنگەن دارىن بىلەن يېقىن ئىدى. شەنگەن دارىن پات ـ پات دادامتۇ يېزىسىغا چىقىپ ئاغىچا خېنىمنىڭ داستىخىنىدا مېھمان بولۇپ، كۆڭۈل ئېچىپ تۇراتتى. شۇڭا، دانا ئاغىچا هامۇتبەگدىن كۈچلۈك ئىدى. ئازراق ئىش بولسىلا، ئاغىچا خېنىم: «شەنگەن دارىنغا ئېيتىمەن» دەپ هامۇتبەگنىڭ پۈتىنى بوغاتتى. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن هامۇتبەگ مايىمخانغا شۆلگىيىنى ئېقىتىپ يۈرەتتى...

مايىمخان تالا ـ تۈزگە چىقمىغاندىن كېيىن، ھېيتباقى تېخىمۇ جىمغۇر بولۇپ كەتتى. ئۇ پەقەت ئۆز دەردىنى ناخشا قىلىپ ئېيتىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى:

نوغايتۇنىڭ غولىدا،
تورغاي تولا سايرايدۇ.
خۇدايىم قوشقان بىزنى،
دۈشمەن قانداق ئايرىيدۇ.

ئىشىكىڭدىن تولا ئۆتتۇم،
سۆگەت شاخىنى تۇتۇپ.
چىقمايسەن تالا ـ تۈزگە،
مەن يۈرىمەن قان يۇتۇپ.

ئامرىقىم سېنى بار دەپ،
بېرىپ مەلەڭدە ئوينايمەن.
مەلەڭدە كۆرۈنمىسەڭ،
تاڭ ئاتقۇچە ئويلايمەن.

ئېچىلمايدىغان سىر بولمىغاندەك، ھېيتباقىنىڭ بۇ ناخشىلىرى ئۇنىڭ پىنھان يۈرەك سىرلىرىنى ئاشكارىلاپ قويدى.

بىر كۈنى ھېيتباقىنىڭ قۇردىشى ھەمرا مەشرەپ بېرىپ، «ئوتتۇز ئوغۇل» نى كۈتۈۋالدى. قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە بىر ـ بىرىگە پوتا تاشلاش، «غاز ئويۇنى»، گۈل چاي تۇتۇش، مۇھەببەتلىك بېيىت ـ قوشاقلارنى ئېيتىش... ئادەتلىرى بار ئىدى. شۇ كۈنى ھەمرا ئۆز نۆۋىتىگە كەلگەن «گۈل چاي» نى ئاغىنىسى ھېيتباقىغا مۇنداق قوشاقلارنى ئېيتىپ تۇتتى:

تاغدا يايلىغان كاللار
تاغنى ياد قىلىپ كەتتى.

بىللە ئۈينىغان باللار
ھەركىم قەدرىگە يەتتى.

ھويلاڭدىن موزاي چىقتى،
تەڭدىن تولىسى قاشقا.
ھېيتىباقى كۆيۈپ قاپتۇ،
مايىمخان قەلەمقاشقا.

كەكلىك تولا سايرايدۇ،
ئۆز تۈپىدىن ئايرىلىپ.
دوستۇم تولا يىغلايدۇ،
ئۆز جۈپتىدىن ئايرىلىپ.

ئالما ئاتسام ھاۋاغا،
يېنىپ چۈشتى دەرياغا.
ئەجەب كۆڭلۈڭ چۈشۈپتۇ،
قوش تېرەكلىك ھويلىغا.

تام ئۈستىگە تام سالدىم،
قىبلەسىنى كەلتۈرۈپ.
نېمە ئانچە يىغلايسەن،
يۈرەكىڭدىن ئاھ ئۇرۇپ...

ھەمرا بۇ قوشاقلارنى ئېيتقاندا، ھېيتىباقى مايىمخاننى ئويلاپ چىدىيالمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش ئېقىشقا باشلىدى. مەشرەپ ئەھلى، مەھەللە ياشلىرى ھېيتىبا- قىنىڭ دەرد - ھالىغا يېتىپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى تېزرەك

بىر تەرەپ قىلىشقا بەل باغلاشتى.

ھېيتباقىنىڭ ئاتىسى يولداش ئاكا مەھەللە ياشلىرىدىن ھېيتباقىنىڭ مايىمخانغا ئىچ ـ پەش تارتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، چۈنكى چوڭلار ئارىسىدىمۇ مايىمخانىنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرى، گۈزەل-لىكى، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىقى سۆز بولۇپ تۇراتتى. يولداش ئاكا ياشلارغا بۇ ئىشنى جەزمەن تېزلىتىشكە سۆز بەردى.

ھېيتباقچۇ؟ ئۇ كېچە ـ كۈندۈز مايىمخاننى ئويلاپ، كۆرۈشۈشكە تەشنا بولۇپ يۈردى. ئاخىر مايىمخانىنىڭ دوستى گۇلسۇمخاننى تېپىپ، ئۇنىڭدىن سالام خەت كىرگۈزدى. خەت ئىچىدە مۇنداق قوشاقلار بار ئىدى:

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
باغنىڭ چۆرىسى قورغان.
ئەجەبمۇ قاتتىق ئىكەن،
تەڭ ئۆسكەندىن ئايرىلغان.

باغىڭلار باراڭ ئىكەن،
ھويلاڭلار ساراي ئىكەن.
مەن سېنى كۆرەي دېسەم،
دۈشمەنلەر مارايدىكەن.

مېنى كۆرگەن دۈشمەنلەر،
باشقىلارنى كۆرمەيدۇ.
دۈشمەننىڭ سۆزى تولا،
كىشى دەردىنى بىلمەيدۇ.

باينىڭ ھويلىسى يوغان،
كىرىپ كۆرگىلى بولماس.
كۆڭلى چۈشمىگەن يارنى
ئويناپ، كۈلگىلى بولماس.

ئىشىكىڭدىن تولا ئۆتتۈم،
سۆگەت شاخىنى تۇتۇپ.
چىقمايسەن تالا ـ تۈزگە،
مەن يۈرىمەن قان يۇتۇپ.

دەريا ئەگىپ ئاقارمۇ،
ئېقىپ سۈيى تاشارمۇ؟
يارىم كىيگەن ئاچىمبەل،
مۈنداقمۇ ياراشارمۇ؟

مېنى يادىڭغا ئال، مايىم،
بۇ خېتىمنى كۆرگەندە.
ئون توققۇز قىلاي تەزىم،
سەن بىلەن كۆرۈشكەندە.

سەن بىلەن كۆرۈشكەندە،
كۆڭلۈم ئېيتمىسام بولماس.
كىشى بىلمەيدۇ دەردىمنى،
دەردنى تارتمىسام بولماس !...

مايىمخان بۇ سالام نامەنى ئېلىپ كۆزلىرىگە سۈرتتى.
لېكىن، ئۇ قايتا ـ قايتا ئوقۇغانسېرى ھېيتباقىنىڭ ئۆزىگە

نسبەتەن ئىشەنمىگەندەك تۇيغۇدا بولغانلىقىنى سېزىپ كۆڭلى پاراكەندە بولدى. بولۇپمۇ: «كۆڭلى چۈشمىگەن يارنى ئويناپ، كۆلگىلى بولماس» دېگەن قوشاقنى ئوقۇغاندا بۇلاقتەك كۆز لىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈلدى. ئۇ دۇتارىنى قولىغا ئې لىپ، ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان مۇھەببەت تۇيغۇلىرىدىنى ناخشىغا قېتىپ كۆڭلىنى بوشاتتى:

مەن بېلىمنى باغلىدىم،
هاۋا رەڭ ياغلىق بىلەن.
سىز تېخى گۇماندىكەنسىز،
مەن ئاشۇ ۋەدەم بىلەن.

قوش تېرەك ئاراسىدا،
قول بېرىشكەن كىم ئىدى؟
هەرگىز ئايرىلمايمىز دەپ،
قىلغان ۋەدىڭىز قېنى !؟...

كۆڭۈل بەرمىسەم سىزگە،
ئوت تەگمەس ئىدى جانغا.
ۋەدىگە ۋاپا ئىزدەپ،
يۈرەك پاتىدۇ قانغا.

كۆرۈنگەن قارا تاغدا،
ئات قارىدا ياغدى قار.
كۆڭلۈمنى بەرمەي دېسەم،
كىچىكلىكتە تۇتقان يار.

ھاۋا تۇتۇلۇپ چىقتى،
ئۆگزىڭىزدە قار بارمۇ؟
جاھاننى كېزىپ چىقسام،
سىزگە ئوخشاش يار بارمۇ؟ !

گۈل غۇنچىسى گۈللۈكتە،
كۈنگە قايرىلاي دەمدۇ؟
يار ئۆزىنى كۆرسەتمەي،
تىرىك ئايرىلاي دەمدۇ !...

ئىككىمىز تەڭ دىمەتلىك،
باغدا ئۆسكەن غۇنچىدەك.
ئايرىمىسۇن خۇدايىم،
لاچىن سوققان توشقاندەك...
......



مايىمخاننىڭ دوستى گۇلسۇمخان بۇ بېيىت - قوشاقلارنى ئاڭلاپ، دوستىنىڭ دەردىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدى. ئۇ بۇ ئەھۋاللارنى ھېيتباقىغا يەتكۈزگەندە، ھېيتباقىمۇ چىدىيالماي قالدى، ئەل - ئاغىنىلىرىگە ئېيتتى. ئەل - ئاغىنىلىرى يولداش ئاكىغا يەنە ئېيتىپ، ئىش (توي)نى تېزلىتىشتى.

شۇنداق قىلىپ، كۆز كۆنلىرىنىڭ خاسىيەتلىك بىر ئەتىگەنلىكى يولداش ئاكا ئەۋەتكەن بىر ئاقساقال بىلەن بىر ياشانغان ئايال ئەلچى توختى باقىنىڭ ئۆيىگە قول قوۋۇشتۇرۇپ كىرىپ كەلدى.

ئۇ زامانلاردا ئىلى يېزىلىرىدا توي - تۆكۈن باشقىچىرەك ئۆتكۈزۈلەتتى. ئالدى بىلەن قىز تەرەپكە ئەلچى بولۇپ ئەر - ئايال بىللە باراتتى. ئۇلار قىزنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ياخشى كىشىلەر، كەڭ ئېتىكىڭلارغا، تار قوينۇڭلارغا سىغىنىپ، ئىشىك ئېچىپ كەلدۇق. ئوبدان يۇرتۇڭلارغا، ئىسسىق ئۆيۈڭلارغا بالا قولۇن بېرەيلى دەپ كەلدۇق. بۇ ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان سۈننەت ئىكەن...» دېيىشىپ ئېغىز ئېچىشاتتى. بۇ چاغدا قىز تەرەپنىڭ كىشىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈچ قېتىم رەھمەت ئېيتاتتى، ئاندىن قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى. ئەلچىلەر ماقۇل جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈچ قېتىم رەھمەت ئېيتاتتى. ئەگەر قىز تەرەپ قوشۇلمىسا، يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلاتتى. ئەلچىلەر« خەير، ئوبدان بوپتۇ» دېيىشىپ قايتىشاتتى. ئىككى تەرەپ كېلىشسە، ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئايال ئەلچى قېلىپ ئەر ئەلچى ئۆزى يالغۇز قىز تەرەپكە باراتتى. تويلۇق سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئەر - ئايال ئەلچى بىللە بېرىپ، تويلۇق قەغىزىنى ئەكېلەتتى. ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاتىسى تويلۇق قەغىزىنى كۆر-

گەندە پېشانىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ: «پاھ، پاھ، پاھ، تويلۇقنى بولۇشچە ساپتا...» دەپ قوياتتى، ئاندىن توي رەسمىيەتلىرى باشلىناتتى.

ئۇ كەملەردە ھازىرقىدەك رەھمەت تەزىم يوق ئىدى. پەقەت ئوغۇل ئاتىسى قىز تەرەپكە بېرىپ: «رەھمەت، قىز بەرگىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت!» دەپ، قۇدىلار بىلەن تونۇشۇپ قايتىپ كېلەتتى. توي ئويۇن - كۈلكە، قىزىقچىلىقلارغا تولاتتى. قىز كۆچۈرگەندە، ئوتتۇز ئوغۇل نىكاھقا ماڭغاندا، ساندۇق ئېلىپ ماڭغاندا، مەھەللىنىڭ بالىلىرى ئارقان بىلەن يول توسۇپ، پۇل، مال ئالاتتى. قىز ھۆجرىسىغا كىرگەندە «چاپان يېشىش»، «ئۆتۈك يېشىش»، «ياغلىق يېشىش» قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئادەتلەر ئورۇندىلاتتى، يىگىت ئۆتۈكنى قىزنىڭ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ قويۇپ قوياتتى. بۇ «قىز ئايىغىمدىن ئەگىپ كېتەلمىسۇن!» دېگەن مەنىدە ئىدى.

ئىككى ئەلچى توختى باقىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئاشۇ رەسمىيەتلەرنى بېجىرگەندە، توختى باقى بىلەن ئازنىخان خۇشاللىق بىلەن «ماقۇل» جاۋابىنى بېرىشتى.

شۇنداق قىلىپ، ئاخىر ئاشۇ زۇلۇم - زوقۇم ھەددىدىن ئاشقان، ئەركىنلىك - ھۆرلۈكتىن مەھرۇم بولغان خارابە يېزىدا يەنىلا تەقدىرنىڭ كۈچلۈك قولى بىلەن ئىككى تەشنا يۈرەك، ئىككى تامچە بۇلاق سۈيى قوشۇلدى. لېكىن، بۇ خۇشاللىق كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى. «ئاي - ھاي ئۆلەڭ...» نىڭ ئاھىغى تېخى ئېيتىلىپ بولماي تۆرۈپلا يېزىنى قارا تۇمان قاپلىدى. ئالۋان - سېلىق كۆپىيىپ، دېھقانلارنىڭ ئىڭرىغان، زارلىغان ئېچىنىشلىق ئاۋازى يېزا ئاسمىنىنى قاپلىدى. يىل بويى ئىشلەپ تاپقىنى ئالۋان - سېلىقتىن ئاشماي، دېھقانغا يەيدىغان ئاشلىقمۇ قالمىدى. قەرز سۈيلەپ يۈرگەن ئە-

مەلدارلارنىڭ قانلىق قامچىسى ھەربىر نامرات ھويلىسىدا قاراسلاپ تۇراتتى....

قەرز، تۈگمەس ئالۋان - سېلىقلار، ئاچ - زېرىنلىق، ساقايماس ئاغرىق - سىلاقلار بىچارە دېھقانلارنى قاڭغىر قاقشىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەزىز يۇرت - ماكانلىرى، ئىسسىق ئۆيلىرىنى تاشلاشقا مەجبۇر قىلىۋاتاتتى. بۇ، «ئوتتۇز ئىككى ھوسۇل» ① ئالۋىنى ئەۋج ئالغان يىللار ئىدى.

مايىمخاننىڭ ئاتىسى توختى باقى زەردىسى يامان، ناھەقلىققا چىدىمايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆز يېزىسىدا بولۇۋاتقان ئالامەتلەرنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالمىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ يا بەگ - ئەمەلدارلارغا قارشى تىغ كۆتۈرۈش كېرەك، يا باشنى ئېلىپ يىراق يۇرتقا كېتىش كېرەك. توختى باقى كېيىنكى يولنى تاللىدى.



ئۇ بۇ كىچىككىنە يېزىدا بەگ - غوجاملارغا قارشى تىغ كۆتۈرۈپ نېمە مەقسەتكە يېتەلىسۇن؟! ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيۇشقان چوڭ كۈچ بولۇشى كېرەك. يېقىنقى كۈنلەردە خۇنۇقاي تەرەپلەردە فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمىغا قارشى يوشۇرۇن دېھقانلار ھەرىكىتى بولۇۋاتقانلىقى ھەق-

---

① «ئوتتۇز ئىككى ھوسۇل» — دېھقانلار ھۆكۈمەتكە يىلدا ئوتتۇز ئىككى خىل مەھسۇلاتتىن ئالۋان - سېلىق تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى.

قىدە خۇپىيانە پاراك بولۇۋاتاتتى. توختى باقى شۇ تەرەپلەرگە ئۇ-قاق تارتىشنى ماقۇل كۆردى، ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش يوقسۇل ئون ئىككى ئۆيلۈك دېھقاننى يوشۇرۇن تەشكىللەپ، بىر كۈنى تۈن نىسپىدە تاغ تەرەپكە يول ئالدى. نەرسە - كېرەكلىرىنى دۈمبىدە-سىگە ئارتقان، ئۇششاق باللىرىنى يېتىلىگەن، بەزى ئاجىز - كېسەلمەنلەرنىڭ ئىگراشلىرىغا پىسەنت قىلماي كېتىۋاتقان بۇ سەرگەردان قوشۇن ئۆز بەختىنى نەدىن تېپىشنى بىلمەيتتى...

ئاتلارنى قويۇۋەتتۇق،
يېڭى چىققان قىياقلارغا.
ئىنساپ قالمىدى بەگدە،
چىقىپ كەتتۇق يىراقلارغا.

كۆرەدىن چىققان هارۋا،
يانبۇلاققا ياماشتى.
مەن يۇرتۇمغا قارىسام،
يىغا ماڭا ياماشتى.
......

بىر كۈنى ئەتىگەندە چۇشى بۇزۇلۇپ قوپقان مايىمخان يۈرىكى ئېغىپ، ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ ئۆيدە ئەسكى تۆت تامدىن باشقا نەرسە يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى هەر تەرەپكە ئۇرۇپ نالە - پەرياد كۆتۈردى. جامائەت ئۆيگە كىرىپ، بوسۇغىدا يىغلاپ ياتقان مايىمخاننى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ نەسىھەت قىلىشتى، كۆڭلىنى ياساپ بەزلەش-تى. ئەمما، هەركىم ئۆز دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ، مايىمخاننىڭ يۈرىكىدىكى هەسرەت ئوتى زادىلا پەسلىمىدى. ئۇنىڭ ئاتا -

ئانىسىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى، سېغىنىش ـ قېرىنداش ـ لىرىغا بولغان ئوت ـ پىراقى، ئاتا ـ ئانىسىغا مۇشۇ كۈنلەر ـ نى سالغان بەگ ـ غوجاملار، پارىخور ئەمەلدارلارغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى ئۇنىڭ پاك قەلبىدە يېڭى ـ يېڭى بېيىت ـ قوشاقلارنى تۇغدۇردى. مايىمخان ئۆزىنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىـ ـنى، ئاتا ـ ئانا ۋە سىڭىللىرىغا بولغان سېغىنىشىنى ناخشا ـ قوشىقى بىلەن ئىپادىلەشكە باشلىدى.

بىر كۈنى ئۇ ئۆيىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئاتا ـ ئانىسى ئال ـ دىراشلىقتا ئۇنتۇپ قالغان پالتىنى تېپىۋالدى. ئۇ ئۆزىنى تۇ ـ تالماي كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش ئاققۇزۇپ، تۇنجى قېـ ـتىم كىشىلەر ئالدىدا بۇ قوشاقلارنى ئېيتقانىدى:

ئۆيدە ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ،
ئاتام ساپلىغان پالتا.
ئىزدەپ كەلسەم ھېچكىم يوق،
ئاتام بىلەن ئانام قايدا ؟ !

ئۆيدە قالغان پالتىنى،
ئىتتىك قولۇمغا ئالدىم.
ئىسىت، ئاتام بىلەن ئانام،
ئەجەب بىخەۋەر قالدىم.

بىۋاپا ئىكەن ئالەم،
كۆپ جاپا ئىكەن ئالەم.
ئايرىلماسمىز دېۋىدىم،
ئايرىۋەتتى دەرد ـ ئەلەم.

ئالغاچ كەتسە بولمامدۇ،
ماڭغان يوللىرى تارمۇ؟
ئىلىنى ئاختۇرۇپ كەلسە،
مېنىڭدەك دەردىسەر بارمۇ؟ !

قازاسى يەتمىسە ئۆلمەس،
دەريا سۈيى كەچكەنگە.
زالىملار زۇلۇم قىلدى،
ئاتام بىلەن ئانام نەدە؟ !

سىڭلىم بەرگەن ئۈچ ئالما،
ئۈچى ئۈچ بۆلەك ئىكەن.
مۇرادىغا يەتكۈزمەس،
ئەجەب كاج پەلەك ئىكەن.

ئاتا - ئانىسىز تۇرماس،
ھۆۋقۇشنى قويسىمۇ باغلاپ.
ئالۋان دەستىدىن كەتتى،
ئاتا - ئانام يۇرتىنى تاشلاپ.

ئاتا - ئانام كېتىپتۇ،
ئامانلىققا بەل باغلاپ.
بالدۇر ئاڭلىغان بولسام،
كېتەتتىم مەن داۋان ئاتلاپ...

ئالغاچ كەتسە بولمامدۇ،
ماڭغان يوللىرى تارمۇ؟

ئىلىمنى ئاختۇرۇپ كەلسە،
مېنىڭدەك دەردىسەر بارمۇ؟ !...

مايىمخاننىڭ بەگ ـ زالىملارغا قارشى بۇ قوشاقلىرى ئەل ئارىسىغا تېزلا تارقىلىپ، ئۇنىڭ نامىنى چىقىرىشقا باشلىدى. مايىمخان ئاتا ـ ئانىسىدىن خەۋەر ئالالماي، ھەسرەت ئوتىدا يەنە يېغى ـ يېغى قوشاقلارنى توقۇشقا باشلىدى. ئۇ دەسلەپتە بۇ قوشاقلارنى يوشۇرۇن ئېيتىپ يۈرگەنىدى. ئېرى ھېيتباقى ئەل ئاغزىدىن بۇ قوشاقلارنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇنىڭ بۇ قوشاقلارنى مايىمخاننىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاش ئارزۇسى بولسىمۇ، ئەمما مايىمخاننىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئۇن ـ تىن چىقارماي يۈرگەنىدى. ئۇ مايىمخانغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى قىلسام كۆڭلى بۇزۇلارمىكىن دەپ ئويلايتتى، ئەمما ئويلىغانسېرى مايىمخاننىڭ قوشاقلىرىنى يەنە ئاڭلىغۇسى كېلىپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئۇ مەھەللىدىكى توختىخان ھەدىگە يالۋۇرۇپ: «جېنىم ھەدە، سىز مايىمخاننى ئۆيىڭىزگە چاقىرىپ، بىر ناخشا ئېيتقۇزۇپ بەرسىڭىز، مېنىڭ مايىمخاننىڭ ناخشىسىنى ئۆز ئاغزىدىن بەك ئاڭلىغۇم بار ئىدى» دېدى. توختىخان ھەدە ماقۇل كۆردى. مايىمخان توختىخان ھەدىنىڭ ئۆيىدە ناخشا ئېيتىۋاتقاندا، ھېيتباقى دالان ئۆيدە يوشۇرۇن ئاڭلاپ ئولتۇردى. مايىمخان دۇتارنى سازلاپ مۇڭلۇق پەدىلەرگە باستى:

تېكىلىخان تۆپەسىدە،
كەتكەن يەر كۆرۈنەرمىكىن؟
ئاتامنىڭ يادىدا بولسا،
ماڭا خەت ئەۋەتەرمىكىن؟

مەن ئەمدى قانداق قىلاي،
غەمگە قالغان بېشىمنى.
ئايرىۋەتتى دەرد ـ ئەلەم،
سېغىنىدىم قېرىنىدىشىمنى.

ئايرىلىش يامان ئىكەن،
تەنلىرىم كېسەل بولدى.
يۈرىكىم پارە ـ پارە،
كۆز ياشلىرىم سەل بولدى.

ئىچىمدە دەردىم تولا،
دەردىمنى كىمگە ئېيتاي؟
ئاتام بىلەن ئانام يوق،
ئىزدەپ نەلەردىن تاپاي؟

ئاتامغا نېمىدەپ يىغلاي،
ئانامغا نېمىدەپ يىغلاي؟
ئەزىز بېشىمغا دەرد كەلدى،
ئۆزۈمگە نېمىدەپ يىغلاي؟
......

مايىمخاننىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى ئاڭلىغان ھېيتباقى تاقەت قىلىپ تۇرالماي ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى. بۇ چاغدا مايىمخان يىغلىغىنىچە ھېيتباقىغا تاشلاندى. مەھەللىدىكى ياشلار، يوقسۇل ـ نامراتلار بۇ ئۆيگە جەم بولۇپ، ھۆكۈمەت ۋە بەگلەرنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن، ئالۋان ـ سېلىقلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن، ئاشلىقنىڭ يېتىش ـ

مەيۋاتقانلىقىدىن... شىكايەت قىلىشتى. شۇ كۈنى تۈن تەڭگى-چە كىشىلەر مايىمخاننىڭ مۇڭلۇق ناخشىسىنى ئاڭلاپ، دەرد-تىن ئازراق يېنىكلەشكەندەك بولۇشتى. كىشىلەر مايىمخاندىن ئارقا ــ ئارقىدىن يېڭى ناخشىلارنى تەلەپ قىلىشاتتى:

ئاتامنىڭ ھالىنى دەيمۇ،
ئۆزۈمنىڭ دەردىنى دەيمۇ؟
بەگنىڭ زۇلمىنى دەيمۇ،
دەردىم ئېيتماي ئۆلەيمۇ؟

كېتىپ بارغان ئۆمرۈمگە،
ئەجەبمۇ ئىچ ئاغرىتىمەن.
يېنىمدا ئاتا ــ ئانام يوق،
كۈندىن ــ كۈنگە سارغىيىمەن.

ماڭغان يولىدا بارمىدۇ،
قۇم چېچەكلىگەن تاشلار.
ئالۋان ــ سەيسە دەستىدىن،
قۇرۇمايدۇ كۆز ياشلار.

يولدا ماڭغان خەقلەرنىڭ،
قوينىدا كۆمەچى بار.
ئويلاڭلار، قېرىنداشلار،
تۇرمۇشنىڭ نېمەسى بار؟

مېنىڭ ئېتىم مايىمخان،
سىڭلىم ئېتى مىنىخان.

مەن قانداق چىدالايمەن،
بىللە ئوينىماپ چوڭ بولغان.

تېكىلىخان تۆپەسىدە،
ئۇچۇپ يۈرىدۇ قۇشلار.
قەيەرلەردە يۈرگەندۇر،
مېھرىبان قېرىنداشلار....

بۇ سورۇندا بولغان شىكايەت ۋە زۇلۇمغا قارشى ناخشا ـ قوشاقلار ھامۇتبەگنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، مايىمخاننى يەنە يېڭى دەرد ـ ئەلەم كۈتۈپ تۇراتتى. گۈزەل مايىمخاننى ئۆز قوينىغا ئالالماي ئەلەم داغدا قالغان بەگ بۇ ئەھۋالنى كۆپتۇرۇپ شەنگەن دارېنغا مەلۇم قىلدى. ئۆز ھاكىمىيىتىگە قارشى ناخشا ـ قوشاق توقۇپ يۈرگەن بۇ «ئىسيانچى قىز» نى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش ئەلۋەتتە خەۋپلىك ئىدى. شۇڭا شەنگەن پەرمان چۈشۈرۈپ، ھايال قىلماي مايىمخاننى يامۇلغا سولىدى.

كۈنلەر، ھەپتىلەر ئۆتۈپ كەتتى. مەھەللە ـ يۇرت ئۆز قىزىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك قىزىغا تولىمۇ ئېچىنىشتى. ئاخىر ئۇلار ئۇنى قانداقلا بولمىسۇن يامۇلدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا ھەرىكەت قىلىشتى. سوۋغا ـ سالام تەييارلاشتى ۋە يۇرت چوڭلىرىنى ۋەكىل قىلىپ شەنگەن ئالدىغا كىرگۈزۈشتى. يۇرت چوڭلىرى شەنگەنگە مايىمخاننىڭ گۇناھسىزلىقىنى، ھەممە ئىشنى ھامۇتبەگنىڭ ئادەملىرىنىڭ توقۇپ چىققانلىقىنى ئېيتىپ، مايىمخاننى يامۇلدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشتى.

مايىمخان زەي يامۇلدىن قۇتۇلدى، ئەمما يېڭى دەرد ـ ئەلەم ئۇنى باغرىغا باستى. ئاتىسى توختى باقى باشلىق ئون ئىككى ئۆيلۈك «قاچقۇن» ھامۇتبەگ ئەۋەتكەن چاپارمەنلەر تە-

رىپىدىن قورغاس غولىدا تۈتۈلغانىدى. ھامۇتبەگ تولىمۇ رەھىمسىز ئادەم ئىدى. ئۇ بۇ قېتىممۇ ئۆز رەزىللىكىنى كۆرسەتتى. نەچچە ۋاقىتلاردىن بۇيان بىر - بىرىگە تەشنا بولغان ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قېرىنداشلارنى جەم قىلماي، ئاتىنى بالىدىن، بالىنى ئاتىدىن ئايرىۋەتتى. چېرىكلەر توختىباقىنى ۋاخخۇلۇ ئالۋىنىغا ئەكەتتى. قەدىمكى كۆرە شەھىرىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرغان دەريا سۈيىنى ئىنىغا قايتۇرىدىغان بۇ ئالۋاندا خەلق تولىمۇ قىينىلاتتى. تۇرمەل، تاش - شېغىللار بىلەن سۇنى قايتۇرالمىسا، ئەمەلدارلار توختى ئاتلىقنى دەرياغا باساتتى. شۇڭا خەلق بۇ ھەقتە:

ياز كەلسە قىلۇر غەمكىن،
ۋاخخۇلۇنىڭ ئالۋىنى.
ھاشارلارغا باش بولغان،
زالىملارنىڭ يامىنى.

دەپ قوشاق توقۇشقانىدى. ياز ئايلىرى تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ۋاخخۇلۇ ئالۋىنىغا كەتكەنلەردىن ھېچ خەۋەر يوق ئىدى. مايىمخان ئۆز ئاتىسىنى سېغىنىپ ناخشا ئېيتاتتى:

دەريا بويىغا بارسام،
ئاتامنى كۆرەرمەنمۇ؟
زالىملارنىڭ دەستىدە،
ئاتاسىز ئۆتەرمەنمۇ؟ !

دەل شۇ كۈنلەردە توختى باقىنى تۇغانغا بېسىۋەتكەنلىك خەۋىرى يېزىغا يېتىپ كەلدى. ئازنىخاننىڭ نالە - پەريادىنى

ئاڭلىغان جامائەت يىغلىلىپ يىغا ـ زار قىلىشتى. مايىمخانغا بۇ ئىش ھەممىدىن ئېغىر كەلدى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئاز ـ تولا بىلىپ قالغاچقا، زالىم بەگ ـ تۆرىلەرگە قارشى غەزەپ ياغدۇردى. ئۇ بۇ غەزەپ ـ نەپرەت كۆچىدىن تېخىمۇ ئىسيانكارانە ناخشىلارنى ئېيتىشقا باشلىدى. بەگ ـ چېرىكلەرنى خەلقنىڭ كۆزىچىلا تىللايتتى...

دەريانىڭ سۈيى تاشسا،
چوڭ كۆرەنى سوقماقچى.
ئەقىلسىز نادان بەگلەر،
ھاشار بىلەن توسماقچى.

نوغايتۇنىڭ غولىدىن،
قىيان كەلدى شارقىراپ.
زالىم بەگ چىقىپ كەلدى،
سېلىق بەر دەپ ۋارقىراپ.

ھامۇتبەگ ئۆزى ھەققىدە توقۇلۇۋاتقان بۇ قوشاقلاردىن تولىمۇ غەزەپلىنەتتى، ئۇ ئاخىر بۇ ئەھۋالنى يەنە شەنگەنگە مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاستىرتىن نۇرغۇن پارا بەردى. شەنگەن ئۆز ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققان بۇ قىزدىن خەۋپسىرەپ، ئۇنى تۇتۇشقا دادامتۇغا چېرىك ئەۋەتتى.

مايىمخان يەنە زەي يامۇلدا. شەنگەن ئۇنى كۆندە شەخسەن ئۆزى سوراق قىلاتتى. ئۇ قانچە قاتتىق سوراق قىلغانسېرى بۇ «يۇرت بۇزار» شۇنچە قەيسەرلىشىۋاتاتتى. بۇ قەيسەر قىز شۇنچە ھەيۋە ـ پوپوزىلار ئالدىدا باش ئەگمىدى. شەنگەن بۇ قىزنىڭ ئىرادىسىگە ھەيران قالدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. زەي ۋە قاراڭغۇ يامۇل، ئاچلىق، قىيناق... شەنگەن مايىمخاننى چۆچۈگەندۈ دەپ ئويلاپ يۈردى. ئەمما، يامۇل چېرىكلىرى شەنگەنگە كۈندە خەۋەر ئەكېلەتتى، «بۇ قىز قانداقتۇر ناخشا ئېيتىدۇ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ» دېيىشەتتى. مايىمخان يامۇلدا يەنىلا باتۇرانە ناخشىسىنى توختاتمىغانىدى. شەنگەن ئۇنى قايتا سوراق قىلغاندىمۇ، مايىمخان قىلچە قورقماي، كۈچلۈك سۆزلىرى بىلەن ئۇنى لەت قىلىپ غەزەپلەندۈردى. شەنگەن ئۇنىڭغا «تىزلاق» سېلىشنى بۇيرۇدى. بۇنىڭغا گىرىپتار بولغان كىشىلەر كېچە ـ كۈندۈز پۈتىنى ئۈزۈن سۇنۇپ ياتالمايتتى ھەم ئۆرە تۇرالمايتتى. مايىمخان مۇشۇنداق ئېغىر جازاغا ئۇچرىغاندىمۇ ئۆز ئىرادىسىدىن يانمىدى. زالىم ھۆكۈمەتكە، ياۋۇز بەگلەرگە قارشى ناخشىسىنى ئېيتىۋەردى:



يامۇل تېمى ئېگىز تام،
چۆرىسى يالاڭ چىتلاق.
ئەل - يۇرتنى كۆرەي دېسەم،
پۇتۇمدا ئېغىر تىزلاق.

زىندان تېمى ئېگىز تام،
ئەتراپلىرى دەرەخسىز.
مەن سېنى كۆرەي دېسەم،
خەۋىرىڭ يوق - دېرەكسىز.

مۇنداقمۇ بولارمەنمۇ،
يامۇلدىن چىقارمەنمۇ؟
جاپانى تولا تارتتىم،
ھالاۋەت كۆرەرمەنمۇ؟ !...

زىندان تېمى سىلىق تام،
سامان لايدا سۇۋاقلىق.
نە ھالدا قېرىنداشلار،
مەن يامۇلدا سولاقلىق.

ھاۋا تۇتۇلۇپ كەتتى
ھەم تۇمان بىلەن مانان.
چۇشۇمگە كىرىپ قاپتۇ،
سىڭلىم ھەم ئاتا - ئانام.

قاپىقىم تارتىدۇ كۇندە،
ياخشىلىقمۇ - يامانمۇ؟
ھېيتباقى مېھرىبانىم،
دادامتۇدا ئامانمۇ؟ !

خان غوجامنىڭ بوز ئېتى،
دەريالاردا ئۈزەمدۇ؟
ئىچى كۆچلۈك مايىمخان،
بۇ كۆنلەرگە تۆزەمدۇ؟ !...

مايىمخان زەي يامۇلدا ياتقان كۆنلەردە ھېيتباقى ئىش - ئوقتىدىن كېچىپ، گويا مەجنۇندەك گاھ شەھەرگە، گاھ يېزىغا قاتراپ يۈردى، ئۇ كېچە - كۈندۈز مايىمخاننى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ كويىدا ئىدى. ھەر قېتىم شەھەرگە كىرگەندە ھەسرەت ئىچىدە يامۇل ئەتراپىنى چۆرگىلەيتتى، ئۇ ئاخىر بارى - يوق نەرسىلىرىنى سېتىپ، ئەمەلدارلارغا پارا بېرىپ مايىمخاننى بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلدى. ئۇ سېغىنىش، ئەلەم ۋە دەرد - ھەسرەت ئىچىدە تۆۋەندىكى قوشاقلارنى ئېيتىپ يۈرەتتى:

ئاتنى ساتمىسام بولماس،
دەردنى تارتمىسام بولماس.
پۇلۇم يوق دېگەن بىلەن،
يارنى تاپمىسام بولماس.

ئەل بەرگەننى مەن بەردىم،
تەلەپ قىلمىدىم بەگدىن.
ئۆچۈمنى ئالمىسام زادى،
چىقمايدۇ مېنىڭ دەردىم.

ھامۇتبەگ زۇلۇم بىلەن،
مايىمدىن جۇدا قىلدى.

كۆرەلمىدىم يارىمنى،
باغرىمنى يارا قىلدى.

دەردى يوق دەمسەن، بېگىم،
دەردىم ئىچىمدە بىر تۇلۇم.
پۇلى يوق دەمسەن، بېگىم،
پۇل تاپقۇچە سالما زۇلۇم.

باغقا بۇغداي تېرىسام،
بەلگە كەپتۇ بۇغدىيىم.
نە كۆنلەرنى كۆرگەندۇر،
مېھرىبانِ مايىم گۇلۇم.

قارا ـ قارا قاشلىقىم،
ئۇزۇن سۇمبۇل چاچلىقىم.
سەن يارىمنىڭ كويىدا،
قاردا قالدى ئاشلىقىم.

شەھەرگە كىرىپ كۇزدە،
ياتىمەن تالا ـ تۇزدە.
تەنهالىقتا كاككۇكمەن،
دەرد ئەسىرى سېرىق يۈزدە.

مەن ئەمدى قانداق قىلاي،
غەمگە قالغان باشىمنى.
سېغىنىدىم يۇرىكىمدىن،
قۇندۇز، قىياق قاشىمنى.

ئەجەب ياخشى چۈش كۆردۈم،
مايىم كەپتۇ يېنىمغا.
ھەقلىق سۆزىنى سۆزلەپ،
خۇشلۇق سالدى جېنىمغا.

زالىملار زۇلۇم قىلدى،
مايىمدىن جۇدا قىلدى.
ئەزىز ئەيلىگەن جاننى،
ئۆتمەس تىغ بىلەن تىلدى.

ئورمىدىن چۈشۈپ كەلسەم،
ئىككى بۆرىنىڭ ئىزى.
كۆڭلۈمنى ئېلىپ كەتكەن،
توختى ئاكىنىڭ قىزى.

مۇنداقمۇ ئۆتەرمەنمۇ،
مەن يارىمدىن ئايرىلىپ.
بۇ پەلەكنىڭ زۇلمىدىن،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ...

......

ئىككى پاك قەلبنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى، زالىم ھاكىمىيەتكە قارشى بۇ ناخشا ـ قوشاقلار ئەل ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، يېزىلاردىن ـ يېزىلارغا تارقىلاتتى. ئۇ ناخشىلار كەچتە پادىلار بىلەن بىللە مەھەللە ئىچىگە كىرىپ، ئۆي ـ ئۆيلەردە كىشىلەر قەلبىگە سىڭىپ، مايىمخاننىڭ ئوبرازىنى ئۇلغايتتى.

مايىمخان چۈچۈن ۋە بۇرگىگە تولغان زەي - قاراڭغۇ يا-
مۇلدا بىر يىل ياتتى. يېزا خەلقى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ما-
يىمخانغا غايىبانە ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى
يادلىشىپ، بىر - بىرىگە تەسەللى بېرىشەتتى. قېرىلار ھەر-
بىر نامىزىدا ئاللادىن ئۇنىڭ ئامان - ئېسەن بولۇشىنى تى-
لىشەتتى، ئۇنىڭ ئۆز يېزىسىغا ساق - سالامەت قايتىپ چى-
قىشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى...

1830 - يىل ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، دەھشەتلىك بىر
خەۋەر دادامتۇ يېزىسىنى پاراكەندە قىلىۋەتتى:

«مايىمخاننى ئۆلتۈرگۈدەك !...» ھېيتباقى بۇ خەۋەرنى
ئاڭلاپ ھوشىدىن كەتتى، قېرىلار ياقىسىنى تۇتۇشتى، ياشلار
غەزەپلىنىشتى، ئاياللار، قىزلار يىغلىشاتتى.... بەلگىلەنگەن
كۈنى پۈتۈن جامائەت شەھەرگە قاراپ ئاقتى. چوڭ - كىچىك
ھەممىسى بۇ باتۇر - قورقماس، ھەق سۆزلۈك يېزا قىزىنى
ئاخىرقى دەملەردە بىر كۆرۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئۇ چاغلاردا ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان كىشىلەر قىلىچ بىلەن
چېپىلاتتى ياكى دارغا ئېسىلاتتى. ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان «جىنا-
يەتچى» نىڭ بېشىغا ئىنچىكە قىزىل لاتا باغلاپ، ئۆلۈم خېتى
يېزىلغان ئۇزۇن قەغەزنى كەينى تەرىپىگە ياغاچ بىلەن تېڭىپ
قوياتتى. «جىنايەتچى» ئۆلۈم مەيدانىغا بارغۇچە چېرىكلەر ئۇ-
نىڭ ئالدىدا قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئوينىتىپ، ئەتراپقا
ھەيۋە قىلىپ باراتتى. مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، «جىنايەت-
چى» نى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، تۆت - بەش چېرىك چامباش
ئويناپ، قىلىچلىرىنى جاراق - جۇرۇق سوقۇشتۇرۇپ كىشى-
لەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزلىرىگە تارتىپ تۇرۇشاتتى، بۇ ۋاقىتتا
ئالدىن بەلگىلەنگەن جاللات «جىنايەتچى» نىڭ كەينىدىن كې-

لىپ تۈيۈقسىزلا كاللىسىنى ئالاتتى.

قوللىرى باغلانغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، كىيىملىرى يىرتىلغان مايىمخاننى چېرىكلەر غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى دۆڭگە ئېلىپ مېڭىشتى. بۇ كۈنى ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، نەمخۇش شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. مايىمخان ئۆزىنىڭ بۇ ئاخىرقى ھايات سائەتلىرىدە پۈتۈن دەرد - پىغانلىرىنى، زالىملارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى يول بويى ناخشا قىلىپ ئېيتىپ ماڭدى. ئۇنى ئوراپ كېتىۋاتقان ئەل - يۇرت، قېرىنداشلىرى، تونۇش - بىلىشلىرى ئۆزلىرىنى توختىتالماي، كۆز يېشى قىلىپ بىللە ماڭدى. مايىمخاننىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى بۇ ناخشىلىرى شۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئۆچمەس بولۇپ ئورنىشىپ قالدى:

ئۆلۈم كەلدى بېشىمغا،
نەق ئون سەككىز يېشىمدا.
يامۇلدىن چىقىپ كەلدىم،
ئىشەنچىم يوق جېنىمدا.

ئۆلۈمدىن ئانچە ۋايىم يوق،
مېنىڭ قورقۇنچىم ئىماندىن.
ئەجەل ۋاقتى يېتىپ كەلسە،
قۇتۇلغاي كىم قېچىپ ئاندىن.

زالىم قامچىسى دەيدۇ،
ئوق يىلانغا ئوخشايدۇ.
جاللاتلار كېلىپ قاپتۇ،
ئوڭ كەلگەنگە ئوخشايدۇ.



مېنىڭ ئالدىمدا تۆت جاللات،
قىلىچىنى ئويناتتى.
هاكىمبەگ سورىۋالسا،
ئۆلتۈرمەيتتى، پالايتتى.

مايىم قولى باغلاندى،
ئۆلتۈرمەككە چاغلاندى.
زالىملارنىڭ دەردىدە،
يۈرەك - باغرى داغلاندى.

ئاتمىش يامبۇنى ئېلىپ،
دارىن - ئامبال تويامدۇ؟
مايىمخاننى ئۆلتۈرسە،
خۇنى ئۇنى قويامدۇ؟...
......

مايىمخان جازا مەيدانىغا كەلدى. ئۇ ئۆلۈمگە قىلچە پەرۋا قىلماي، قىبلىگە يۈزلىنىپ ئولتۇردى. تۆت - بەش چېرىك چامباش ئويناشقا باشلىدى. شامال مايىمخاننىڭ دۈمبىسىگە چاپلانغان ئۆلۈم خېتىنى شىرىقشىتاتتى. بىر جاللات مايىمخاننىڭ كەي-

ندىن كېلىپ ئۇنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇردى. مەيداندا قىيا ـ چىيا، ئاھۇ پەريادلار، نالە، يىغا ـ زار كۆتۈرۈلدى. مايىمخاننىڭ بوينىدىن ئاققان قىپقىزىل قان فونتاندەك ئاسمانغا ئېتىلدى. كېسىلگەن باش تەندىن بەش ـ ئالتە گەز نېرىدا سەكرەپ ـ سەكرەپ ئەتراپقا قان چاچراتماقتا ئىدى. بىرپەستىن كېيىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك قىزى مايىمخاننىڭ كېسىلگەن بېشى جىمىپ قالدى ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرى مەڭگۈگە يۇمۇلدى. شۇنىڭدىن بۇيان مانا بۇ يەر: «بوينى كېسىك» دەپ ئاتالدى. خەلق بۇ قانلىق ئەسلىمىلەرنى تۈرلۈك ناخشا ـ قوشاقلارغا قوشۇپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قالدۇردى. مايىمخان ھەققىدىكى ناخشا ـ قوشاقلار تا ھازىرغىچە ئىلى يېزىلىرىدا ئېيتىلىپ، خەلقنىڭ مايىمخانغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى، سېغىنىشىنى ۋە ھۆرمىتىنى ئىزھار قىلىپ كەلمەكتە:

دەريالاردا سۈزۈك تاش،
يوقسۇللارنىڭ كۆزى ياش.
مايىمخاننى چاپتۇرغان،
ھامۇت بىلەن سادىق تاز.

قىبلىدىن چىققان بوران،
گۈل ھىدىنى ئېپ كەتتى.
دىلى ياۋۇز زالىملار،
مايىمخاننى يەپ كەتتى.

ئىشىك ئالدى كۆك تېرەك،
ئېگىز ئۆسكەن ئاق تېرەك.
مايىمخاننى ئۆلتۈردى،
ئاشا ئوخشاش ئەر كېرەك.



شەھەر ئىچى تېرەكلىك،
ئەل ئىشىغا كېرەكلىك.
مايىمخان دېگەن قىزنىڭ،
قىلغان سۆزى يۈرەكلىك.

ئاتاسىدىن ئايرىلغان،
ئاناسىدىن ئايرىلغان.
يۇرت ئىچىدە ئىلغانغان،
داڭقى چىققان مايىمخان.

ئۇنتۇلمايدۇ زادىلا،
مايىمخاننىڭ ئۆلگىنى.
مايىمخان شېھىت بولدى،
ئاڭا ئوخشاش ئەر قېنى؟ !...



# نۇزۇگۇم

(تارىخىي داستان )

زالىم دۇۋالڭ[1] زار يىغلاتتى،
يۇقسۇللارنى كۆپ قاقشاتتى.
ياش دېمىدى ۋە يا قېرى،
دارغا ئاستى، پۇلغا ساتتى.

نى يىگىتلەر، سولۇن قىزلار،
ئەرك يولىدا قانغا پاتتى.
گۇناھى يوق مەسۇملارنىڭ،
باشلىرىغا قىلىچ چاپتى.

تۇمەن دەريا[2] نەرە تارتتى،
سۇ ئورنىدا قانلار ئاقتى.
شاھىت بولۇپ شۇ تارىخقا،
مىڭلاپ نۇزۇك نەزمە قاتتى.

ئەلقىسسە، قەشقەر خەلقىنىڭ جۇڭغار باسقۇنچىلىرىغا

---

① دۇۋالڭ ـــ مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ چېرىك ئەمەلدارى.

② تۇمەن دەريا ـــ قەشقەر شەھىرىنى كېسىپ ئۆتكەن دەريا ئىسمى.



قارشى ئازادلىق كۈرىشى مەغ-
لۇپ بولغاندىن كېيىن، جۇڭ-
غار خانى دۆۋاڭ قوزغىلاڭ
قاتناشچىلىرىدىن مىڭلىغان
كىشىلەرنى دارغا ئاستى،
زىندانغا تاشلىدى ۋە مىڭلاپ
كىشىلەرنى قەشقەردىن ئىلىغا
سۈرگۈن قىلىپ ھەيدەپ ماڭ-
دى. ئىلىغا ھەيدەلگەن سۈر-
گۈنلەر ئىچىدە كېلىشكەن،
يوقسۇل ئائىلىدىن بولغان ئۇيغۇر قىزى نۇزۇگۇممۇ بار ئىدى.
نۇزۇگۇمنىڭ جۇڭغار مۇستەبىتلىرى تەرىپىدىن سۈرگۈن



قىلىنىشى قەشقەر خەلقىنىڭ دىلىنى ئۆرتەپ كۆيدۈردى. بەختسىز سۈرگۈنلەر يۈرەكلىرىدىكى دەرد ـ ئەلەم، قايغۇ ـ ھەسرەت، ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ئېيتىشىپ، چارىسىز قالغان ئەل ـ يۇرتى بىلەن ئاخىرقى مەرتەم پىغان ئىچىدە خوشلاشتى.

سۈرگۈنلەرنى ئۇزاتقۇچىلار ئىچىدە ساقىلى سۈتتەك ئاقار-غان، ئازاب ئىچىدە يۈزى تاتارغان بىر بوۋاي شۇڭقاردەك شۇڭ-غۇپ چىقىپ، يىغا ئارىلاش تىترەك ئاۋازدا مۇنداق مۇناجات ئوقۇدى:

خوش، گۈل قىزىم، نۇزۇگۇم،
يوروپ تۇرغان يۇلتۇزۇم.
كۈلپەت چۈشۈپ بېشىڭغا،
تۇتقۇن بولدۇڭ، قۇندۇزۇم.

ئون گۈلىنىڭ بىرىمۇ
ئېچىلمىغان نۇزۇگۇم.
يۇراقلىرى بىر يولى،
چېچىلمىغان نۇزۇگۇم.

ئوتقا سالسا كۆيمەستىم،
ئەمدى كۆيۈپ كۈل بولدۇم.
يامغۇر ياغقان باغلاردەك،
كۆز يېشىمدا ھۆل بولدۇم.

دۇۋاڭ دېگەن كاساپەت،
ئۇنىڭدا يوق شاپائەت،
يۇرتىمىزدا تۇگىمىدى،
مېھىر ـ شەپقەت، ئادالەت.

هېچكىم مەندەك بولمىغاي،
ئامراق قىزىم سۆزۈك ئاي.
ئاكاڭدىنمۇ ئايرىلسام،
سىڭىلىڭدىنمۇ ئايرىلسام،
قانداق چىداي، نۇزۇك ئاي.

دەپ يىغلىغىنىمچە قوزىدەك تەلمۈرۈپ نۇزۇگۇمنىڭ ئارقىسىدىن ماڭ-دى. جاللاتلار بوۋاينى مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ قويدى. نۇزۇگۇم تاقەت قىلالمىدى. توپا - چاڭغا مىلىنىپ بىھوش ياتقان قېرى دادىسىغا قاراپ:

خەير خوش، دەردمەن دادا،
غەمگۇزارىم، ياخشى قال.
كۆزلىرىم ئاقۇ قاراسى،
گۈلئۇزارىم، ياخشى قال.

كاجلىقى بۇ شۇم پەلەكنىڭ
مېنى سەندىن ئايرىدى.
بىر شامال سەگۇ تېرەكنىڭ
شاخلىرىنى قايرىدى.

مىسكىن قىزنىڭ كۆزى دائىم
تۇمەن بويىغا باقىدۇ.
زالىم دۇۋاڭ قەپىسىنى،
غەزەپ كۆچى چاقىدۇ.

دەپ چەكسىز نادامەت ئىچىدە دادىسى بىلەن رازىلاشقاندىن كېيىن، چېرىكلەرنىڭ قانلىق قىلىچىغا پەرۋا قىلماي، سەپ بولۇپ تۇرغان يۇرتداشلىرىغا قاراپ:

بىللە ئويناپ، بىللە ئۆسكەن
يارۇ دوستلار، ياخشى قال.
مىسكىن باشقا سايە بەرگەن
بوستان يۇرتلار، ياخشى قال.

چۆل ـ دەشتلەرنى كېزىپ يۇرگەن،
پىراق ئوتىدا باغرى كۆيگەن،
پۇتلىرىدا قانلىق كىشەن،
باقى جانىم، ياخشى قال.

دەپ قېرىنداشلىرى بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلاشتى.

ئەلقىسسە، نۇزۇگۇم گۇناھسىز سۇرگۇنلەر قاتارىدا داق يەرنى سىلىنچا، بۇلۇتنى يېپىنچا قىلىپ، دەشت ـ باياۋانلارنى كېزىپ، ئېگىز داۋانلاردىن ئېشىپ ئىككى ئايدىن ئارتۇق پىيادە يول يۇردى. گۇگۇم قاراڭغۇسىدا مۇزات بويىغا يېتىپ كەلدى. قارا بولۇت ئارىسىغا مۆكۈنۈشكە ئالدىراۋاتقان غۇۋا ئايغا قاراپ، نۇزۇگۇم:

ئاينى بۇلۇت توسۇپتۇ،
يۇلتۇزلارمۇ ئۆچۈپتۇ.
گۆر ئازابى ئۆلۈكتىن،
تىرىكلەرگە كۆچۈپتۇ.

قىچقىرىپ كەلگەن كاككۇكنىڭ،
ئۈنى ھەر جايدا غېرىب.
كەل، كاككۇك، ئاشىنا بولايلى،
سەن مۇساپىر، مەن غېرىب.

مۇز داۋاندا قار ياغدى،
تۈزلەڭدە يالاڭ يامغۇر.
دەردمەنلەرگە كۈن بەرمەس،
دۆۋاڭ چېرىكى قانخور.

مۇزداۋاننىڭ يولىدىن
ئۆتمەسكە ئامال بارمۇ؟
ئىلىخوغا بارغۇنچە،
جېنىمىز ئامان بارمۇ؟

دەپ، ھەسرەت بىلەن كۆڭۈل تارىغا زەخمەك ئۇردى. مىڭلىغان سۈرگۈنلەر نۈزۈگۈمغا جور بولدى.

ئەلقىسسە، ئۇلار ئۈچ ئايدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ پۇتلىرى يېغىر بولۇپ مادارىدىن كەتكەندە ئىلىغا يېتىپ كەلدى. ھەي-دەپ كېلىنگەن پېتى قان پۇراپ تۇرىدىغان يامۇلغا قامالدى. قاراڭغۇ پەنجىرىدىن تالاغا تەلمۈرگەن نۈزۈگۈم بىر مۇناجات ئوقۇدى:

ئەپيۇنكەش جاللاتلار،
ماجاڭ ئويناپ ياتىدۇ.
قاراڭغۇ زەي زىنداندا،
نۈزۈك يالغۇز ياتىدۇ.

ئاتام مېنى، ئانام مېنى،
نېمىشقا ئارزۇلاپتىكەن؟
بۇ كۈنلەرگە قالارىمنى،
باشتا ئويلىماپتىكەن.

قومۇشلۇققا ئوت ياقسا،
گۇرۇلدەپ كۆيۈپ كەتسە.
مۇنداق كۈننى كۆرگۈچە،
ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسە.

بېشىمىزدا جاللاتلار،
قىلىچىنى ئوينىتار.
بۇ دوزاختىن نۇزۇكنى،
قانداق بىر جان ئاجرىتار؟

يول ئازابى — گۆر ئازابى ئىدى. نۇزۇگۇمنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى ۋە ئۇ بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە سۆيگەن يارى — باقى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا سېغىنىشىنى ئىز-ھار قىلىشتى:

نۇزۇگۇم:
سەن سېغىندىڭمۇ مېنى؟

باقى:
خويما سېغىندىم مەن سېنى.

نۇزۇگۇم:
سەن قەيەرىڭدە سېغىندىڭ؟

باقى:
مەن يۇرەكىمدە سىنى.

نۇزۇگۇم:
ھالىڭ نىچۇك دەپ سورىمىغىل،
كۆرگىن چىرايىمدىن ئۇنى.
سەن مىنىڭ باقىم بولساڭ،
قۇتقۇزۇۋالغىن مىنى.

باقى:
كۇندە كۆرمىدىم يارنى،
كۇندە كۆرەرمەن دەپ.
ئۇمىد ئۈزمىدىم ياردىن،
ئۆلمىسەم سۆيەرمەن دەپ.

ئالتىنچى ئاي كىرگەندە،
ئارا ـ گۇرجەك خاماندا.
نۇزۇك يارنى كۆرۈشكە،
باقى يىگىت ئارماندا.

نۇزۇگۇم:
قاچقان باشتا مۇڭ بولار،
مۆككەن جايلار بۇك بولار.
بىز بۇ يەردىن قاچقاندا،
ئىزدەكچىلەر كۆپ بولار.

ئاتا ـ ئانام كۇتمەكتە،
قايغۇ ئىچرە ئۆتمەكتە.

بەلنى مەھكەم باغلايلى،
مەقسەتلەرگە يەتمەككە.



تاراق - تۇرۇق ئاۋازدىن نۇرۇگۇمنىڭ شېرىن چۈشى بۇزۇل-دى. قارىغۇدەك بولسا، دۇۋاڭ باشچىلىقىدا بىر توپ دىۋە سوپەت مەل-ئۇنلار ئاچ بۆرىلەردەك لەۋلىرىنى يالىشىپ، ھەييارلىق بىلەن قارد-شىپ، نۇرۇگۇمنى ئۆز-ئارا تالىشىپ تۇراتتى. چوشقىدەك خارتىلداي-دىغان ئىسكەتسىز بىر جۇڭغار بېگىنىڭ تۆككەن ئالتۇنلىرىغا ئاخىر دۇۋاڭ نۇرۇگۇمنى سېتىۋەتتى.

ئەلقىسسە، نۇرۇگۇم جۇڭغار ئەمەلدارلىرىدىن بىرىگە سې-تىلىپ «چوڭ يۇلتۇز»يېزىسىغا ئەكېلىندى. بۇ زۇلمەتلىك كۈنلەردە نېمە قىلارىنى بىلمەي، نۇرۇگۇم مۇنداق زارلىناتتى:

مەن قەشقەردىن چىققانچە،
تۆشەك سېلىپ ياتقان يوق.
ئانام ئۆرۈگەن چېچىمغا،
تارغاق سېلىپ باققان يوق.

چوڭ يولتۇزغا بارغاندا،
ئوت ياقمەن قومۇشقا.
نەپرەت بىلەن قارايمەن،
ياۋۇز نىيەت گومۇشقا.

جان ئاتامنى كۆرەلمەي،
ئۆلۈپ كېتەر ئوخشايمەن.
نەۋ باھارغا يېتەلمەي،
سولۇپ كېتەر ئوخشايمەن.

ئاكامنى تاپالماسمەن،
تاپسام ئايرىلالماسمەن.
باقىنى كۆرۈپ ئۆلسەم،
ھەرگىز ئارمان قىلماسمەن.

ئاتام مۇندا كېلەرمۇ؟
مېنى ئېلىپ كېتەرمۇ؟
قەشقەرگە جان يېتەرمۇ؟
بارارىمنى بىلمەسمەن.

ئەلقىسسە، نۇزۇگۇمنىڭ ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئاكىسى بار ئىدى. ئابدۇللامۇ نۇزۇگۇمدىن بۇرۇن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغانلار قاتارىدا مۇشۇ جۇڭغار بېگىگە ئەسىر بولغانىدى. ئويلىمىغان يەردە بۇ ئاكا ـ سىڭىل ئۇچرىشىپ، ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى. ئۆزئارا مۇڭ ـ ھالىنى ئېيىتىشىپ سىرداشتى:

نۇزۇگۇم:
قونۇۋاپتۇ قاغىلار،
بۇلبۇل باغدىن كۆچتىمغۇ؟
ساڭا كەلگەن كۇلپەتلەر،
نۇزۇك باشقا چۈشتىمغۇ؟

ئابدۇللا:
تۆمۈر قەپەس دەردىنى،
مەنلا تارتسام بولمامدۇ؟
سىنى مۇنداق كۆرگەندە،
يۈرەك دەردكە تولمامدۇ؟

نۇزۇگۇم:
بىزمۇ ئادەم نىمىشقا،
يوقتۇر شۇنچە قەدرىمىز.
ۋەھشىي قاۋان دۇۋاڭغا،
تاشار غەزەپ - قەھرىمىز.

ئابدۇللا:
يامغۇرلار تولا ياغسا،
مۇز داۋانلار پەسلەيدۇ.
سەن ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول،
دۇۋاڭ بىزنى قەستلەيدۇ.

نۇزۇگۇم:
پۇتۇمدىكى كىشەننى،
كەلگىن، ئاكا، چاقايلى.

يەكسان قىلىپ دۈشمەننى،
قانلىرىنى چاچايلى.

نۇزۇگۇمنىڭ گۈلدەك چىرايى ئۆزىگە دۈشمەن بولدى. ئۇ-نىڭغا خان ئەمەلدارلىرىنىڭ يامان كۆزى چۈشتى، نۇزۇگۇمنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئېلىشنى ئويلىدى. دەسلەپ تۇرلۇك زى-بۇزىننەت، ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن ئالدىماقچى بولدى. بۇ ئالدامچىلىق نۇزۇگۇمنىڭ قەلبىدە ئىپلاس ئەمەلدارلارغا قار-شى تېخىمۇ كۈچلۈك غەزەپ - نەپرەت قوزغىدى:

تۆگە ياتار قامغاقتا،
بىر ئاكام بار قالماقتا.
ئىنساپى يوق مەلئۇننىڭ،
قەستى مېنى ئالماقتا.

دارىن ئۆيى زىننەتلىك،
ئالتۇن - كۈمۈش تاملىرى.
چاي ئورنىدا ئىچكىنى،
سۆرگۈنلەرنىڭ قانلىرى.

قېرى تۇلكە كۆلكىسى،
ياۋۇزلۇقنىڭ شەپىسى.
ماڭا جەننەت كۆرۈنەر،
باقى يىگىت كەپىسى.

تاغدىن چۈشكەن لاي سۇنى،
سۈزۈپ ئىچەر ئەر بارمۇ؟

نۇزۇك باشقا مۇڭ چۈشتى،
ئىلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟

باقى يىگىت كەلسەڭچۇ،
مېنى ئىلىپ قاچساڭچۇ.
قىلىچ بىلەن دۇۋاڭنىڭ
كالللىسىنى چاپساڭچۇ.

ئەلقىسسە، دۇۋاڭنىڭ زۇلمىدىن دەشت ـ چۆللەردە قې-چىپ يۈرگەن باقى سۆيگەن يارى نۇزۇگۇمنىڭ جۇڭغار ئە-مەلدارىغا مەجبۇرىي سېتىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، نۇزۇ-گۇمنى قۇتۇلدۇرۇشقا بەل باغلايدۇ، ئايغاقچى ئارقىلىق نۇزۇ-گۇمغا سالام يوللايدۇ:



نۇزۇك يارىم ئامانمۇ؟
رەڭگىرويى سامانمۇ؟
نۇزۇگۇمغا چاڭ سالغان،
شۇ لەنەتلىك قاۋانمۇ؟

ئاتلارنى توقۇپ قويدۇم،
پۇرسەت كۈتۈپ ياتارمەن.
چۈشكەن چاغدا قاراڭغۇ،
سېنى چوقۇم تاپارمەن.

ئەلقىسسە، ئالدامچىلىق بىلەن نۇزۇگۇمنى قولغا چۈشۈرەلمىگەن بەگ زورلۇق كۈچىگە يۆلىنىپ ياۋۇز قولىنى ئۇزاتتى. تىز پۇكمەس نۇزۇگۇم توي كېچىسى دارىبىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئالۋاستىلار غارىدىن قاچتى. شۇ قاچقانچە نى - نى تاغ - داۋانلاردىن ئاشتى. نۇزۇگۇمنىڭ ئارقىسىدىن نۇرغۇن ئىزدەكچىلەر قوغلىدى. نۇزۇگۇم دەشت - باياۋانلاردا يۈرۈپ، قومۇشلۇققا مۆكۈنۈپ ئالتە ئايغىچە جاللاتلارغا تۇتۇق بەرمىدى، ئاشۇ قاچقۇنلۇق ئېغىر كۈنلىرىنى ئەسلەپ، يۈرەك رىشتىسىدىن نەزمە تۈزدى:

قومۇش ئارىلاپ كۈن چۈشتى،
يالغۇز باشقا مۇڭ چۈشتى.
مەن نۇزۇكنى تۇتۇشقا،
يۈزلەپ چېرىك يول توستى.

قايناپ تۇرغان قازانغا،
چۆمۈچ سېلىپ باققان يوق.

يار ئۈياقتا، مەن بۇ ياقتا،
مۇڭدىشىپمۇ ياتقان يوق.

يالغۇز ياتتىم خاماندا،
نان يېشۈردۈم ساماندا.
ئاجىز نۇزۇك جاڭگالدا،
باقى يۈرەر قاياندا؟

قومۇشلۇق تۇرار جايىم،
بۆرە، تۈلكە ھەمراھىم.
مۇنداق ئېغىر كۈنلەردىن،
قۇتقۇزغايمۇ خۇدايىم !

يايى چىقتى تۇتقىلى،
ئەجدىھا بولۇپ يۇتقىلى.
چېرىك مىلتىق تەڭلەيدۇ،
قومۇشلۇققا ئاتقىلى.

مېنى تۇتۇش قەستىدە،
ئوتنى قويدى قومۇشقا.
خاندىن بۇيرۇق چۈشۈپتۇ،
سولۇن[1] كۆزۈم ئويۇشقا.

قومۇشلۇققا ئوت قويسا،
مەن نۇزۇكنى تاپالماس.

---

① سولۇن — چىرايلىق.

مەن نۇزۇگنى تاپقاندا،
تىرىك قولغا ئالالماس.

ئالتە ئاي بولدى يالغۇزمەن،
قەشقەر يولىن بىلمەسمەن.
خۇدا ئامان ساقلىسا،
چېرىكلەرنى كۆرمەسمەن.

ئاتام مېنى ئويلايدۇ،
نۇزۇگۇم دەپ يىغلايدۇ.
جان ئاكامنىڭ ھەسرىتى،
يۈرىكىمنى تىلغايدۇ.

قومۇشلۇقتا سايرىغان
ئۆردەكمىكىن، غازمىكىن؟
يۈرىكىمنى يېرىپ باق،
تازا يېرى بارمىكىن؟

شۇنداق ئېغىر كۈنلەردە،
يار يېنىمدا بولساڭچۇ!
مۇنداق كۈننى كۆرگەندىن،
يەر قوينۇڭغا ئالساڭچۇ؟
......

كەپە قىلدىم ياۋانغا،
چېرىك كەلدى داۋانغا.
جېنىم ئازلا قالغاندا،
تۇتۇلدۇم مەن قاۋانغا.

ئاخىر مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئايغاقچى چىرىكلەر نۇزۇگۇمنى تۇتۇۋالدى. پۇت - قولىنى مەھكەم باغلاپ، ئونلىغان چىرىك تۆت ئەتراپىدىن يالاپ، ئالدى - ئارقىسىدىن چارلاپ، ئۇدۇل ئىلى يامۇلىغا ھەيدەپ كەلدى. يامۇل ئىچى ئالاقزادىلىككە تولدى. پوتەيلەرگە جاللاتلار قارا قاغىدەك قوندى. نۇزۇگۇم ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزدى:

نۇزۇك قولى باغلاندى،
ئۆلتۈرمەككە چاغلاندى.
قەشقەردىكى ئاتامنىڭ
يۈرەك - باغرى داغلاندى.

يالغۇز غېرىب نۇزۇكنى،
«شيەن»① يامۇلغا سولاشتى.
قان ئىچمەككە چىرىكلەر،
چۇمۇلىدەك ئولاشتى.

تۇتقۇن قىلىپ نۇزۇكنى
قورقۇتقىلى بولمىغاي.
باقى ئۈچۈن جان بەرسە
دىلدا ئارمان قالمىغاي.

دۇۋاڭ خاندىن خەت كەلسە
نۇزۇگۇمنى «چىپىڭ»دەپ.
يۇرتداشلىرىم ئېيتىدۇ
«شېھىتلىكنى تېپىڭ»دەپ.

---

① شيەن — ناھىيە.

جياڭجۇن نۇزۇگۇمنى سوراق قىلدى. قەھرىمان نۇزۇك جياڭجۇن ئالدىدا مەردانە تۇرۇپ سۆزدە قاتتىق ئېلىشتى. جياڭجۇن نۇزۇگۇمنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى...

مويتۇڭزا ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. نۇزۇگۇم كۆز يېشى قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىغا قاراپ:

— ئەزىز ۋەتەنداشلىرىم ! زالىملار مېنى دارغا ئاسماقچى، قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن، مەن ئۆلۈشتىن قورقمايمەن. مەن ئۆلگەن بىلەن مېنىڭ قوۋم - قېرىنداشلىرىم ئۆلمەيدۇ، — دېدى - دە، لاغىلداپ تىترەۋاتقان جاللاتقا خىتاب قىلدى:



بۇيرۇقۇڭنى بەر جاللات،
مېنى دارغا ئېسىشقا.
ئەل قىساسى مەنەلھەق،
ساڭا يول يوق قېچىشقا.

مېنى دارغا ئاسقاندا،
ئاگاھ بول ئۆز ئېشىڭغا.
روھىم گۈرزە - ئومۇت بوپ،
بىر كۈن تېگەر بېشىڭغا.

ئەلقىسسە، نۇزۇگۇم مەردانە ھالدا دار ئاستىغا ئۆزى كەلدى. مەيداندا قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى. نۇزۇگۇم جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن كۆكنى لەرزىگە سالدى:

ھېچكىم مەندەك بولمىسۇن،
بالالارغا قالمىسۇن.
ماڭا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم،
ھېچ بەندىگە كەلمىسۇن.

سەل ئەمەستۇر ئاققانلار،
بىزنىڭ تۆككەن يېشىمىز.
قانلىق قىلىچ قەھرىدىن،
كېسىلمەكتە بېشىمىز.

كۆيۈپ يانسۇن زالىملار،
تاجۇ تەختى كۈل بولسۇن.
ئەركىنلىك دۈشمەنلىرى،
يەر بىلەن يەكسان بولسۇن.

غەم ـ غۇسسىگە باش ئەگمە،
ئەلنى باسقان تۈن كېتەر.
ئۈت قۇياشتەك نۇر چاقناپ،
بىزنى پارلاق كۈن كۈتەر.

# سېيىت نوچى

(تارىخىي داستان)

قەشقەر خەلقىنىڭ پىغانلىق كۆز يېشى بىلەن قوشۇلۇپ ئاققان تۈمەن دەرياسى بويىدا، كوزىچى ياربېشى [1] قويىنىدا سېيىت ئىسىملىك بىر ئەزىمەت بارلىققا كەلدى. ئۇ شىرنىڭ-كىدەك كەڭ كۆكرىكى، يولۋاس تاپىنىدەك ئالىقىنى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. تۆت دەرۋازىنىڭ ئىچى ۋە تېشىدىكى غېرىب - غۇرۋا، يېتىم - يېسىرلار ئۇنى ئۆزىگە ئاشىنا بىلدى. ئۇ ئون بەش ياشقا بارغاندا تۆشۈكدەرۋازا [2] دا بىر ناۋايغا نىمكار بولۇپ كىردى.

ئەلگەك بىلەن ئۇن تاسقاپ،
ئۆتمەكتە ئۆمۈر.
ئەتىگەندىن - كەچكىچە،
ئەيلەيمىز خېمىر.
خېمىر تاۋلاپ بولۇپتۇ،
بىلەكلەر تۆمۈر.

---

[1] كوزىچى ياربېشى — تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىي جەنۇب لېۋىگە جايلاشقان مەھەللە ئىسمى.

[2] تۆشۈكدەرۋازا — قەشقەر شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ ئىسمى.

سىيىت نوچى گىردىسى دەپ،
داڭقىم يېيىلدى.
داستىخانغا دەرمان بولۇپ،
ماختاپ يېيىلدى.
بۇ گىردىنى ھەر ياققا،
ئېلىپمۇ كەتتى.
ئالدى ئاقسۇ، ئارقىسى
يەكەنگە يەتتى.
يېتىم - يېسىر باغرىنى ئۇ،
ماكانى ئەتتى.
نەچچە يىلدىن نىمكار ئىشلەش
تەننى پىشۇردى.
بىلەكلەرگە دەرمان بېرىپ
قۇۋۋەت ئاشۇردى.
بوزەك قىلسا بەگ - غوجاملار
ئاجىز پۇقرانى.
قانداق چىداپ تۇرالايدۇ
سىيىت ۋىجدانى.
ئاگاھ بەردى سىيىت كۆپ رەت،
ھۆكۈمران بەگكە.
نەزەرگە ھېچ ئىلمىغاندا
قېتىلدى سەپكە①.

ئەلقىسسە، ئايلار ئۆتتى، يىل ئۆتتى. سىيىت ئاخۇن

① سەپ — بۇ يەردە شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە زالىملارغا قارشى قوزغالغان «گېلاۋخۇي» تەشكىلاتىنىڭ قەشقەردىكى شۆبىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

گىلاۋخوْيچىلارغا قىتىلىپ سىيىت گاڭگوڭ دەپ ئاتالدى. قان شورىغوْچ تىرىكتاپ بايلار، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ كوْزىگە مىخ بولوْپ قادالدى. سىيىت نوچىنىڭ ئوْستىدىن دادلاپ ما تىتەي[1] نىڭ ئالدىغا بەگزادىلەرنىڭ ئەرز - شىكايىتى ياغدى.

ئەمدى گەپنى سىيىت نوچىنىڭ ئوْزىدىن ئاڭلاڭ:

قارا ساچىم يەلپوْنوْپ
قاشىمغا چوْشتى.
توْمەن سەۋدا، بالالار
باشىمغا چوْشتى.
بولدى مىنىڭ يوْلەنچىم
گىلاۋخوْي هاشىم[2].
چامباشلىقنى ئوْگەتتى ئوْ،
جان دوست - ئاداشىم.
گىلاۋخوْيغا جەم بولدوْق،
دارىنغا قارشى.
خىيانەتچى، پارىخور
زالىمغا قارشى.
بەلنى باغلاپ يەك توْروْپ،
كوْتوْردوْق غوۋغا.
مەيلى دىدوْق بىزنى باغلاپ،
ئاسسىموْ دارغا.

---

① ما تىتەي — 1911 - يىلدىن 1932 - يىلغىچە قەشقەردە هوْكوْمرانلىق قىلغان فاشىست هەربىي ئەمەلدار، ئەسلىي ئىسمى ما پوْشىڭ.

② گىلاۋخوْي هاشىم — يەكەنلىك ماهىر چامباشچى بولوْپ، ئوْ گىلاۋخوْيغا قاتنىشىپ، يەكەن، قەشقەر ئەتراپىدا داڭق چىقارغان. ئوْنى كىشىلەر گىلاۋخوْي هاشىم دەپ ئاتىغان.

ھەر قەيەردە ئۆم بولۇپ،
باشلىدۇق جېدەل.
ئەل ئاغزىدا داڭقىمىز
بولۇپتۇ غەزەل.
قەشقەرىمدە ماتەمدە ماتىتەي
يارلىق چۇشۇردى.
سېيىت نوچىنى تۇتۇڭلار دەپ،
بۇيرۇق چۇشۇردى.

يوقىتىلدى گېلاۋخۇي
زىنداندا ھاشىم.
زولۇم، كۇلپەت قاينىمىدا،
قېلىپتۇر باشىم.
قەشقەرىمدە كۇن ئالماق،
تەس بولدى، كەتتىم.
ياۋا قۇشتەك ئايلىنىپ،
ئاقسۇغا يەتتىم.
قەشقەردىنمۇ بەك غېرىب،
غورۋانە ئاقسۇ.
خارابزارلىق ئوچىقى،
ۋەيرانە ئاقسۇ.
راۋابىمنى ھەمراھ قىلىپ،
يەتتىم كوچاغا.
ئالتە چېرىك بىر بولۇپ
ئالدى ئارىغا.
ئالتە چېرىك ئارىسىدا،
شۇنچە مۇشتلاشتىم.

قارا شەھەر دەرۋازىسىنى،
پەشۋادا ئاچتىم.

ئەمدى گەپنى قاراشەھەردىن ئاڭلايمىز:

ئەلقىسسە، سىيىت گاڭگوڭ قاراشەھەرنىڭ بىقىنىدىكى، چوڭ كۆۋرۈكنىڭ قېشىدىكى، دەريانىڭ ئېقىنىدىكى خوجۇلۇق بونجالىققا كېلىپ راۋابىنى ئالدى، زەخمەك ئۇرۇپ تارىغا شۇنداق لەرزان چالدى، تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن ئەھلى جا-پاكەش، مۇساپىر ـ ھۇجاۋىرلار ئۇنىڭ قولىغا قاراپ قالدى. راۋاب ئاۋازى ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە بىر ئوت سالدى.

بىر چاغدا سىيىت نوچى شۇنداق قاراپلا ھەيۋەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر پارچە قارا بۇلۇتنى كۆردى. سى-



يىت ئاخۇن دېدى-كى: « بۇ خۇدانىڭ كارامىتىمۇ يا ئەزرائىلنىڭ مالا-مىتىمۇ؟ ياكى بىر كاساپەتنىڭ ئالا-مىتىمۇ؟...» سى-يىت ئاخۇن سەپ-سېلىپ قارىغۇدەك بولسا، كېلىۋاتقى-نى قارا بۇلۇت ئەمەس، ئات تۇياق-لىرىدىن كۆتۈرۈل-گەن توپا ـ چاڭ ئىكەن. ئاتلىقلار-

نىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقىنى قاراشەھەرگە نامى پۇر كەتكەن بىر زالىمنىڭ بالىسى پور بايۇەچچە دېگەن چولە ـ زاڭ ئىكەن، ئۇنىڭ ئەخمەقلىقى، پوچىلىقى پۈتۈن قاراشەھەرگە داڭ ئىكەن.

پۇقرالار دېدىكى: «ھەي سېيىت نوچى، سېيىت گاڭگۇڭ! ئالدىڭدىكى ئاتلىق پور بايۇەچچىدۇر، خۇنسىلىقتا ئۆتۈپ كەتكەن بىر بەچچىدۇر، ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرى قىرىق نەچچىدۇر، ئۇنىڭ يۆلەك ـ پاناھى چوڭ، خەلق ئالدىدا گونا- ھى چوڭ، ئۆزىنى شىر سانايدۇ، نوچىلىقتىن تەمەيى چوڭ. ئۇنىڭ ئۆزى ئۆتۈپ كەتكەن مۇتتەھەم لالما، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ قالما، بەل تۇتۇشۇپ چېلىشىپ سالما، بەل تۇتۇش- ساڭ دەس كۆتۈر، يانپىشىڭغا ئالما!»

سېيىت نوچى شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، پور بايۇەچچىنىڭ بىر قولىدا تىزگىن، بىر قولىدا قامچا، كەينىدە ئون نەچچە چېرىك غالچا، غالچىلار قولىدا نەيزە، كالتەك، ئارغامچا.

پور بايۇەچچە سېيىت ئاخۇنغا قاراپ دېۋەيلەپ، ئۆز - ئۆزىچە كۆرەڭلەپ، نېمە دەيدۇ قېنى، قامچىسىنى تەڭلەپ:

قەيەرلىكسەن، نەلىكسەن؟
ئاتىڭنى سۆزلە.
راۋاب، زەخمەك قولۇڭدا،
زاتىڭنى سۆزلە.
ئايىغىمغا باش قويۇپ،
دادىڭنى سۆزلە.
قەيەرلىكسەن، قەلەندەر،
دىۋانىمۇسەن؟
يا بېشىڭغا كۈن چۈشكەن،
سەرسانىمۇسەن؟

ۋە يا داچەن دەردىدە،
ئاۋارىمۇ سەن؟
ياكى ئوغرى - بۇلاڭچى،
قاراقچىمۇسەن؟
قانداق غەرەزدە كەلدىڭ،
ھالىڭنى سۆزلە.

سېيىت نوچى بۇ ھاقارەتنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، كېلىشكەن قاپقارا بۇرۇتىنى بىر تولغاپ قويۇپ، نېمىدەپ جاۋاب بېرىپتۇ دەڭلار !

ئەزىزانە قەشقەرنىڭ —
سېپىل تېشىدىن.
شېرىن - شەربەت سۈيى بار،
تۈمەن قېشىدىن.
خۇمدانچىلار مەلىسى —
كوزىچى يار بېشىدىن
چىققان سېيىت ئىسىملىك —
پېقىر يىگىتمەن.
كىچىككە كىچىكمەن،
چوڭغا چوڭمەن.
پىششىققا پىششىقمەن،
توڭغا توڭمەن.
تەتۈرگە تەتۈرمەن،
ئوڭغا ئوڭمەن.
مىسكىنلەرنىڭ مۇڭدىشى،
ئامراق يىگىتمەن.

ئالداشىمۇ ئۇقمايمەن،
رەمبال ئەمەسمەن.
يا قەلەندەر ـ دىۋانە،
ئابدال ئەمەسمەن.
خەقنى ئۇرۇپ ـ سوقمايمەن،
ئامبال ئەمەسمەن.
يامىنىدىن قورقمايمەن،
چەبدەس يىگىتمەن.
نەگە بارسام ھەمراھىم،
مېنىڭ راۋابىم.
چالسام سازىم، مادارىم،
قىلسام تاۋابىم.
بىلمەك بولساڭ شۇ ساڭا،
سۆزۈ جاۋابىم.
ئەزىزانە قەشقەردىن،
چىققان سىپىتمەن.

پور بايۋەچچە دېدىكى: «ئەي يۇرت ـ ماكانى يوق ھارامزادە، مەن بولسام ئاررۇلۇق بەگزادە، كىيىم ـ سەرپايلىرىم ئازادە، بەخت ـ دۆلەتتە يېتىشەلمەيدۇ ماڭا ھەرقانچە شاھزادە، مەن بولسام قاراشەھەردە ئاتالغان گاڭگۇڭمەن، نامۇ شۆھرەتتە رۇستەمى داستانىدىن چوڭمەن. قېنى، كۈچ سىنىشايلى، بىر قەپەس ئېلىشايلى. گاڭگۇڭ بولساڭ مەيدانغا چۈش، چېلىشايلى.»
سىپىت نوچى دېدىكى: «سەندىن قورقۇنچ، دىشۋارىم يوق. ساڭا ئاتار پەشۋارىم يوق. بىرپەس ئارام ئالغىلى قوي، ئىككى پەدە چالغىلى قوي.»
پور بايۋەچچە دېدىكى: «پۇراپ باقساڭ مۇشتۇمۇمنى،

يوقىتىسەن ھوشۇڭنى، بىر مۇشت بىلەن سىپىستاي جىگىرىڭ-نى - گۆشۈڭنى، باش ئۇستۇڭگە قوندۇراي ئەجەل - ماتەم قۇشۇڭنى !»

پور بايۋەچچە شۇ سۆزلەردىن كېيىن سىپىت نوچىغا شۇنداق بىر مۇشت ئاتتى. مۇشتى قاڭقىپ كېتىپ ئۆزى ئې-غىناپ بىر ئازگالدا ياتتى، زەي - پاتقاقتا پاتتى. بۇ ئىزاغا چىديالمىغان پور بايۋەچچە سىپىت گاڭگۇڭغا شۇنداق بىر پەشۋا ئاتقانىدى، بايۋەچچىنىڭ پۇتلىرى سىرقىراپ كەتتى، كاللىسى پىرقىراپ كەتتى، ئۆزى بىلەن ئۆزى «ۋاي پۇتۇم !»دەپ چىرقىراپ كەتتى، ئۇنى بوغۇلۇپ خىرقىراپ كەتتى. «يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ، توۋا قىلسا كۆڭلى قويماپتۇ» دېگەندەك، پور بايۋەچچە پۇتۇن كۈچىنى كاللىسىغا يىغىپ سىپىت نو-چىنىڭ مەيدىسىگە



شۇنداق ئۇستىكى، بايۋەچچىنىڭ باش - كۆزى زىڭىلداپ كەت-تى، قۇلاقلىرى ۋى-ڭىلداپ كەتتى، پېشا-نىسى ھۆررەكلەپ سېسىق تۇخۇمدەك لىغىرلاپ كەتتى. باي-ۋەچچىنىڭ بېشى دو-قىدىن ئۆتۈپ سوقىغا ئايلىنىپ كەتتى. خەل-قئالەم ئالدىدا يۈزى تۆكۈلگەن، قەددى پۈ-كۈلگەن، يۈرەك چېكى

سۆكۈلگەن پور بايۋەچچىنىڭ جېنى بوغۇزىغا قاپلاشتى، سېيىت گاڭگۇڭنىڭ ياقىسىغا كانىدەك چاپلاشتى. «ھەي سېھىرگەر گاداي! ئۆزۈڭگە سورە ئەپسۇننى ئوروۋاپسەن، ئادەم سىياقىغا كىرىۋاپسەن. يور يامۇلغا، مەن شۇ يەردە سىرىڭنى ئاچاي، باش - كۆزۈڭگە ئەدەپ دورىسى چاچاي!...»

سېيىت نوچى دېدىكى: «مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم ئىدى. بۇنى ئۇقمايسەن، ئۈچ نۆۋەتنى ساڭا بەرسەم ئۆزۈڭنى سورىمايسەن، ئاستا دېسەم بەك دەيسەن، داپقا چۈشكەن ماياقتەك سەكرەيسەن، كۆرۈپ باق مېنىڭمۇ كارامىتىمنى!»

سېيىت نوچى پور بايۋەچچىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپلا شۇنداق بىر كۆتۈرۈۋىدى، ئۇ يىلتىزى يوق سېسىق كۆتەكتەك، پاشىنىسى يوق ئەسكى ئۆتۈكتەك يۇلۇنۇپ چىقتى. سېيىت نوچى ئۇنى بىر قولى بىلەن شۇنداق ئايلاندۇرۇۋىدى، ئەيىۇھەنناس! چاقپەلەكمۇ ئۇنداق ئايلانماس، پىر - پىر - پىر...!!! سېيىت نوچى ئۇنى قاراشەھەر دەرياسىغا شۇنداق ئېتىۋىدى، پور بايۋەچچە خۇددى داشقا چۈشكەن ماشتەك، تاغدىن چۈشكەن تاشتەك، كۆزدىن ئاققان ياشتەك، تۇز قويمىغان ئاشتەك، قىلىچ ئۈزگەن باشتەك، دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا چۈشتى.

ئەمدى گەپنى قاراشەھەر ئامباللىرىدىن ئاڭلايمىز: چېرىكلەر پور بايۋەچچىنى سۈزۈۋېلىشتى، ئۆزلىرىنىمۇ ئازراق تۈزۈۋېلىشتى. دېيىشتىلەركى: «سېيىت نوچى تولىمۇ قارام ئىكەن، ئۇنىڭ خۇسۇسىدا بۆلەكچە ئويلاش ھارام ئىكەن، كۈچ تۇرقىدا كۆڭلى ئارام ئىكەن، كەمبەغەل پۇقرالار ئۇنىڭغا رام ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشساق بىزگە خوۋلۇق بولماس. چىرايلىقچە سوۋغا - سالام تارتۇق قىلىپ، بەزىسىنى ئارتۇق قىلىپ ئۈزىتىپ قويۇپ، ئۇ كەتكەندىن كېيىن بۇ زىيانىنى

پۇقرالارغا چېچىپ بىرنى ئۇن قىلىپ ئۇندۇرۇۋالساق.»

بۇ يامان نىيەتلىك غەرەزدىن سېيىت ئاخۇن تامامەن بىخەۋەر ئىدى. ئەتىسى ئۇلار قاراشەھەر ئېتىدىن بىرنى ئۇنىڭغا يوللۇق تۇتۇپ: «ھەي سېيىت نوچى، سېيىت گاڭگۇك ! بالىلار سېنى رەنجىتىپ قويغان بولسا بىز ناماقۇل. سەپىرىڭدىن يانمىساڭ، شەھىرىمىزدە تۇرۇپ قالمىساڭ» دېيىشتى.

سېيىت ئاخۇن «بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپ، يارۇ دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئاتقا بىر قامچا سالدى، ئىلىخوغا قاراپ يول ئالدى:

ئىلىخوغا بارماڭلار،
يولى خەتەردۇر.
زىمىستان قىش نەشتىرى
جاندىن ئۆتەردۇر.
مۇساپىرلار، دەردمەنلەر
يولدا ياتادۇر.
ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ،
غەمگە پاتادۇر.
ئىلىخوغا مەن بېرىپ،
قالدىم بالاغا.
ياغاق يۇزلۇك چېرىكلەر
ئالدى ئاراغا.
ئالتىسىنىڭ سۇندۇرۇپ
ئۇتتۇر چىشىنى.
پەشۋا بىلەن، مۇشت بىلەن
ياردىم بېشىنى.
ئىلى دەريا بويىدا

چالدىم راۋابنى.
خالاس ئەتتىم قۇل - يېتىمنى،
تاپتىم ساۋابنى.
قۇل - يېتىمنىڭ ياتقان يېرى
پىتلىق ئاۋاختا.
قۇل - يېتىمغا ئاش بېرەركەن
سۇنۇق تاۋاقتا.
ئاۋاختىنى ئاي يورۇقى،
ئايدىڭدا چاقتىم.
قوش قولۇمنى قېيىق قىلىپ
دەريادا ئاقتىم.

يىگىرمە ئالتە ياشىمدا،
كۈنلەر چۈشتى باشىمغا.
ئەرزىمنى بايان ئەيلەي،
يارۇ دوست قاياشىمغا.
ئەزىزانە قەشقەردە
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بويۇم بار.
شەھەر كېزىپ، يۇرت كۆرمەك،
ئىچكە تولغان ئويۇم بار.
شەمۇشەنى ئايلىنىپ
ئۇچتۇرپانغا كېپقالدىم.
قولغا ئېلىپ راۋابنى،
ھەر پەدىگە چېپقالدىم...
ئۇچتۇرپانلىق كۆڭلىگە
سېيىت ئاخۇن يېقىپ قالدى.

ياقا يۇرتلۇق بولساموۇ
سۆزلىرىم ئېقىپ قالدى.
يەتتى بۇلۇڭ - پۇچقاقتا
يېيىلىپتۇ ئاتىقىم.
يول - يول ئىكەن ھەر ياقتا،
ئەل - يۇرت بولدى ياتىقىم.
خالايىقلار دەر ئىدى:
«سېيىت نوچى كەلگۈسى.
ئۇنىڭ قەدىمى يەتمىكى،
ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى...»
نائەھلىلەر شۇ كەمدە،
ئىچى ئاداپ ھالىمغا.
تۆھمەت توقۇپ ئۇستۇمدىن،
ئەرز قىپتۇ دارىنغا:
«سېيىت يۇرتنى ئازدۇردى،
ئوغرىلارنى جەم قىلىپ.
سىزگە ئورا قازدۇردى،
بۇ يۇرتقا بالا تېرىپ.
ئۇنى يوقىتىڭ دەرھال،
تۇخۇمى قۇرۇپ كەتسۇن.
ئۇ يالاڭتۆش غوۋغاچى،
يەر يۇتۇپ چىرىپ كەتسۇن...»
يالپاق بۇرۇن دوتەيىنىڭ،
رەڭگىرويى ئۆڭۈپتۇ.
سېيىت توغرۇلۇق خىيالى،
ھەر كوچىغا مېڭىپتۇ.



ھەممىگە ئايان ئىد-
كەنكى، ئۇچتۇرپانىنىڭ
ئامبىلى ما شاۋۋۇ ئەسلى-
دە قەشقەرنىڭ دوتىيى
بولۇپ، گىلاۋخۇيچىلارنى
يوقىتىشتا داڭق چىقارغان
چوڭ جاللات ئىدى. شۇ
چاغدىن باشلاپ سىيىت
نوچىنى تونۇيتتى. بىراق،
قەشقەردىكى چېغىدا سې-
يىت نوچىنى يوقىتىش
مەقسىتىگە يېتەلمىگەن-
دى. گاڭگوڭنىڭ تۇيۇقسىز بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقى ئۇنى
ناھايىتى ھەيران قالدۇردى. لېكىن، ئۇ ئۇچتۇرپاندا سىيىت
نوچىنى جايلىۋېتىشكە مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. بۇلارنى
ئويلاپ يەتكەن بۇ ھىيلىگەر يېڭى خىزمەت ئارقىلىق خاننىڭ
ئىلتىپاتىغا ئېرىشمەك خىيالىدا سىيىت نوچىنى ئۇجۇقتۇ-
رۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، كونا ھۈنىرىنى ئىشقا سالدى:

«ھەي نوچى، سىيىت گاڭگوڭ،
ئۇچتۇرپانغا خۇش كەپسەن.
مەن كۆرۈپ دىدارىڭنى،
بولدۇم تولىمۇ خۇرسەن.
تەڭ كەچكەن ئەمەسمىدۇق،
تۇمەن دەريا بويىنى.
تەڭ ئىچكەن ئەمەسمىدۇق،
ئۇنىڭ شەربەت سۈيىنى.

تەڭ ئاڭلاپ ئەمەسمدۇق،
ھېيت - ئايەم كۈيىنى.
بىللە كۆرۈپ كەلگەن بىز،
ئەزىز قەشقەر باغرىنى.
ھېيت - ئايەمدە تەڭ ئاڭلاپ،
كاناي، سۇناي، ناغرىنى.
قەشقەرلىكنى كۆرگەندە
تەنگە سىغماي كېتىمەن .
داستىخان سېلىپ ئالدىغا،
ئىززەت - ئىكرام ئېتىمەن.
ھەي نوچى، سېيىت گاڭگۇڭ،
يۇرسەڭ، ئوردىغا بارساڭ.
ئۇستىخىنىڭ چۇشۇپ قالسا،
بۇ يۇرتتا تۇرۇپ قالساڭ.»
ماقۇل دەپ سېيىت نوچى،
ئوردىدا تۇرۇپ قاپتۇ.
پۇۋلەپ يەل بېرىش، ماختاش،
جايىغا بېرىپ قاپتۇ.
ئاق تەڭگە بىلەن چوكان،
كۇنمۇكۇن كېلىپ قاپتۇ.
يالپاق بۇرۇن ما دارىن،
ھەر ياڭزا كۇلۇپ قاپتۇ.
ئاي، يىللار ئۆتۈپ مەزگىل،
بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ.
شۇنداق بىر كۇن كېچىدە،
سېيىت نوچى چۇشىدە،
ئانىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

قەشقەرگە كېتەيىن دەپ،
مىسكىن ئانا قېشىغا،
پات بېرىپ يېتەيىن دەپ،
قېرىغان چېغى يېنىدا،
خىزمەت قىلىپ ئۆتەيىن دەپ.
ئۆز قولىدىن ئېشىنى،
بىر قوشۇق ئىچەيىن دەپ.
مانا شۇنداق ئويلاپتۇ،
ئۆي بويىنى بويلاپتۇ.
دارىن ئالدىغا كىرىپ،
ئىجازەتمۇ سوراپتۇ.

ئەلقىسسە، سېيىت نوچى شۇ كۈنى تاڭ ئېتىش بىلەن ما دارىننىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلدى ۋە بۇ ئەرزنى بايان قىلدى:

قوي ئىزدەر قوزاسىنى،
قوزىمۇ ئاناسىنى.
ھاۋادىكى قۇشلارمۇ،
سېغىنار ئۇۋاسىنى.
سېغىندىم يۇرەك ـ دىلدىن،
ئانام مېھرىبانىمنى.
سېغىندىم — ئېتى مەمەت،
ئۇكامنى — غەمگۇزارىمنى.
تۇمەن دەريا سۇيىدىن،
تويغۇچە يۇتاي دەيمەن.
غەمگۇزارىم ئانامنىڭ،
ئالدىدا ئۆتەي دەيمەن.

يار بېشىدا ئولتۇرۇپ،
راۋابىم چالاي دەيمەن.
غېرىب - غۇرۋا، يارەنىنىڭ
كۆڭلىنى ئالاي دەيمەن.
قەشقەرگە باراي دەيمەن،
مېھرىگە قاناي دەيمەن.
ما دارىن، ئىجازەت بەر،
يولغا ئاتلىناي دەيمەن.

ما دارىن شۇنداق جاۋاب بەردى:

ئىجازەت بېرەي دېسەم،
مەن ساڭا چىدالمايمەن.
باشتىلا دېمەپتىمەن،
سەندىن ئايرىلالمايمەن.
ئىجازەت بېرەي، گاڭگۇڭ،
چارەم يوق بۆلەك ياڭزا.
يوللۇقۇم بېرەي ياچەن،
تېخى بىر چىلىم غاڭزا.
يالغۇز ئانىغا سەندەك،
جان كۆيەر ئوغۇل لازىم.
ئالدىغا بېرىپ دەرھال،
ئاڭا ئەيلىگىن تەزىم.
قەشقەردىكى تىتەيگە
خەت يېزىپ بېرەي، ئەكەت.
خەتنى كۆرسە ما تىتەي،
دەيدۇ ساڭا كۆپ رەھمەت.

سەن ئۆزۈڭ سېيىت گاڭگۈڭ،
قىلدىڭ بىزگە كۆپ خىزمەت.
ئەجرىڭ قەدرىگە لايىق،
مەنمۇ بىلدۈرەي ئىززەت.
بۇ خېتىمنى ئاپىرىپ،
بەر تىتەيىنىڭ ئۆزىگە.
سېنى باشلىق قىپ قويار،
تۆت دەرۋازىنىڭ بىرىگە.
باشلىق بولۇپ شۇندا سەن،
ئويناپ – كۈلۈپ ئۆتەرسەن.
گاڭگۈڭ نامىڭغا لايىق،
مۇرادىڭغا يېتەرسەن.
بۇ يۇرتتىن كېتەر بولدۇڭ،
ئىچىمگە سىيلىپ ئوتنى.
ئەته يولغا چىق، گاڭگۈڭ،
تەييارلاپ قوياي خەتنى.

ئەلقىسسە، ما دارېن ئۇخلىماي خېتىنى يازدى، گاڭگۈڭنىڭ ھايات يولىغا ئەجەل خەندىكى قازدى. ئەتىسى سېيىت نوچى بۇ خەتنى ئېلىپ، قوينىغا قاتلاپ سېلىپ، دارېن ئالدىدىن چىقىپ جاپاكەش يۇقرالارغا تويماي بېقىپ، يۈرىكى شامدەك ئېقىپ شۇنداق دېدى:



خوش بۇرادەر، يارەنلەر،
بىللە ئويناپ ئۆتكەنلەر.
ئۆزرەمنى ئېيتىپ قالاي،
قەشقەرگە كېتىپ قالاي.
داغى پەرزەنت ئانامنىڭ،
قان - قېرىنداش ئۇكامنىڭ،
مېھرىگە قېنىڭالاي.
قىلغان بولسام مەنمەنلىك،
ئۆتكەن بولسا سەۋەنلىك،
كەچۈرۈڭلار، يۇرتداشلار،
خەير - خوش، قېرىنداشلار.

ئەلقىسسە، سېيىت نوچى يار - بۇرادەرلىرى بىلەن خوشلىشىپ، قەشقەرگە قاراپ يول ئالدى. ئۇچتۇرپاندىن ئۇزاپ كەتكەندە، مارالبېشىنىڭ تۇمشۇقىغا يەتكەندە نوچىنىڭ ئېتى بىر شورلۇق يەرگە پاتتى. سېيىت نوچى ئاتتىن چۈشۈپ كۆ-تۈرۈپ تارتتى. تۇز ئارتقان ئېشەكنى ھەيدەپ پاتقاقتىن ئامان چىققان بىر تۇزچى بوۋاي بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. سېيىت نوچىغا ياردەملىشىپ ئاتنى تارتىۋالدى. تۇزچى بوۋاي ئېيتتىكى:

ئوغلۇم سېنىڭ چىرايىڭ،
زەپمۇ ئىللىق كۆرۈندى.
ئېتىڭ پېتىپ شورلۇققا،
خەۋپتىن خەۋەر بىلىندى.
سەپىرىڭدىن بىر گۇمان،
ئايان بولدى كۆڭلۈمگە.

مەنزىلىڭگە يەتكۈنچە،
ئاگاھ بولغىن ئۆزۈڭگە.
ئېيتقىن نېمە قىسمەت بار؟
سەپىرىڭدە، ئىشىڭدا،
ئۆتكەن قانداق خىسلەت بار؟
سېنىڭ مىسكىن بېشىڭدا.

ئەلقىسسە، سېيىت نوچى تۆزچى بوۋايغا سەرگۈزەشتىلىرىنى ھېكايە قىلىپ بەردى. ما دارېنىنىڭ خېتىنى قويىنىدىن ئېلىپ پوتىسىغا مەھكەم تۈگدى.

تۆزچى بوۋاي ئېيتتىكى:

— ئەي ئوغلۇم، ئۇشبۇ خەتنى يېنىڭدا ساقلاپ يۈردۈڭمۇ؟ خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ كۆردۈڭمۇ؟ بۇ زامانىنىڭ ئامباللىرىدا ئىنساپ قالمىدى. نادانلىق قىلىپ، تەۋەككۈل كەمىرىدە بېلىڭنى باغلىما، دارېنىنىڭ خېتىنى سەل چاغلىما، پالاكەت باسمىسۇن سېنى، خەتنى ئوقۇپ باقايلى قېنى.

سېيىت نوچى ئېيتتىكى:

ئامانەتكە خىيانەت،
نامەرد ئىشىدۇر.
پالاكەتنىڭ ئامرىقى،
قورققاق كىشىدۇر .
ھاياتىمدا نامەردلىك
قىلغان ئەمەسمەن.
جاننى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە،
ساتقان ئەمەسمەن.
كەلسە ئەجەل ناۋادا،

جاننى ئالادۇر.
سۆلار ئېقىپ ئاستىدا،
تاشلار قالادۇر.
قەشقەرىمدە يارەن كۆپ،
يالغۇز ئەمەسمەن.
كىمكى قىلسا يامانلىق،
ئادەم دېمەسمەن.

تۇزچى بوۋاي ئېيتتىكى: «خەير، ئوغلۇم، ساق ئاقىۋول بولسۇن، خەۋپ - خەتەر سەندىن يىراق تۇرسۇن. دۈشمىنىڭ قان قۇسۇپ ئۆلسۇن، دوستلىرىڭ شاد - خۇرام كۈلسۇن.»

ئەلقىسسە، سېيىت نوچى تۇزچى بوۋاي بىلەن خەيرلىشىپ ئېتىغا يەنە مىندى، ئالغا قاراپ يول يۈردى، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈردى. يولنى كۆپ بېسىپ، كۆرگەنلا يەردە كىشىلەر قازان ئېسىپ، ئاخىر دەمدە قەشقەرگە يېتىپ باردى. قان - ياش ئاقار تۈمەن دەرياسى بىلەن كوزىچى ياربېشىنى كۆردى.

سېيىت نوچى دېگەن گاڭگۇڭ،
دۈڭنىڭ ئۈستىگە چىقسا.
ئانا مېهرىنىڭ شامى،
باغرىدا ئېرىپ ئاقسا.
هەر ياقتىن خاراب يۇرتى،
هەسرەت ئوتىنى ياقسا.
تۈمەن تولغۇدەك قان - ياش،
تۇرماي تامچىلاپ ئاقسا.
ياش تولغان كۆزى بىرلە،
تويماي هەر تامان باقسا،

ئىشىككە كېلىپ قاقسا،
ئىشىك تاقىلىپ قاپتۇ،
چىراغمۇ ئۆچۈپ قاپتۇ.
ئانىسى غېرىب مەزلۇم،
ئاھ ... چېكىپ يېتىپ قاپتۇ،
غەملەرگە پېتىپ قاپتۇ،
ئۇخلاپمۇ قېتىپ قاپتۇ.
جان ئانا... جېنىم ئانا...
دەپتۇ سۆزىنى باشلاپ.
ئاڭلىتالماي ئۆگزىگە،
قوشلاپ چالمىنى تاشلاپ.
يەنە تەكرار تولۇلاپتۇ،



بوتىلاقتەك بوزلاپتۇ.
جاراھەتلىك باغرىنى،
ھەسرەتلىرى تۇزلاپتۇ،
تۇۋلاشلىرى تېزلەپتۇ.
ئاخىر ئاڭلاپ ئانىسى،
ياندۇرۇپتۇ چىراغنى.
ئويلاپ يېقىن - يىراقنى،
ئىچىنى خىيال ئوراپتۇ،
كىملىكىنى سوراپتۇ.
«جان ئانا، جېنىم ئانا»
دېگەن بىر سادا كەلدى.
«ئىشىكنى ئاچ، جان ئانا،
مۇساپىر بالاڭ كەلدى.»
شۇ سۆز بىلەن ئانىسى،
ئىشىككە ئوقتەك ئېتىلىپ،
سۆزگە قان - ياش قېتىلىپ،
بويىنىغا گىرە سېلىپ،
«ھارماڭ، بالىكام» دەپتۇ.
يىرتىق داستىخان ئېچىلىپ،
گۇلە - قاقلار چېچىلىپ،
ھېجىردا چاي ئىچىلىپ،
ئۆيگە ئادەم تولۇپتۇ،
تۇنمۇ تامام بولۇپتۇ.
ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا،
مەزىن ئەزان ئېيتقاندا،
سېيىت نوچى جامەدە

جامەئەتنى كۆرۈپتۇ.
يىغلاپتۇ ھەم كۈلۈپتۇ.
ئۆيگە قايتىپ كېلىپتۇ،
ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ.
پەستە تۇرۇپ قول باغلاپ،
چاپان كىيىپ بەل باغلاپ،
ئانىسىغا خۇش قاراپ،
شۇنداق بىر سۆز قىلىپتۇ.
«مەن يامۇلغا كىرەيمەن،
ما تىتەينى كۆرەيمەن.
ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا،
ھۆرمەت سالام بېرەيمەن.
سۇڭرە ئامانەت خەتنى،
ئۆز قولىغا بېرەيمەن.»
شۇنداق دەپ سېيىت ئاخۇن،
ئىجازەتنىمۇ ئاپتۇ.
خۇداغا ئامانەت دەپ،
ئانا ئىشىكتە قاپتۇ.
خەتنى ئوقۇپ ماتىتەي،
باشنى ئاستا چايقاپتۇ.
يۇمشاق كۈلكىدىن نوچى،
ھەر ئەھۋالنى بايقاپتۇ.
شۇندا تۇزچى بوۋاينى،
دەررۇ يادىغا ئاپتۇ.
شۇ ئوي، شۇ خىيال بىرلە،
تىتەيگە قاراپ قاپتۇ.

سۆڭرە سۆزلەپ ما تىتەي،
ئۆچ كۈنلۈك سۈرۈك دەپتۇ.
ئۆچ كۈن كېيىن يامۇلغا،
سەن ئۆزۈڭلا كەل دەپتۇ.
بىز كېڭەشنى پۈتتۈرسەك،
پېشانەڭگە يېزىلغان
كارامەتنى كۆر دەپتۇ.

ئۈچىنچى كۈن سېيىت ئاخۇن،
ئاجايىپ چۈش كۆرۈپتۇ.
چۈشىدە تېخى شۇنچە،
نۇرغۇنلا ئىش كۆرۈپتۇ:
چوڭ يولدا كېتىپ بېرىپ،
قارا ئىتنى كۆرۈپتۇ،
ئويغىنىپ ئۇ ئويلاپتۇ،
باش - ئاياغدىن ئويىنى.
دەرھال بېرىپ هاممامغا،
سۇغا ساپتۇ بويىنى.
ئانىسىغا سۆز قوشۇپ،
دەپتۇ: سەندىن سورايمەن.
بۈگۈن ئۇلۇغ جۈمە كۈن،
ئاپاق غوجامغا چىقىپ،
ناماز ئوقۇپ كىرەيمەن.
ئانا بېرىپ ئىجازەت،
ئىشىك تۈۋىدە قاپتۇ.
دۇئا بىرلە سېيىت ئاخۇن،
ھەزرەت ياققا يول ئاپتۇ...

ئاڭلىناتتى ھەرياندىن،
دەرد ـ ئەلەم، پىغان زارى.
تاشۋايدەك راۋابچىنىڭ،
ئۈزۈلگەن يۈرەك تارى.
ئۈجمىلىك باغ ئەتراپى،
ئايلىنىپتۇ مازارغا.
يالىڭاچ تەن، يوقسۇللار،
چىقالماپتۇ بازارغا.
ئاربىلاپ سېيىت نوچى،
كۆردى ئەلنىڭ ھالىنى.
بۇلاپ ئالغان ئاچ كۆزلەر،
يۇرتنىڭ بار ـ يوق مالىنى.
كۆزى چۈشتى ھەر يەردە،
ياخشى بىلەن يامانغا.
يۈرىكىدە ئوتياندى،
لەنەت ئوقۇپ زامانغا.
ھەممە يۇرتتا خار پۇقرا،
دەرد ـ ئەلەمگە يار پۇقرا.
قان يىغلايدۇ ھەسرەتتە،
بۇردا نانغا زار پۇقرا.
ئاھ ... خۇدايا، ئالەمنى،
ئۆزلۈك ئالغان ھۆددەڭگە.
رەھىم ـ شەپقەت قىلساڭچۇ،
بىزدەك مىسكىن بەندەڭگە.
ئالىمىڭنى كەڭ قىلىپ،
زامانەڭنى تار قىپسەن.

ئادىمىگنى ئەلەملەپ،
ئىت ـ ئېشەكتەك خار قىپسەن.
شاپائەت قىل قەشقەرگە،
شەپقىتىگنى ياغقۇزغىن.
قانغا تويماس زالىمنى،
ئۆزۈڭ زاۋال تاپقۇزغىن.
سېپىت نوچى ھەر يەردە،
يىرتىق چاپان، تون كۆردى.
تونىنى بويلاپ تۆكۈلگەن،
لەختە ـ لەختە خۇن كۆردى.
يۈرەك ـ باغرى ئۆرتىنىپ،
كاۋاپ بولۇپ ياناتتى.
ساماۋاردا ئولتۇرۇپ،
ئىچ ـ قارنىنى تولدۇرۇپ،
ئەل ـ يۇرت بىلەن مۇڭدىشىپ،
دىدارىغا قاناتتى.
ساماۋارنىڭ چۆرىسى،
ئادەم بىلەن لىق تولغان.
ئۇلۇغ ـ ئۇششاق قەشقەرلىك،
ئەتراپىغا جەم بولغان.
چىقىپ كەپتۇ بىر چاغدا،
بىر توپ چېرىك ئات بىلەن.
يارلىق ئېلىپ يامۇلدىن،
تىتەي يازغان خەت بىلەن.
چېرىك سالام بېرىپتۇ،
قاتارلىشىپ تۇرۇپتۇ.

سېيىت ئۇقۇپ ئەھۋالنى،
دەرھال يولغا يۈرۈپتۇ.
دوست - يارەنلەر ئەگىشىپ،
تولىسى گەپ تەگىشىپ،
يۈرگەندە تېز يۈرۈپتۇ،
كۆپ خىياللار سۈرۈپتۇ.
تۇندە كۆرگەن چۈشىنى،
يول توسقان قارا ئىتنى،
قانچە تەكرار كۆرۈپتۇ.
شەھەرگە يېقىن كەلگەندە،
قارىغا[1] سۇ بەرگەندە،
كۇسۇلدىشىپ چېرىكلەر،
سۆزلەشكەننى كۆرگەندە،
«نېمە گەپ؟» دەپ سوراپتۇ،
جاۋابىنى تىڭشاپتۇ.
«باغلاپ ئەكىر» دېگەننى،
چېرىكلەردىن ئاڭلاپتۇ.
ئاڭلاپتۇ - دە، دەرھاللا،
ئۆز - ئۆزىنى ئوڭلاپتۇ.
بەلنى مەھكەم باغلاپتۇ.
باغلاڭلار دەپ قولىنى،
ئارقىسىغا جۇغلاپتۇ.
ئۇ ئۆزىنى يولۋاستەك،
گويا شىردەك چاغلاپتۇ.

① قارىغا — بەشكېرەمدە ھەزرەت يول ئايرىلىشىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

چىرىك دېگەن تىترىشىپ،
چۈشىن ئوخشاش چىرمىشىپ،
سېيىت ئاخۇننى باغلاپتۇ.
ئاندىن بىر سۆز ئاڭلاپتۇ:
«ھېچ گۇناھ يوق سىلەردە،
خاننىڭ ۋاجىپ يارلىقى،
يۇرت - جامائەت خوش ئەمدى.
رىزا بولۇڭ قەشقەرلىك
ئۇلۇغ - ئۇششاق يارلىقى.»
يۇرت شۇ سۆزنى ئاڭلاپتۇ،
يۇرەك - باغرىن داغلاپتۇ.
كۆكرەك كېرىپ سېيىت ئاخۇن،
ئالغا ماڭغان چاغلاردا
ھەممە ھۆر - ھۆر يىغلاپتۇ.

ئەمدى گەپنى قەشقەرنىڭ دارېنلىرىدىن ئاڭلايمىز:
«ئۇ پۇقرالار بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ بولغۇچە يوق قىلىد-ۋەتمىسەك بىزگە ئامانلىق بولماس، شۇڭا دەرھال سەكسەن چىرىك ھازىر بولسۇن، سېيىت نوچىنى تۇتۇشقا يۇرسۇن، سېيىت نوچى گۇندىخانىغا كەلتۈرۈلسۇن». سېيىت نوچىنى ئاشۇنداق كەلتۈرۈشتى. سېيىت نوچى ما تىتەينى كۆرمەك تە-لىپىنى بەردى، تىتەي قوبۇل كۆردى. سېيىت نوچى شۇنداق دەپتۇ:

كېزىپ دەشتى باياۋان،
ئاشتىم تاغ - داۋان.
نەگە بارسام پۇقرانىڭ،
ھالى بەك يامان.



رەڭگى سولغۇن، زەپىران،
باغرى لەختە قان.
ئىچكىنى ئوغا، زەھەر،
چەككىنى پىغان.
ئۇچتۇرپاندا ما دوتەي،
يېزىپ بەردى خەت.
سىزگە تىلەپ ئامانلىق،
بەخت - پاراغەت.
ما دوتەيىنىڭ خېتىنى،
مەندىن ئالدىڭىز.
ئەمدىن نېچۈن بىلمىدىم،
ئايىنىپ قالدىڭىز؟

ئەلقىسسە، ما تىتەي مۇغەمبەرلىك بىلەن سېيىت گاڭ-گۇڭغا قاراپ قالدى، خۇپسەنلىك بىلەن ھېچنېمىنى ئۇقماس كىشى بولۇۋېلىپ ئۆز يېغىدا ئۆزىنى قورۇشقا پۇرسەت تاپتى، ھىيلە - مىكىرلىك نىقابىنى يۈزگە تارتتى:

ھەي نوچى، سېيىت گاڭگۇڭ،
ئۆزۈڭنىڭ ئۆلۈم نامەڭنى،
سەن ئۆزۈڭ ئېلىپ كەپسەن،
مېنىڭ بۇ يۇرتىمگە،
نادامەت سېلىپ كەپسەن.
خەت بىلەن مېنىڭ بىلسەڭ،
كۆكسۈمگە پىچاق پاتتى.
قانداق قىلىمىز، گاڭگۇڭ،
ئەجەبمۇ بېشىم قاتتى.

مەن ساڭا ئىدىم ئامراق،
ئۆلتۈرەي سېنى قانداق؟
ئۆلتۈرمەي دېسەم نوچى،
خانىنىڭ يارلىقى شۇنداق.
ئەي ئامبال، — دېدى گاڭگۇك ، —
تەڭلىكتە تۇرۇپ قالما.
خانىنىڭ ئالدىدا ئاسىي،
گۇناھكار بولۇپ قالما.
چېرىكلەرگە ئېيت دەرھال،
مىلتىقىغا ئوق سالسۇن.
مويتۇڭزىغا ئېپچىقىپ،
ھايالسىز جېنىم ئالسۇن.
ئەزىزانە قەشقەرلىك،
مېنى بىر كۆرۈپ قالسۇن !...
جاللاتلار كېلىپ شۇ دەم،
بوينىغا تاقاق سالدى.
پۇتىغا سېلىپ ئىشكەل،
زىندان باغرىغا ئالدى.
ئون تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى،
تاقىتى تۈگەپ كەتتى.
مەرد يىگىت سېيىت گاڭگۇك،
سۆزىنى بايان ئەتتى.
دېدى ئۇ: چىدامىم يوق،
يا بۆلەك تەمەيىم يوق،
ئۆلتۈرسەڭ بۇگۈن ئۆلتۈر،
جۈمە كۈن كېلىپ يەتتى.
......

جەم بولۇشتى ئامباللار،
يەڭگۈشلىشىپ تامباللار.
«داچەي ھارۋىنى قوش دەپ»
يارلىق قىلدى دەرھاللا.
تۆت ئاتلىق يوغان ھارۋا،
تەييار بولدى، تەخ بولدى.
سېيىت نوچىنى ئاتماقچا،
ئېلىپ ماڭار ۋاخ بولدى.
ئات ھارۋىنى قاتقاندا،
توققۇز پاي پو ئاتقاندا،
تۆت دەرۋازىغا يۈزدىن
تۆت يۈز چېرىك پاتقاندا،
يورغىلىشىپ ھەر يانغا،
تېپىرلىشىپ ياتقاندا،
تەشۋىش تولغان باشلىرى،
قارا تاشتەك قاتقاندا،
سېيىت نوچىنى چىڭ باغلاپ،
ئوردا ئالدىغا ئېپ كەلدى.
ئۇ ھارۋىدا تىك توختاپ،
شۇنداق سۆزنى دەپ كەلدى:
«خوش، ئامان بول، قەشقەرلىك،
جانجىگەرلەر ـ تۇغقانلار.
بۈگۈن جۈمە، قۇلاق سال،
سۆز قەدرىنى ئۇققانلار.
جامائەت جەم بولۇپسىز،
مېنىڭدىن بولۇڭ رازى.

مەھشەردە كۆرۈشكەيمىز ،
بولغىنىدا خۇدا قازى.
گۇناھسىز ئۆلەر بولدۇم،
نادانلىق بالاسىدىن.
كىملەر قۇتۇلۇپ قالغان،
زالىمنىڭ جازاسىدىن !
ئەي قەشقەرلىك، قەشقەرلىك،
مېنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.
مەندەك بولماي دېسەڭلار،
ھەرگىز نادان بولماڭلار.
نادانلىق ئېلىپ كەتتى،
يىگىتلىكتە باشىمنى.
مېنىڭدەك ئېلىپ كەتكەن،
ھاشىمدەك ئاداشىمنى.
خەتنى بىلمىگەن ئادەم،
بېشىدا كېزەر ماتەم.
خەت بىلمەس نادانلارغا،
قاراڭغۇ ئىكەن ئالەم.
ئوقۇڭلار ئۆزۈڭلارمۇ،
تەلىم ئالسۇن ياش باللا.
قەلبىڭلاردا قېپقالسۇن
قىساسىڭلار ـ ئەنتىڭلار !
......

مەمەتخان ئىنىم قالدى،
جان ئانام ئۇنى باقسۇن.
مەيلى ئاتسا زالىملار،

قەشقەرگە قېنىم ئاقسۇن.
قەبرەمنى كۆرۈپ خەلقىم،
ئىبرەت ئالغۇسى مەندىن.
قان قەرزىم، قىساسىمغا،
ئۈمىد كۈتىمەن سەندىن.
رازى بولغىن قەشقەرلىك،
ئەل ـ يۇرتداشلار خوش ئەمدى.
بىللە ئويناپ تەڭ ئۆسكەن
يارۇ دوستلار خوش ئەمدى !»
......
خالايىق ندا ئەيلەپ،
ياشنى تولدۇرۇپ كۆزگە.
مۇڭ ـ زارى ناۋا ئەيلەپ،
چۈشتى نالىلىك سۆزگە:
«كاج پەلەكنىڭ قىسمىتى،
بۇ كۈننى ساپتۇ سىزگە.
كۈن ئالماق بۇ قەشقەردە،
بولمامدۇ راۋا بىزگە؟ !...
بىرنى ئوق بىلەن ئاتسا،
ئوننى جادۇغا باسسا،
يۈزنى دارغا ئاسسا،
مىڭلاپ گۈندىدا ياتسا،
ئادەم بېشىنى توغراپ،
تاغنىڭ تېشىغا قاتسا،
دەردمەن بىر گۇناھكارغا،
مىڭنى ئېلىپ چاتسا.

بۇ ئالەم زىمىستانلىق،
بولدى بىر گۆرىستانلىق.
گۆرىستاندا ئۆتەرمۇ،
بەختى قارا قەشقەرلىق...»
.......

سېيىت ئاخۇن، سېيىت گاڭگۇڭ،
يۇرتتىن رازىلىق ئالدى.
ھارۋىمۇ قومۇشبازىرى[1]
يېنىغا بېرىپ قالدى.
«ئات!» دېدى سېيىت گاڭگۇڭ
ھارۋىدىن تۆۋەن سەكرەپ:
«ئات جاللات! ئۇدۇللاپ ئات!!
يۈرەككە ئۇدۇل چەنلەپ.»
چېقىر كۆزلۈك بىر جاللات،
مىلتىقنى راسا بەتلەپ،
سېيىت گاڭگۇڭنىڭ ئالدىدا،
تۇردى كۆزىگە تەڭلەپ.
ئارقا ياقتىن جىڭ جاللات،
دەرھال تەپكىنى باستى.
پىستان چېقىپ مىلتىقى،
ئۆزى يىقىلىپ ياتتى.
ئىككىنچى رەت ئاتقان ئوق،
كېلىپ تەگدى تاغاقا.

---

[1] قومۇشبازىرى — جاي ئىسمى.

سېيىت ئاخۇن دېدى شۇ دەم،
مىلتىق ئاتقان جاللاتقا:
«مېنى ئاتساڭ ئۇستاڭ ئات،
نائۇستاڭ يېقىن كەلمە.
سول كۆكسۈمنى چەنلەپ ئات،
جا ئۇستاڭ يېقىن كەلمە....
مە، ھەققىڭگە ئاق تەڭگە»
دېدى سۆزىنى باشلاپ.
بىر سەرلىك كۈمۈش پۇلنى،
جاللات ئالدىغا تاشلاپ.
جاللات ئالدى ياچەننى
چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ.
تەلەپكە مۇۋاپىق ئۇ،
ئۈچ ماڭدام كېيىن قايتىپ.
......

سېيىت ئاخۇن، سېيىت گاڭگۇڭ،
تىك تۇرار ئىدى سۆزلەپ.
ماداخۇ دېگەن جاللات،
ئاتتى جايىنى كۆزلەپ.
يەتتە پاي ئوق تەگكەندە،
ئېگىز چىنار يىقىلدى.
ھەيۋەت بىلەن گۈلدۈرلەپ،
كۆكتە چاقماق چېقىلدى...
قەشقەر ئاسمىنى بويلاپ،
ئۈچمىغان بۇگۈن كەپتەر،
سىم ـ سىم تۆكۈلەر يامغۇر،

بۇلۇتلار كېزەر كۆكتە.
قاغىلار قاقىلدايدۇ،
سېپىلدىكى پوتەيدە.
بىزگە شەپقەت بارمىكىن،
شيەنگەن بىلەن دوتەيدە؟ !
دوتەي بىلەن شيەنگەننىڭ،
ئىچكەنلىرى قان بولدى.
قەشقەرلىكنىڭ كۆز يېشى،
سەل بىلەن قىيان بولدى.



شىيەنگەن بىلەن دوتەينىڭ،
كىملىكى ئايان بولدى.
دەرد تولغان يۈرەكلەردىن،
بۇ سۆزلەر بايان بولدى.

سېيىت ئاخۇن، سېيىت گاڭگۇڭ،
جېنىدىن جۇدا بولدى.
ئەزىزانە قەشقەرنىڭ
شۇڭقارى ئادا بولدى.
......
سېيىت ئاخۇن ئۆلۈپ كەتتى،
تۇپراققا كىرىپ كەتتى.
بۇ ئەلەم ـ مۇسىبەتتىن
يۈرەككە خۇن تولۇپ كەتتى.
چالدى چاكچاك قەشقەر،
مۇڭ تولغان راۋابىنى.
ئايەم كۆنلىرى كەلسە
تەرك ئەتمەي تاۋابىنى.
مۇڭلۇق قەبرىگە سۈركەپ،
باغرىنىڭ كاۋاپىنى.
ئوغلىغا دۇئا ئەيلەپ،
يوللىغاي ساۋابىنى.
ئۆلمىسەك ئىچەرمىز دەپ،
تاڭ ۋەسلى شارابىنى.

# تۆمۈر خەلپە

(تارىخىي داستان)

ئۈچ كۈرە بۇغداي ئۇن تارتتۇق،
ھەممە خەققە ئاش بولدى.
تۆمۈر خەلپە دېگەن باتۇر،
ئون ئىككى تاغقا باش بولدى.

قورايلىق تۆمۈر باتۇر،
پۈتۈن تاغلىقنى قوزغاتقان.
غول ئىچىدە چېرىكلەرنىڭ،
مېڭىسىدىن قان چاچقان.

قارلۇغۇم قاغۇم سايان،
سەرگۈنچۈكۈم سەرۋەك سايان.
تاغچىلار تاغقا ماڭغاندا
قالغانلار قاراپ قالغان.

لەپ - لەپ قىلىپ قار ياغدى،
تاغلارنى بويلاپ.
كۆرەر كۆزۈم كۆرمەس بولدى،
دۈشمەننى پايلاپ.

جاڭگالدا توشقان،
يەرنى چىڭدايدۇ.
بۇ زاماننىڭ ئەسكەرلىرى،
شەھەرنى بۇلغايدۇ.

كۆن قىزىل چىققاندا،
ئاتلىرىمىزنى ياللىدۇق.
دۈشمەنلەر كېلىپ قالسا،
مۆكۈۋېلىپ ئالدىدۇق.

بۇ تاغلارنىڭ ئارقىسىدا،
يىلپىز بىلەن شىرلار بار.
كەچ بولدى دەپ قالماڭلار،
قوغدايدىغان ئەرلەر بار.

داۋان تۆۋەن چۈشۈپ كەلدۇق،
ئاتلار ئوينىتىپ.
بوينىمىزدا كۈمۈش مىلتىق،
يار قۇلان ئاتىپ.

خوي غېرىب بولدى كىشى،
باغداش دېگەن تاغ ئىچىدە.
قاناتىم بولسا ئۇچارمەن،
تۈن قاراڭغۇ كېچىدە.

ئەمتى بېشى بۇلاقتا،
سېغىزغان شوخ سايرىدى.

دۈشمەن كەلگەننى ئاڭلاپ،
پالگانلار ھەر تەرەپكە تارىدى.

ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق،
جانلاردىن ئۆتتى.
ئاتنى سېمىز ساقلىغانلار،
قۇش بولۇپ ئۇچتى.

بۆلۆ داۋان ئاشماغۇنچە،
قارا كۆرۈنمەس.



قارا يورغا مىنمەگۈنچە،
يورغا تۈزۈلمەس.

مىلتىقىمنى مەن ئېسىپ،
تاغلاردا ئوۋ ئوۋلىدىم.
ئۈچ بالامنىڭ دەردىدە،
بوتىلاقتەك بوزلىدىم.

هوگا بولۇت ئۈستۈمدە،
دۈشمەن مېنىڭ قەستىمدە.
مەن خۇداغا راست بولسام،
دۈشمەن ئاياغ ئاستىمدا.

سەن بىزنى سوقتۇم دەمسەن،
سېپى يوق قامچاڭ بىلەن.
خۇدايىم كەسسۇن قولۇڭنى،
ئۆتمىگەن قايچاڭ بىلەن.

ئاق ئۈننىڭ ئۈچىنى،
ئۇماچ قىلۇر ئەر ئىدۇق.
نوغالچىدا دۈشمەننى،
قوماچ قىلۇر ئەر ئىدۇق.

كۆشۆتىدىكى دەڭدە،
توققۇز قازان ئېسىپتۇ.
ئۇماچ ئىچكەن باتۇرلار،
شىرداق سېلىپ يېتىپتۇ.

ئاق قوناقنىڭ ئۇمچى،
ئېغىز - بۇرۇننى كۆيدۇردى.
تاغ پالۋانلىرى يىغىلىپ،
خاۋارىجلارنى ئۆلتۈردى.

ئەجەب قاتتىق جەڭ بولدى،
كۆشۆتىدىكى دەڭدە.
جىڭتەي بىلەن ئېتىشىپ،
سېيىت ئۆلدى شۇ دەڭدە.

تۆمۈر خەلىپە خوخەندۇر،
ياۋغا ئوقلار يېگۈزدى.
مەنمەن دېگەن دارېننى،
قاراڭ، خوش - خوش دېگۈزدى.

شاھ مەخسۇتتىن خەت چىقتى،
ئوقالماستىن دۈگلەتتۇق.
سۈخەنچى بولغان لالمىنى
تاغ بېشىدا تېكىلەتتۇق.

پاشالىقتىن خەت چىقسا،
ئوقالمايمۇ دۈگلەتتى.
ئەمەت دېگەن لوخۇنى
سۈپە تاشقا تېكىلەتتى.

تۆۋەينىدىن چېرىك چىقتى،
ئەلىمىنى دىڭگايتىپ.

ئاخۇن موللىلار قاچتى،
سەللىسىنى قىڭغايتىپ.

چىڭۋاڭ غوجام خەت بەردى،
جۇڭجاڭلارنى بەرسۇن دەپ.
تۆمۈر خەلپە خەت بەردى،
«ئۈرۈشار بولسا كەلسۇن» دەپ.

ئۈچ يىل ياتتۇق شوپۇلدا،
ئارچا بىلەن ئوت قالاپ.
بابلايلى دەپ دۈشمەننى،
قۇمۇل يولىغا قاراپ.

ئالتە ئاي ياتتۇق شوپۇلدا،
سۆكسۆك بىلەن ئوت قالاپ.
ياخشىنىڭ سۆزى بىلەن،
يامانىنىڭ يولىغا قاراپ.

ئېتىمنى مەن باغلىدىم،
ئېغىلدىكى ئوقۇرغا.
خەقنىڭ كۆڭلى باقمايدۇ،
داشەي دېگەن كۇپۇرغا.

يەن داشەيمۇ كەلگەندە
تولا سوقتى داڭ ـ داڭنى.
تاغچىلارمۇ ئەر ئىكەن،
تارتىۋالدى جۇڭجاڭنى.

ئاقچۇق سىيىدا تۇزدە،
بوران قوپتى گۈركىرەپ.
توخۇ يۇرەك چەن دارىن
مەيدانغا چىقتى ھۆركىرەپ.

ئېگىز تاغنىڭ ئارقىسىدا،
يىلپىز بىلەن شىرلار بار.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،
جۇڭجاڭ ئالغان ئەرلەر بار.

قۇمۇلدىن ئەسكەر ئاچىقتى،
چەن دارىن دېگەن چوقۇر.
تاغچى پالگانلار كەلسە،
خۇددى چاشقاندەك قاچۇر.

چېرىكلەرمۇ ئاتىدىكەن،
يەرنى كولاپ ياتىدىكەن.
تاغچى پالگان ئاتىدىكەن،
مېڭىسىنى چاچىدىكەن.

ئاقچۇق سىيى ئوپۇركەن،
چەن دارىن دېگەن چوقۇركەن.
تاغچى پالگانلار چۈشسە،
چەن دارىنمۇ قوقۇركەن.

چەن دارىنلار ئاتىدۇ،
تۇرۇك تېغىنىڭ تېشىغا.

تاغچى پالگانلار ئاتىدۇ،
چىرىكلەرنىڭ بېشىغا.

ئاقچۇق سېيىغا چىقىپ،
چەن دارېنغا ئوق ئاتتۇق.
چەن دارېنلار زور چىقىپ،
ياردانىڭ ياقىلاپ قاچتۇق.

ئاقچۇق يولى تاش ئىكەن،
راجى بالا ياش ئىكەن.
سوراپ باقچۇ، نېمە دەيدۇ،
مەرگەن توختى باش ئىكەن.

تاغچى پالگانلار ئاتلاندى،
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.
چەن دارېننى ئويلاتتى،
جاڭگالدىكى توڭگۇزدەك.

چىرىكلەرنىڭ ئۆلۈكى،
چىڭخۇاڭمياۋغا پاتمىدى.
چەن دارېننىڭ لەشكىرى
يەرنى تېپىپ ياتمىدى.

قېيىن ئېگەر چاپتۇردى،
كىمخاب بىلەن ياپتۇردى.
يۇزى قارا شاھ مەخسۇت،
شۇنچە خەقنى ئۆلتۇردى.

ئېۋىرغول دېگەن يەردە،
بىر تاتلىق بېغىر قىلغان.
يۈسۈپ ئاخۇن رەھمەتلىك
تورۇق ئاتنى يېغىر قىلغان.

تۇرۇكتە سوقۇشقاندا
ئايدىڭ بەگدىن تەر چىقتى.
بەش بەگنىڭ ئاراسىدا،
شا سېلىم بەگ ئەر چىقتى.

كۆتەل بېشى تەنشىگدە،
ئالا ئىنەكنى ئۆلتۈرگەن.
بايچىلار گۆش تالىشىپ،
موللا ئەمەتنى كۆيدۈرگەن.

كۆتەل بېشى تەنشىگدە،
تەسكەن ئوتۇن چاپتۇق بىز.
قېرىمدىن شەھەر سوقۇپ،
ئوتتۇرىسىدا ياتتۇق بىز.

گۇمبىزىگە چىققانلار،
توققۇز قازان ئاسقانلار.
لوچىڭ شەھىرىنى ئالالماي،
شاتىراق ئۇرۇپ قاچقانلار.

قۇربان بەگنى كۆردۈڭمۇ،
سەن تۇرۇكتە تۇتتۇڭمۇ.

ئىستكىنە قۇربان بەگ،
مىيسالىقتا تويدۇڭمۇ.

تۆمۈر خەلپە ئەۋەتتى،
سېيىت قورمالنى شوپۇلغا.
دورغا دەپ ناملار بەردى،
سۇلتان مۆتىسىپ نان قۇلغا.

تۆمۈر خەلپەم ئاغرىپتۇ،
خەنجەر تۇتۇپ ئوقۇدى.
كۆچەك موللام بىچارە،
تازقارا بولۇپ چوقۇدى.

ئاق بوز ئاتنى مىنگەندە،
ئاتام بولىدۇ رازى.
ئۆلگەنلەر شېھىت كەتسە،
قالغانلار تامام غازى.

بىز ئۆلسەك ئۆلۈپ كەتتۇق،
ئەل - يۇرتلار ئامان قالسۇن.
بىزنى دېگەن يارەنلەر،
ئۆلمەستىن هايات قالسۇن.

كۆل بويىدا نېمىلەر بار،
ئۆردەك بىلەن غازلار بار.
ئۆردەك ئۆلسە، غاز قالسۇن،
دۇشمەن ئۆلۈپ، دوست قالسۇن.

تاغدا يايلىغان كالىلار
قارىغاي ئارىلاپ كەتتى.
دوست بولىمىز دېگەنلەر،
ئەمدى ئايرىلىپ كەتتى.

سەن تولا دەيخاڭلىما،
ئاكام سېنى دەيخاڭلىتار.
ئالا ئاتنى مىندۈرۈپ،
قۇمۇل سايان دوڭغاقلىتار.

ۋادەرىخا، بۇلاردىن
كۆپ ئەلەم يەتتى.
ئازابىدىن يۈرەكلەرگە
دەزلەر كەتتى.

بۇ دۇنيادا مەنسۇپ دېگەن، شۇ قاتارلىق،
ئاخىرىدا ئۇلارنىمۇ تاشلاپ كەتتى.

تۆمۈر خەلپەم ئەر بولۇپ،
ئىنقىلابنى باشلىدى.
قوراي دېگەن يەرلەردىن،
ئۇمىد ئۈزۈپ تاشلىدى.

تۆمۈر خەلپە ئەر قوپۇپ،
توختاتمىدى ئىشىنى.
تەكەببۇرلۇق دەستىدىن،
تەڭ كۆرمىدى كىشىنى.

تۆمۇر خەلپە كەتتىغۇ،
ئۇرۇمچىگە يەتتىغۇ.
ئۇنىڭ يېنىغا ئۆتتۇم دەپ،
زەردى بىلەن كەتتىغۇ.

كۆشۆتىنىڭ داۋىنىدا،
ئاتا كۆكسىدە جۇغىلا.
تۆمۈرنى تۇتۇپ بەرگەن
مەمەت قۇلدەك دورغىلا.

تۆۋەيىندىن چىقىپ كەلدى،
يۇمىلاق - يۇمىلاق قوڭغۇزلار.
تۆمۈرنى تۇتۇپ بەرگەن
مەمەت قۇلدەك توڭگۇزلار.

ئۇرۇمچىنىڭ يولىدا،
ئاتمىش يەردە بۇلاق بار.
تۆمۈرنى ئېلىپ چىقسا،
ھەر كۈنىدە سوراق بار.

بۇ زاماندا خوپىڭ يوق،
شاڭپاڭلاردا مەش قويدى.
بىر جىڭ تۆت سەر ئاش بېرىپ
پالگانلارنى ئاچ قويدى.

ئۆچكۈزدۇمۇ - ئۆچكۈزدۇم،
نەنسەن تېغىدا چۇش كۆردۇم.

كېچە يېتىپ ئۇيقۇمدا،
بالىلىرىمنى چۈش كۆردۈم.

ئۈرۈمچىدىكى جاڭجۇنلەر
ئۆلتۈرۈشكە مايىلدۇر.
پۇل بەرسىمۇ ئۇنىمايدۇ،
جاڭجۇن دېگەن جاھىلدۇر.

مېنى ئۆلتۈرگۈدەك ئەمدى،
ئوقادۇرمەن ئىمانىمنى.
قىيامەت قايىم بولغاندا،
ئالادۇرمەن جاۋابىمنى.

جىڭتەي ئەسكىرى ساپتۇ،
ئاقچۇق يولىدا ئوقۇر.
تۆمۈر خەلپىنى ئۆلتۈرگەن،
چەن دارېن دېگەن چوقۇر.

ئۈرۈمچىنىڭ چېرىكى،
ئاتلىرىنى يالدىغان.
تۆمۈرنىمۇ ئۆلتۈرۈپ،
نەيزىسىنى قانلىغان.

تۆمۈرنى ئېلىپ چىقىپ،
ئاتمىش يەردە چاپتۇردى.
جىڭۋاڭ غوجام بىر پاشا،
جۇنجۇاڭنىمۇ تاپتۇردى.

شۇ سەۋەبتىن چىلىلدى،
تۆمۈر خەلپىنى جاڭجۇن.
تىپ دارىن دەپ نام بېرىپ،
دارغا ئاستى بۇ جاڭجۇن.

تۆمۈر خەلپە ئەر چىقىپ،
ئادەم توپلىدى ئۆزىگە.
ياڭ جاڭجۇن چىلىلاپ چىقىپ،
ئىتىۋەتتى كۆزىگە.

ئالەمگە پاتمىغان سەركە،
كۆندۈككە قانداق پاتقانسەن
كۆندۈككە پاتساڭمۇ پاتقانسەن،
ئاغزىنى قانداق ياپقانسەن.

قوراي يولى ھەيۋەتلىك،
ئۇنىڭ ئىچى زەرەتلىك،
مۇرادىغا يەتمىگەن
تۆمۈر خەلپە رەھمەتلىك.

ئايرىلدۇق ئاداۋەتتە،
دەۋايىم قىيامەتتە.
ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن،
ئەقىدەمگە يىغلايمەن.

# غوجىنىيازھاجى

(تارىخىي داستان)

غوجىنىيازنى بىلەمسەن،
ئۇن ئىككى تاغنىڭ دورغىسى.
تاغدىن ـ تاغقا ئاتلانغان
چىلان تورۇق يورغىسى.

چازىغا بەرگەن قازاق قوينىڭ
قۇيرۇقىدا يېغى بار.
غوجىنىياز ھاجى ئەر ئىكەن،
شەمۇ شەدە دېگى بار.

غوجىنىيازنىڭ يىلقىسى،
قوتىنىدا سولاقلىق.
قۇمۇلدىن چېرىك چىقسا،
يوقىتىشقا قاراقلىق.

تاراتىنىڭ غوللىرى،
ئاپئاق ـ ئاپئاق دەرەخلىق.
غوجىنىيازنىڭ باتۇرلىرى،
ھەممىسىلا ياراغلىق.

ئىككى غولنىڭ ئوتتۇرىسى،
غوجىنىيازنىڭ ئوردىسى.
ماڭسا يالاق ماڭمايدۇ،
ئاستىدا ئاق يورغىسى.

غوجىنىياز دېگەن باتۇر،
تاغلار باشىدا ياتۇر.
ئوڭ قولىدا تاپانچا،
چېرىكلەرنى كۆپ ئاتۇر.

غوجىنىياز ياخشى ئەر،
ناخشىنى ياڭراق ئېيتىدۇ.
دۈشمەنلەرنى ئازغاشتۇرۇپ،
تاغقا سولاپ يانجىيدۇ.

تاراتىنىڭ يولىدا،
بىر كېيىكنى ئېتىۋالدىم.
جەڭلەر قىلغان ھاجىنى
قوشاققا قېتىۋالدىم.

غوجىنىياز باتۇر ئىكەن،
بار ھوقۇقنى ئېلىۋالدى.
قاسىم پالگان مەرد ئىكەن،
ئونئاتارنى ئېسىۋالدى.

غوجىنىياز ئەمدى سىز،
كۆڭلىڭىزنى كەڭ قىلىڭ.

ئون ئىككى تاغنىڭ چوققىلىرىنى،
ئۆزىڭىزگە تەڭ قىلىڭ.

غوجىنىياز پالگاننى
ئۆزىمىزگە باش قىلدۇق.
قوغلاپ - سۈرۈپ دۈشمەننى
كۆزلىرىنى ياش قىلدۇق.

ئۇدا ئۈچ يىل جەڭ بولدى،
ئاچ - يالىڭاچ قالمىدۇق.
مەدەت بەرگەچ غوجىنىياز،
جەڭلەر قىلىپ ھارمىدۇق.

«ئاتاڭلار بولۇر رازى،
ئاناڭلار بولۇر رازى.



ئۆلسەڭلار شېھىت ئۆلۈڭلار،
قالغانلار تامام غازى.»

غوجىنىياز ياخشى ئەر،
قىبلە سايان ماڭىدۇ.
ناخشىنى تولا ئېيتىپ،
كۆڭۈللەرنى ئاچىدۇ.

غوجىنىياز ئاتلاندى
ھەر تەرەپتىن سەپ تارتىپ.
لودۇڭدىن چېرىك چىقتى،
ئەلەملىرىنى دىڭگايتىپ.

ئۈرۈمچىدىن لەشكەر كېلىپ،
قورشىۋالدى لودۇڭنى.
غوجىنىياز جەڭ قىلىپ،
ئۈتۈۋالدى لوزۇڭنى.

چوڭ ئوتلاقتا ياتقاندا،
لودۇڭ سايان ئات سالدۇق.
چې گۇلۇچەننىڭ سېپىدا،
دۇ لۈيجاڭنى قاق سالدۇق.

لۈيجاڭ بولۇپ غوجىنىياز،
لودۇڭلاردا جەڭ قىلغان.
باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ،
ئۆلۈك بىلەن شەر قىلغان.

ئىككىنچى ئاينىڭ ئون ئالتىسى،
لودۇڭلاردا سوقۇشتۇق.
خۇدايىمغا شۈكۈر ئېيتىپ،
ناماز ـ نىياز ئوقۇشتۇق.

غوجىنىيازنىڭ ئاتلىرى،
تۇرپان يولىنى چارلايدۇ.
ئاتلىنىڭلار، ئوغلانلار،
بىزنى خۇدا قوللايدۇ.

غوجىنىياز جەڭ قىلىپ،
داۋانچىڭنى ئېلىۋالدى.
سۇغۇرۇپ ئېلىپ قىلىچنى
غىلاپىغا سېلىۋالدى.

دۇ لۇيجاڭ دېگەن ياۋنىڭ
باشلىرىنى كېسىپتۇ.
تۆگىلەرگە ئارتقۇچە،
تەن تارتقۇسىز سېسىپتۇ.

داۋانچىڭنىڭ تاغلىرى،
تاغدىن تولا كانلىرى.
داۋانچىڭدا جەڭ قىلغان،
قۇمۇللۇقنىڭ باللىرى.

بولبۇل تولا سايرايدۇ،
داۋانچىڭنىڭ يولىدا.

ئۆلمەيمەن دېگەن بىلەن،
جان خۇدانىڭ قولىدا.

داۋانچىڭنىڭ سۇلىرى،
توقسۇنلارغا ئاقىدۇ.
جىمى ياراغ - ئولجىلار،
غوجىنىيازغا باقىدۇ.

ما جۇڭيىڭ دېگەن تۇڭگان،
جىمسار دا تۇرغاندۇ.
بىرلەشكەن كېلىشىمنى،
ئۆزى باشلىق بۇزغاندۇ.

گۇچۇڭدىكى ياراغنى،
غوجىنىياز ئالماقچى.
نىيەت بۇزغان ما جۇڭيىڭ،
ياراغلارنى بۇلىماقچى.

ئۇششاقتالدا جەڭ بولدى،
خەنجەر بىلەن سەپ تۈزدۇق.
نىيەت بۇزغان دۈشمەننىڭ،
سەپلىرىنى بىز بۇزدۇق.

نىيەت بۇزغان ما جۇڭيىڭ،
كۇمۇشتە قېچىپ كەتتى.
روسىيىنىڭ قولىدا،
ئوت بولۇپ كۆيۈپ كەتتى.

غوجىنىياز جەڭ قىلىپ،
ھەر كۈرەشتە تاۋلاندى.
شىڭ شىسەي دېگەن قارىغۇ،
روسىيىگە باغلاندى.

شىڭ شىسەي دېگەن قارىغۇنىڭ
زۇلمى ھەددىدىن ئاشتى.
ئاچ كۆزلىرى قىزىرىپ
مال ـ دۇنيانى تالاشتى.

روسىيىنىڭ ئىتلىرى،
قۇتۇبىدا يېتىلدى.
شىڭ شىسەيگە بۇرۇلۇپ،
دۈشمەنلەرگە قېتىلدى.

شىڭ شىسەي دېگەن قارىغۇ،
ئۇرۇمچىنى ئېلىۋالدى.
كۆپ ئۆتمەستىن ئارىسى،
ئىچكىرىسىگە مۆكۈۋالدى.

باشلاپ ماڭدى ئالتە شەگە،
ھاجى مىنىپ ئاق بوز ئاتقا.
ھاجى بىزگە باشلامچى،
بىز ھاجىغا مەدەتكار.

يامان يولغا باشلايدۇ
باسىت لەنجاڭلار.

يۈسەنشاڭنى بەرمەيدۇ
سىدىق تەنجاڭلار.

قەشقەردە شېھىت بولدى،
تۆمۈر سىلىڭلار.
ئەسىرگە چۈشۈپ كەتتى،
پولات تەنجاڭلار.

كەل دېسە كەلمەيدۇ،
مامۇت سىجاڭلار.
ئىزىغا بېرىپ تۇردى،
تۆمۈر زىخۇيلار.

دالا گۈلدۈرلەپ بالىخان
ئاتلار كېلىدۇ.
غوجا پالگان ئۆلدى دەپ
خەتلەر كېلىدۇ.

غوجا پالگان ئۆلسە ئۆلسۇن،
ئەسكەر ئۆلمىسۇن.
ئۆلسە ئەسكەر، خان تىرىك —
سەرسان بولمىسۇن.

غوجىنىياز ياش ئىدى،
ھەرلا يۇرتقا باش ئىدى.
ئاۋاتقا باردىڭلار دەپ،
داڭزىغا ئېلىپ تاشلىدى.

# شاھ ئادىلخان

جاھان سۆزمەنلىرى سۆز دۇردانىلىرىنى چېچىپ، ئۆتكەن زامانلار ھەققىدە شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

يەمەن شەھىرىدە شۇنداق بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئەدىل - ئادالەت، ئەقىل - پاراسەت، مالۇ دۇنيادا يېگانە ئىدى. خەلق ئۇنى ئادىلخان پادىشاھ دەپ ئاتىشاتتى. ئادىلخان پادىشاھ تولىمۇ سېخىي، مەرد ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ مەرتىۋىسى ۋىلايەت - ۋىلايەتلەرگە، دۆلەت - دۆلەتلەرگە تارقالغانىدى. يەمەن ئادالەت بىلەن سورالغان بولغاچقا، ناھايىتى تېز راۋاج تېپىپ، زامانىسىدىكى يېگانە شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. شۇ شەھەرگە مەملىكەت - مەملىكەتلەردىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بۇ يەرگە كەلگەن دىۋانە - سائىللار، دەرۋىش، تەركىدۇنيالار، غېرىب - مىسكىنلەر بىردەمدىلا غەنىي بولۇپ، جاھاننىڭ قايغۇسىدىن، ئالەمنىڭ موھتاجلىقىدىن خالاس تېپىشاتتى. پادىشاھ ئادىلخان ئۇلارنىڭ باشلىرىنى سىلاپ ئاتىدارچىلىق قىلاتتى.

ئەلقىسسە، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى باشقا مەملىكەتتىن يەتتە قەلەندەر ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ يەمەن شەھىرىگە كەلدى. يەمەن شەھىرىنىڭ سىرتىدا بىر لەڭگەر بار ئىدى. قەلەندەرلەر ئاشۇ لەڭگەردىكى بىر سارايغا چۈشتى. قەلەندەرلەر ئۇياق-



نىڭ ـ بۇياقنىڭ پارچى-نى قىلىشىپ ئۆلتۈردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى:

— ئەي بۇرادەرلەر، مەن سىلەردىن سوراپ كۆرەي، مۇشۇ زاماندا زادى كىم مەرد ھېسابلى-نىدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يەنە بىر قەلەندەر:

— بۇ دۇنيادىكى ئەڭ مەرد كىشى يەمەن شەھىرىنىڭ پادىشاھى ئا-دىلخاندۇر. ئۇنىڭدەك سېخىي ئىنسان تېخى تۆرەلمىگەندۇر، — دېدى.

باشقىلار ھەيران بولغان ھالدا:

— سۆزۈڭ راستمۇ؟ يالغان ئېيتمايدىغانسەن ـ ھە؟ — دەپ سوراشتى.

— يالغان سۆزلىگىنىم يوق، دېگەنلىرىمنىڭ ھەممى-سى راست. يەمەن شەھىرىنىڭ پادىشاھى سېخىيلىقتا يېگانى-دۇر، — دەپ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇردى ھېلىقى قەلەندەر.

ئۇلار ئارىسىدىن يەنە بىرى مۇنداق دېدى:

— بوپتۇ، بۇ گەپلەرنى بۇگۈن تالاشمايلى. ئەتە ئەتىگەندە ھەممىمىز پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ شاھنى بىرىنەرسە تىلەيلى. تىلىگەن نەرسىمىزنى بەرسە، ناھايىتى ياخشى. سەنمۇ يالغان سۆزلىمىگەن بولىسەن. ئەگەر بىز تىلىگەن نەرسىنى

پادىشاھ بەرمىسە، سېنىڭ گېپىڭ يالغان بولىدۇ. ناۋادا سۆ-
زۇڭ يالغان بولۇپ قالسا، سەن بىزنىڭ ئارىمىزدىن چىقىپ
كەتكىن. ئۇ چاغدا بىزنىڭ سەن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋە-
تىمىز بولمايدۇ.

بۇ گەپكە قەلەندەرلەرنىڭ ھەممىسى قوشۇلدى. كەچ كى-
رىپ كېچە بولدى، تۈن تاڭغا ئالماشتى. قەلەندەرلەر پۈتۈش-
كىنى بويىچە ئەتىگەندە پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كەلدى.

پادىشاھ ئادىلخان ھەر كۈنى ئەتىگەندە دەردمەنلەرنى كۆ-
رۈپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ دەردىگە دەرمان بولاتتى. قە-
لەندەرلەرنىڭ ئوردىغا كەلگەن ۋاقتى دەل پادىشاھنىڭ ئا-
جىزلارنىڭ دەردى - ھالىنى سوراش ئىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇ-
رۇپ غىزاغا مەشغۇل بولىدىغان مەزگىلگە توغرا كەلدى. پادىشاھ
غىزالىنىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى، توساتتىن «ھەق دوست !» دې-
گەن ئاۋاز ئاڭلاندى. پادىشاھ قەدىمىنى توختىتىپ قارىسا، يې-
نىدا جۇلدۇر كېپەن، ھالى خاراب يەتتە قەلەندەر تۇرۇپتۇ. پادى-
شاھ ئالتۇن تاۋاقلارغا سېلىنغان ئاشلارنى تاۋاقلار بىلەن قە-
لەندەرلەرگە تەقدىم قىلدى. قەلەندەرلەر پادىشاھقا دېدىكى:

— ئى پادىشاھئالەم، بۇ سەدىقە - نىيازلارنى بىزگە
بەردىڭىز. بىز ناھايىتى
خۇشال بولدۇق. ئەمدى
بىز سىزدىن يەنە بىر
نەرسە تىلەيمىز، تەڭرىتا-
ئالانىڭ ھەققى - ھۆرمىتى
ئۈچۈن تىلىگەن نەرسى-
مىزنى بەرگەيسىز. بىزنى
نائۈمىد ياندۇرمىغايسىز.



ئەلقىسسە، پادىشاھ بۇ

سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئەجەبلەندى ھەمدە بۇ قەلەندەرلەر مەندىن جان تەلەپ قىلمىغىدى، دەپ ئەندىشىگە چۈشتى. بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن، قەلەندەرلەرگە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئەي ئىشانلار، ئاڭلا ئەرزۇ ئەھۋالىم،
جەبىر قىلىپ دىلىم قارا ئەيلىمە.
تەڭرى ھەققى پىدا بولسۇن بۇ جانىم،
جاھان ئىچرە مېنى رەسۋا ئەيلىمە.

مالۇ مۈلكۈم جاھاندا تولا شۇ قەدەر،
غەمكىن قىلما ھالىمنى، بېرەي ئالتۇن - زەر،
سەنسەن مېنىڭ دوستۇم يەتتە قەلەندەر،
دەۋزەخ ئىچرە مېنى رەسۋا ئەيلىمە.

نېمە دېسەڭ بېرەي ساڭا ئىشانىم،
ھەق يولىغا پىدا بولسۇن بۇ جانىم،
بەلكى بېرەي تەختىم، تاجۇ سۇلتانىم،
خانىمانىم مەندىن جۇدا ئەيلىمە.

ئادىلخان دەر: بېرەي ساڭا مالىمنى،
قۇربان قىلاي تەندە شېرىن جانىمنى،
تۆھپە قىلاي ئاللا ھەققى قانىمنى،
ئاخىرەتتە مېنى رەسۋا ئەيلىمە.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئادىلخان نەزمىنى تۈگىتىپ قەلەندەر-لەرگە قارىدى. قەلەندەرلەر پادىشاھقا قاراپ:
— ئى پادىشاھىئالەم، بىزنىڭ مال - دۇنياغا، ئالتۇن -

كۆمۈشكە ھاجىتىمىز يوق. خەزىنىڭىزدىن تەمەمۇ قىلمايمىز. بىزنىڭ سىزدىن تىلەيدىغىنىمىز يەمەن شەھىرىنىڭ قىرىق كۆنلۈك پادىشاھلىقىدۇر. ئەگەر سىز ھەقىقەتەن مەرد ـ سېخىي ئادەم بولسىڭىز، خەزىنىڭىز بىلەن قوشۇپ شاھلىقىڭىزنى بىزگە قىرىق كۈن ئۆتۈنۈپ بېرىڭ، — دېيىشتى.

پادىشاھ ئادىلخان قەلەندەرلەرگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— ئەي قەلەندەرلەر، سىلەرنىڭ ھاجىتىڭلار شۇ بولسا، بوپتۇ، سىلەر خۇدانىڭ نامىنى تىلغا ئالدىڭلار، شۇ سەۋەبلىك ئەگەر مەندىن جان ياكى قان تەلەپ قىلغان بولساڭلارمۇ بەرگەن بولاتتىم. تەلىپىڭلار قوبۇل بولسۇن، سىلەرگە قىرىق كۈنلۈك پادىشاھلىقىمنى بەردىم.

پادىشاھ ئادىلخان بېشىدىن ئالتۇن تاجىنى ئېلىپ، يەتتە خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى بىلەن قوشۇپ ئۆتكۈزۈپ بەردى. پادىشاھ ئادىلخان ئىككى پەرزەنتى بىلەن مەلىكىسىنى ئېلىپ ئوردىدىن چىقتى ـ دە، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر ئىمارەتكە كۆچۈپ كەلدى.

ئەلقىسسە، شۇنداق قىلىپ شەھرى يەمەنگە يەتتە قەلەندەر پادىشاھ بولدى. قەلەندەرلەرنىڭ بىرى شاھ، ئالتىسى ۋەزىر بولدى. قەلەندەرلەر ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، تەختتە سوزۇلۇپ ئولتۇرۇشۇپ بەڭ چېكىشنى باشلىۋەتتى، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى. خەزىنىلەرنى بۇزۇپ ـ چېچىپ، شەھەر خەلقىگە كۈندە مىڭلاپ قويلارنى ئۆلتۈرۈپ ئاش بېرىپ، خالايىقلارنى ئۆزىگە مايىل قىلدى. ۋەزىر ـ ۋۇزرالارغا تاۋاق ـ تاۋاقلاپ ئالتۇنلارنى تارقىتىپ ئۇلارنى قايىل قىلدى، قىرىق كۈن توشقۇچە توختىماي ئىنئام ـ سەدىقىلەرنى بېرىپ، شەھەر خەلقىنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئاخىر قىرىق كۈنمۇ توشتى. پادىشاھ ئادىلخان بىر كۈن چارباغدا

نۇرغۇن پۇل خەجلەپ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ۋەزىر - ۋۇزرالارنى چاقىرتتى. شەھەرنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاقلىرىنىمۇ يىغىپ مېھمان قىلىپ مەجلىس ئاچتى. پادىشاھ ئادىلخان ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىنى قەلەندەر شاھتىن تەلەپ قىلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئادالەتلىك سۇلتانسەن،
ھاجىتىمنى سەن ئاڭلا.
جېنىڭغا جېنىم قۇربان،
كۆز يېشىمنى ئاققۇزما.

سۇلايماندەك سۇلتان بولدۇڭ،
جاھان ئىچرە دەۋران سۈردۈڭ،
نوشىرۋاندەك ئادىل بولدۇڭ،
بۇ ئەرزىمنى قىلغىن راۋا.

ۋەدەڭگە سەن ۋاپا قىلغىن،
نامەردلەرگە جاپا قىلغىن،
مۆمىنلەرنى رىزا قىلغىن،
رازى بولغاي سەندىن ئاللا.

ئادىلخان دەر: ھالىم ئېيتاي،
قىرىق كۈن بولدى تامام ئېيتاي،
شاھىم ساڭا ئەرزىم ئېيتاي،
ئەمدى تاجنى راۋا قىلما.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئادىلخان قەلەندەر شاھقا قاراپ:
— ئى پادىشاھىئالەم، خۇدانىڭ نامىنى شىپى كەلتۈرگەن-

لىك سەۋەبىدىن سىنىڭ تىلەك ـ ئىلتىجالىرىڭنى راۋا كۆ ـ
رۈپ، قىرىق كۈنلۈك پادىشاھلىقىمنى ساڭا تەقدىم قىلغانـ ـ
دىم. مانا قىرىق كۈنمۇ توشتى. قىرىق كۈندىن بىرى سەن
خالىغىنىڭچە دەۋران سۈردۈڭ. مەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلىپ سىـ ـ
نىڭ پەرمانلىرىڭنى ئىجرا قىلدىم. ئەمدى سەنمۇ ئۆز ۋەدەڭدە
تۇرۇشۇڭ كېرەك. شاھلىق تاجىنى ماڭا قايتۇرۇپ بەر. ئىش
ئۆز جايىدا بولغىنى تۈزۈك، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يەتتە قەلەندەر پادىشاھ ئادىلخاننىڭ
سۆزلىرىنى پەرۋايىغا ئېلىپ قويمىغان ھالدا شەھەرنىڭ ۋەزىر ـ
ئەمىرلىرى، قازى ـ مۇپتىلىرىنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:

— ئەي شەھەر چوڭلىرى، پادىشاھ ئادىلخان شاھلىقنى
قايتا تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. سىلەر ئېيتىڭلارچۇ؟ تاجۇ تەختنى
ئۆتكۈزۈپ بېرىشىمىز كېرەكمۇ؟ — دەپ سورىدى.

پادىشاھ ئادىلخان بۇ سۆزدىن ھەيران ۋە لال بولۇپ تۇر ـ
غاندا، شەھەرنىڭ جىمىكى كاتتىلىرى قەلەندەر شاھنىڭ ئال ـ
دىدا پۈكلىنىپ ئولتۇرۇپ پېشانىلىرىنى سەجدىگە ئۇرۇشۇپ:

— ئەي مەرھەمەتلىك پادىشاھىئالەم، مۆھتەرەم پۈشتىپا ـ
ناھ، پادىشاھ ئادىلخان بۇرۇن يەمەن شەھىرىنىڭ شاھى ئىدى.
بۇ ئادەم خۇدا بەرگەن دۆلەتنى كۆتۈرەلمەي، ئۆزىنىڭ ھەددىنى
بىلمەي پادىشاھلىق تەختىنى ئۆز قولى بىلەن جانابلىرىغا
سوۋغا قىلدى. ھەزرەتلىرى شاھ بولغاندىن بېرى شەھەر خەل ـ
قىگە پۈتمەس ـ تۈگىمەس ياخشىلىقلارنى قىلدىلا. بىزنىڭ پا ـ
دىشاھىمىز ئۆزلىرى، ئۆزلىرىدەك دانا كىشى تۇرغان يەردە،
بىز يەنە كىمنى پادىشاھ قىلاتتۇق؟ ئادىلخان پادىشاھلىقنى
ئۆزلىرىگە سەدىقە قىلغانىدى. خۇدا يولىدا قىلغان سەدىقە ياندـ
مايدۇ. ئۆزلىرى پادىشاھىمىز، ئۆزلىرى پاناھىمىز، ئۆزلىرى
رەھنەمايىمىز، ئۆزلىرى قىبلىگاھىمىز ! بىز ئادىلخاننى تو ـ

نوٴمايمىز ! — دېيىشتى.

پادىشاھ ئادىلخان بوٴ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران ۋە سەرگەردان بولدى، كوٴيگەن قىلدەك تولغاندى، يوٴرىكى تاتىلاندى. پادىشاھ غەمناك ۋە باغرى چاك ھالدا بوٴ سوروٴندىن يېنىپ مەلىكىسىنىڭ قېشىغا باردى ـ دە، بولغان ۋەقەنى ئوٴنىڭغا بايان قىلدى. مەلىكە پادىشاھنىڭ پەرىشان كوٴڭلىنى ياسىدى ۋە موٴنداق دېدى:

— ئى پادىشاھىئالەم، كوٴڭوٴللىرىنى بوٴزمىسىلا، قەلەندەرلەرنىڭ ئادىتى شوٴنداق. ئوٴلار ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بىر نان بەرسىلە كوٴپايە ئىدى. ئەقىللىق ئادەم ئوٴلارغا ئارتوٴقچە رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ كەتمەيدوٴ. بوٴ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئوٴزلىرىنىڭ ئاق كوٴڭوٴللوٴكلىرىدىن بولدى. ئەمدى بولار ئىش بولوٴپ بولدى. كېيىنكى پوٴشايمان ئوٴزوٴڭگە دوٴشمەن دېگەن گەپ بار. تەقدىر شوٴنداق ئوٴخشايدوٴ، — دەپ بوٴ نەزمىنى ئوقوٴدى:

تەقدىر شوٴنداق تەتوٴر كەلدى،
ھېچ پايدا يوق پوٴشايماندىن.
بوٴلبوٴل سوٴيگەن گوٴل توٴكوٴلدى،
ھېچ پايدا يوق پوٴشايماندىن.

رەھىمدىللىك قىلدوٴق باشتا،
ئەزىز باشلار تەگدى تاشقا،
قارا كوٴزلەر تولدى ياشقا،
ھېچ پايدا يوق پوٴشايماندىن.

بېرىپ قويوٴپ سوٴلتانلىقنى،
قىلىپتىمىز نادانلىقنى،

سالدى ئەمدى ۋەيرانلىقنى،
ھېچ پايدا يوق پۇشايماندىن.

نا ئەھلىلەر قىلدى جاپا،
گۇلدەك يۈزگە قوندى توپا،
قىلىشمايلى تەنە ـ تاپا،
ھېچ پايدا يوق پۇشايماندىن.

قىسمەت سالدى بىزگە شورلۇق،
قەلەندەرلەر قىلدى كورلۇق،
بېشىمىزغا چۈشتى خورلۇق،
ھېچ پايدا يوق پۇشايماندىن.

ئەلقىسسە، قەلەندەر شاھ ئادىلخاندىن ھوقۇقنى ئۆزۈل ـ كېسىل تارتىۋالغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئادىلخاندىن ئازار يې-گەن، ئادىلخانغا ھەسەت بىلەن قاراپ كەلگەن ئادەملەرنى چۆ-رىسىگە يىغدى، قەلەندەر پادىشاھ ئادىلخاننىڭ كېيىنكى تەق-دىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە ئۇلار بىلەن مەسلىھەت تۈزدى. ۋاپاسىز ۋەزىرلەر، يېڭى شاھنىڭ خۇشامەتچىلىرى مۇنداق دېيىشتى:

— ئادىلخان پادىشاھ بولغان چاغلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئا-دەملەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. ئۇلار ئادىلخان ئۈچۈن ھەرقانداق ئىش قىلىشتىن يانمايدۇ. بالا ـ قازادىن بىراقلا قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئادىلخاننى ۋە ئۇنىڭ مەلىكىسى بىلەن ئىك-كى ئوغلىنى دەرھال ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلماق لازىم. بولمىسا قىلغان ئىشلىرىمىز ئۇزاققا بارماي ۋەيران بولىدۇ.

بۇ گەپلەرگە قەلەندەر شاھ قوشۇلدى. ئۇ ئەتراپتىكى



خۇشامەتچىلەرگە:

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان. ئۇنىڭ بېشىنى ئالماي بىز-نىڭ بېشىمىز خەتەردىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا دەرھال تۇت دار تەييارلانسۇن، ئەتە ئۇنى بالا - چاقىلىرى بىلەن قوشۇپ جە-ھەننەمگە يوللايمىز، — دەپ ئەمر قىلدى.

پادىشاھ ئادىلخاننىڭ ئوردىدا بىر يېقىن مەھرىمى بار ئىدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى شۇ كۈنى پادىشاھقا يەتكۈزدى. پادىشاھ ئادىلخان بۇ خەۋەردىن قاتتىق پەرىشان بولدى. ئادىلخاننىڭ مەھرىمى ئۇنى كېچىلەپ شەھەردىن چىقىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئاڭلا سۆزۈم، پادىشاھىم،
دۇنيادا سەندەك بىغەم بولۇرمۇ؟
پۈتمەس دەردتە قالدى جانىم،
نۇرلۇق كۆزلەر نەم بولۇرمۇ؟

سولۇپ باغدا كۈلگەن گۈللەر،
قوغلىنىپ ھەم شوخ بۇلبۇللار،
ساڭا ھەمراھ مەرد ئوغۇللار،
پاك قانلىرى شەبنەم بولۇرمۇ؟

ھۆكۈم سۈردى شۇ قەلەندەر،
يۈرىكىمگە پاتتى خەنجەر،
ئېلىپ كەلدىم يامان خەۋەر،
بۇنىڭدىن چوڭ ئەلەم بولۇرمۇ؟

سىزنى ئاسماق بولدى دارغا،
دار راسلاندى چوڭ بازارغا،
يەمەن تولدى ئاھۇ زارغا،
دوزاختىن بۇ كەم بولۇرمۇ؟

قەلەندەرگە قىلساڭ رەھىم،
بۇلار سالدى دەردى ئەزىم،
ھاياتىمدىن تولا غېمىم،
بۇندىن ئارتۇق ستەم بولۇرمۇ؟

پادىشاھ ئادىلخان خەۋەر ئەكەلگەن كىشىگە كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىپ ئۆزىتىپ قويىدى، ئاندىن مەلىكە گۈلچېھرە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ سەپەرگە تەييارلىق قىلدى. ئۇلار كېچىچە ئۇخلىماي جابدۇقلىرىنى ئات ـ ئۇلاغلارغا يۈكلەپ، تاڭ يورۇماستا شەھەردىن چىقتى. پادىشاھ شەھەردىن چىقىپ بولۇپ كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، كۆڭلى بۇزۇلدى. ئادىلخان شەھەرگە قاراپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

جاپا قىلدى ماڭا پەلەك،
خانىدانىم ياخشى قال.
تىلىم - تىلىم بولدى يۈرەك،
ھۆر ماكانىم ياخشى قال.

ئەلەم كەلدى شاھ بېشىمغا،
قوينۇم تولدى قان - يېشىمغا،
زەھەر چۈشتى ھەم ئېشىمغا،
جانجانلار ياخشى قال.

شۇنداق ئىكەن قىسمەت دېگەن،
كىممۇ مۇنداق بولار دېگەن،
قۇزغۇنلارغا قالدى چىمەن،
قەدىردانلار ياخشى قال.

قەلەندەرگە قالدى تاجىم،
راۋا قىلار كىم موھتاجىم،
دەريا بولدى پۇشايمانىم،
پاك ۋىجدانلار ياخشى قال.

كۆچەت قويغان جەننەت بېغىم،
كېپەك - جەرەن تولا تېغىم،
يايلاق - يايلاق مال - ئۇلىغىم،
گۈلىستانلار ياخشى قال.

بىللە ئويناپ چوڭ بولغانلار،
قەدىردانلار، مېھرىبانلار،

ئەتىر گۈلدەك يار جانانلار،
مەرد ئوغلانلار ياخشى قال.

شېرىن سۆزلۈك بۇلبۇللىرىم،
ھىدى خۇشبۇي سۇمبۇللىرىم،
مىنسەم شوڭقار دۇلدۇللىرىم،
ئاشىيانلار ياخشى قال.

قومۇش كەبى كۆيدى دىلىم،
باغرىم بولدى تىلىم - تىلىم،
تاغدىن ئاشتى، ئاھ، مۇشكۈلىم،
پاك ۋىجدانلار ياخشى قال.

يولغا چىقتىم يۇرتنى تاشلاپ،
دوستلىرىمنىڭ كۆزىن ياشلاپ،
قىسمەت بارار نەگە باشلاپ،
جانىجانلار ياخشى قال.

مەنزىلىم نە؟ قارارىم يوق،
كۈلپەتلەرگە نېمە دەيلۇق؟
كەلدى نەدىن بۇ تارتقۇلۇق؟
شادىمانلار ياخشى قال.

ئامان بولغىن گۈزەل شەھرىم،
ئالتۇن ئوردام، گۆھەر تەختىم،
قارا بولدى ئەزىز بەختىم،
ئاھ، تۇغقانلار ياخشى قال.

ئەلگە ئىللىق ئىدى پەيلىم،
ئەلنىڭ مەيلى ئىدى مەيلىم،
ئەلنىڭ غېمى ئىدى غېمىم،
ساپ ئىمانلار ياخشى قال.

بۈندىن يىغلاپ كېتەر بولدۇم،
چۆلنى ماكان ئېتەر بولدۇم،
ئۆز جېنىمغا خەنجەر بولدۇم،
گۈلىستانلار ياخشى قال.

نامىم يۇرتتىن ئۇنتۇلمىسۇن،
ھېچكىم مەندەك پۇچۇلمىسۇن،
ئەلنىڭ باغرى قوچۇلمىسۇن،
مېھرىبانلار ياخشى قال.

ئەلقىسسە، ئادىلخان ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ نەزمىنى ئاران ـ ئاران توختاتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن مەلىكە پادىشاھنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئۆزىمۇ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، شاھىم،
بىزگە گۇۋاھ بىر خۇدايىم،
يۇرىكىمدە پاتماس ئاھىم،
خىزىر بولغاي رەھنەمايىم.

سېخىيلىقتا سىز يېگانە،
سىز ئالەمدە بىر دۇردانە،
ئالداپ كەتتى پەس دىۋانە،

كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، شاھىم.

ئۆتكۈنچەدۇر پانىي دۇنيا،
دۇنيا قىلغان كىمگە ۋاپا،
گۆردە تەڭدۇر شاھ ۋە گادا،
كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، شاھىم.

قىسمەت شۇنداق ئىكەن ئاخىر،
نىمە چارە كۆرمەي بىر ـ بىر،
باشتا يەنە نىمە تەقدىر؟
كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، شاھىم.

ئالتۇن ئوردا قالدى ئەنە،
گۆھەر تولغان شۇ خەزىنە،
قالدى شەۋكەت، قالدى ھەممە،
كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، شاھىم.

ئادىل پادىشاھ مەلىكىنىڭ نەزمىسىدىن سەل ـ پەل تەسەللى تاپتى. ئۇلار تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئۇزاق زامانلار دەۋر ـ دەۋران سۈرۈپ، ئۆز قولى بىلەن گۈللەندۈرگەن شەھەرىدىن كۆزى قىيماي ئايرىلدى. پادىشاھ ئادىلخان ئايالى بىلەن ئىككى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، قارارسىز ھالدا خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ يول ئالدى. قانچىلىك يوللارنى باسقانلىقى ئۆزلىرىگە مۇ ئايان ئەمەس ئىدى. ئىشقىلىپ، بىرقانچە قېتىم تاڭ ئاتتى. ئۇلار بىر كەچقۇرۇنلۇقى بىر تاغنىڭ باغرىغا كېلىپ قالدى. پادىشاھ بىلەن مەلىكە مەسلىھەتلىشىپ، مۇشۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ ئۆتمەكچى بولدى. پادىشاھ ئاتلارنى بىر جاي-

غا ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن ئۆزى تائەت ـ ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. مەلىكە ئىككى پەرزەنتى بىلەن بىر يەرگە جاي سېلىپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. پادىشاھ تائەت ـ ئىبادەتتىن يېنىپ ياتتى، ئەمما ئۇنىڭ بېشىدىن مىڭ بىر خىيال، تۈمەن مىڭ ئەندىشە، چەكسىز ھەسرەت ـ نادامەت ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئالەم تۈن نىسپى بولغان بولسىمۇ، ئادىلخان پادىشاھ يەنىلا ئويغاق ياتاتتى. پادىشاھ شۇنداق ياتسا، ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. پادىشاھ ئادىلخان بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغانىدى، كۆزلىرىگە تاغ ئۈستىدىن چۈشۈپ كېلىۋاتقان ئون ئاتلىق قاراقچى كۆرۈندى. ئادىلخان پادىشاھ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئايالى ۋە باللىرىنى ئويغاتتى ـ دە، ئۇلارنى تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە يوشۇردى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەمدى دالدىغا ئېلىپ بولۇشىغا قاراقچىلار يېتىپ كەلدى. قاراقچىلار تۆت ئات بىلەن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى قولغا چۈشۈردى ھەمدە ئۇلارنىڭ بارلىق ئوزۇق ـ تالقانلىرىنى ئاتلارغا ئارتىپ ھەيدەپ ماڭدى. قاراقچىلار بىرقانچە ئون قەدەم يىراقلىشىپ بولۇپ، ئۆزئارا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتمىسەك خاتىرجەملىك بولمايدۇ، دېيىشىپ ئەتراپنى ئىزدەشكە باشلىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن بىچارە ئادىلخان پادىشاھ قورقۇنچ ئىچىدە تىترەشكە چۈشتى ۋە تەڭرىدىن مەدەت تىلەپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

ئالەمنى ياراتقان قادىر خۇدايىم،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.
ئەۋۋەل ـ ئاخىر سەنسەن مېنىڭ پاناھىم،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

قانداق قىلاي، بولدۇم ئەجەب بىچارە،
خارۇ زارلىق ئىلكىدە مەن ئاۋارە،
رەھىم ئەيلەپ باغرىم قىلما يۈز پارە،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

پەلەك بۇزدى بۇگۈن مېنىڭ شادىمنى،
ئادا بولماس دەپتەر قىلسام دەردىمنى،
بايان قىلدىم ساڭا ئەرزۇ ھالىمنى،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

قەلەندەرلەر ئايرىدى خانىمانىمدىن،
ھەسرەت بىلەن خوشلاشتىم خاندانىمدىن،
پەلەككە ئوت تۇتاشسۇن ئاھۇ دادىمدىن،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

ئۆزۈڭ قىلدىڭ دەسلەپتە يەمەنگە سۇلتان،
ئادىللىقىم بولغانتى ئالەمگە ئايان،
مەن بولغانتىم دەردمەنلەر دەردىگە دەرمان،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

دەسلەپ ئەيلەپ سەن مېنى ئۇلۇغ پادىشاھ،
ئاجىزلارغا قىلغانتىڭ سېخىي باشپاناھ،
ئاقىۋەتتە بولدۇم مەن بىچارە گۇمراھ،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

مەن ئاغرىتقان ئەمەسمەن زادى ھېچ جاننى،
تەڭ كۆرەتتىم ئالدىمدا بارچە ئىنساننى،

ئازاب چەكتىم ئايرىماي ياخشى ـ يامانىنى،
بۈگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

ھەردەم چىقار تېنىمدىن مېنىڭ بۇ جانىم،
كۆڭلۈم ئېچرە غەمدىن تولا ئەپغانىم،
رەھىم قىلغىن قۇلۇڭغا ئۆزۈڭ رەھمانىم،
بۈگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

ئادىلخان دەر: خەتەردە قالدى ھاياتىم،
يېتەر بۈگۈن ھەققە مېنىڭ پەريادىم،
غەمدىن خالاس قىلىپ، بەرگىن نىجاتىم،
بۈگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

ئالتۇن، ئۇزۇق، ئاتلارنى ئالدى قاراقچى،
ئۇلار ئەمدى جېنىمىزنى ئالماقچى،
تاغ باغرىدا تەنلەرگە خەنجەر سالماقچى،
بۈگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

سەندىن باشقا يۆلەنچىم يوق خۇدايىم،
كەچۈرگەيسەن بولسىمۇ تاغدەك گۇناھىم،
گۇناھسىزدۇر ئالدىڭدا پەرزەنتىم ـ باغرىم،
بۈگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

ئەلقىسسە: پادىشاھ ئادىلخان باغرىنى مىڭ پارە قىلىپ، كۆزلىرىدىن تاڭ شەبنىمىدەك پاك ياشلىرىنى تۆكۈپ، خۇداغا نالە قىلدى.

قاراقچىلار ئەتراپىنى كۆپ ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى تا-



پالماي، ئۆز يوللىرىغا راۋان بولدى. ئادىلخان خۇداغا كۆپ شۈكۈر قىلدى ۋە مەلىكە بىلەن بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يولغا چىقتى. ئۇلار چۆل ـ باياۋاندا يىگىرمە كۈن ياياق يول يۈردى. ئۇلار يەنە بىر تاغنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدى. پادىشاھ ئەتراپتىن ئوتۇن تېرىپ كېلىپ بىر يەرنى كولاپ ئوت قالىدى. پادىشاھ پەرزەنتلىرى بىلەن مەلىكىنى ئوتنىڭ قېشىدا قويۇپ، ئۆزى ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى.

ئەلقىسسە: شام شەھىرىدىن بەش يۈز سودىگەر مال ئېلىپ يولغا چىققانىدى. ئۇلار نەچچە كۈن يول يۈرۈپ پادىشاھ ئادىلخان چۈشكەن تاغنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلارمۇ ئادىلخانغا ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئوتاغ تۇتۇپ قونىماقچى بولۇپ توختاشتى. ئۇلارنىڭ بىر سەردارى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى تۇججار بەھمەن ئىدى. ئۇ ئەتراپتا قاراقچىلىق قىلىپ يۈرگەن ئادەملەر بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئويلاپ، تۆت ـ بەش غۇلامنى

ئەگەشتۇرۇپ تاغنىڭ تۆپىسىگە چىقتى. بەھەمەن ۋە ئۇنىڭ غۇلاملىرى قىلىچ ـ قالقانلار بىلەن قوراللانغانىدى. ئۇلار ئۇ-ياق ـ بۇياققا قاراپ پادىشاھ ئادىلخان ياققان گۇلخاننى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشتى، چۈنكى ئۇ گۇلخان ياققانلار تاغدا قاراقچىلىق قىلىپ يۈرگەنلەر بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدى ھەمدە غۇلاملىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئوت كۆيۈۋاتقان تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ بېرىپ كۆردىكى، ئوتنىڭ يېنىدا پادىشاھ سۈپەت بىر كىشى ئولتۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ قېشىدا قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك ئىككى پەرزەنت بىلەن ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرانە، ئاپتاپ تەلەت بىر گۈزەل مەلىكە ئولتۇرۇپتۇ. تۇججار بەھمەن ئۇلارنى كۆ-رۇپ ھەيرەتتە قالدى. كۆڭلىنى ھىيلە ـ مىكىر بۇلۇتلىرى قاپلاپ، خىيال دالىسىنى شەھۋەت يامغۇرى سوقتى. شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ئۇنى ئەقلىدىن ئازدۇردى. ئۇ غۇلاملىرىنى يىراقراق جايغا كەتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزى پادىشاھ ئادىلخاننىڭ قېشىغا كەلدى. پادىشاھ ئادىلخانغا ھۆرمەت بىلەن سالام بەر-دى. پادىشاھ ئادىلخان ئالدىدا يۈكلىنىپ سالام بەرگەن ئۇ ئا-دەمنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى ۋە ئۇنىڭغا ياندۇرۇپ سالام بەردى. سودىگەرلەرنىڭ ئۇ سەردارى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەمدى كۆڭلۈم تىندى، مۇراد ـ مەقسەتلىرىمنىڭ گۈلىستانى شىۋىرغانغا ئۇچرىمايدىغان بولدى. سىزنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولدۇم. ئەي ئاتا، سىزگە شۇنى مەلۇم قىلىمەنكى، بىز بەش يۈز نەپەر سودىگەر، مەن ئۇلارنىڭ سەردارىمەن. بىز بۇ تاغنىڭ باغرىغا كېلىپ قالغىلى بەش ـ ئالتە كۈن بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن بېرى غەم ـ ئەندىشە تاغلىرى گەجگەمدىن باستى. گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېسەم، مېنىڭ بىر مەستۇرەم بار ئىدى. ئۇ دىلرەبايىم ھامىلدار ئىدى. بۈگۈن

ئۆچ كۆن بولدى، ئۇنىڭ تۇغۇتى يېقىنلىشىپ ئازاب ئىچىدە قالدى. بالا يا تۇغۇلمىدى، يا بىرەر چارە تاپالمىدۇق. ئۇ ئاجىزە مەزلۇمنىڭ نالە ـ پەريادىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ. ئەڭ يامىنى ئارىمىزدا بىرەر ئايال كىشى بولمىغاچقا، ئەرلەر ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ياردەمدە بولالمىدۇق. مەن ئاشۇ زەئىپە مەزلۇمنىڭ ئەلەملىك ئىڭراشلىرىغا تاقەت قىلالماي، بىرەر مەزلۇم كىشى ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. خۇداغا شۈكرىكىم، ھەربىرىڭىزلارنى تاپتىم. مەن ھەقىقەتەن ئامالسىز قالدىم. غەمناك يۈرىكىمنىڭ ئىلتىماسى شۇكى، بۇ مەلىكە سۆپەت خانىم مېنىڭ شۇ ھالسىز مەستۇرەمنىڭ قېشىدا بىرەر سائەت تۇرۇپ بەرسە، سىلەرنىڭ قانداق تەلىپىڭلار بولسا بەجا كەلتۈرسەم، — دېدى.

پادىشاھ ئادىلخان:

— بۇغۇ بولىدىغان گەپ ئىكەن، ئەمما مەلىكەم نامەھرەم بولارمىكىن؟ — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان تۇججار بەھمەن:

— ئەي ئاتا، باشقا خىياللارنى يادىلىرىغا كەلتۈرمىسىلە. ئىمانىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ مەلىكە مېنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىمنىڭ ئورنىدا. بۇ پەرزەنتلىرىدىن بىرىنى قوشۇپ بەرسىلە، — دېدى.

پادىشاھ ئادىلخان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بىردەم ئويلىنىپ قالدى. شاھنىڭ كۆڭلىدىن كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلماق ساۋابتۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ يېگۈدەك ھېچ نەرسىمىز قالمىدى، ئۇلار بىرەر دىيارغا بارغۇچە يەپ تۇرغۇدەك نەرسە بەرسە ئەجەب ئەمەس، دېگەن خىيال كەچتى ـ دە، چوڭ ئوغلى پەررۇخنى مەلىكىگە قوشۇپ بەردى. بۇ سودىگەر پادىشاھقا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، مەلىكە بىلەن شاھزادە پەر-

روخنى ئارقىسىغا سېلىپ تاغنىڭ ئۈستىگە ئاچىقتى. بۇ مەككار تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپلا مەلىكىنى ئاتقا مىندۈردى ـ دە، ئۆزىمۇ ئاتقا مىنگەشتى. ئاندىن پەرروخنى قوغلاپ يۈرۈپ قامچا بىلەن بىرنەچچىنى ئۇردى، ئاندىن ئاتنى قامچىلاپ مەلىكىنى ئېلىپ قاچتى. شاھزادە پەرروخ يىغلا ـ يىغلا ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، دومىلانغان پېتى پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغان ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ كۆزلىرىدىن قان ـ ياشلىرىنى ئاققۇزدى. بۇ پاجىئە دەرد ئۈستىگە جاراھەت بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبىنى ئېچىشتۇردى، ئەمما چارىسىز ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە مەلىكەمنى خۇدانىڭ ئۆزىگە تاپشۇردۇم دەپ ئويلىدى. ئاندىن باللىرىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەي جانجىگەر باللىرىم، بىر جۈپ كۆزۈمنىڭ گۆھەرلىرى، بۇ دەرد ـ مۇشەققەتلەر بىزلەرگە كەلدى. بۇنى تارتماسقا، سەۋر قىلماسلىققا چارىمىز يوقتۇر. يۈرۈڭلار، بۇ يەردىن كېتەيلى. ئېھتىمال بۇ يەردە يەنە باشقا قاراقچىلار



بولسا كېرەك. ئۇزاق تۇرۇپ قالساق، يەنە بىر قاراقچىلار كې-لىپ بىزگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىسۇن.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئادىلخان ئىككى پەرزەنتىنى يېتىلەپ، سۆيۈملۈك مەلىكىسىنىڭ دەردىدە باھار پەسلىدە ياغىدىغان تۆكمە يامغۇردەك يىغلاپ، يولغا راۋان بولدى ۋە پەلەكنىڭ دەھشىتىدىن شىكايەت قىلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

پەلەك سالدى يامان كۈنلەر،
تاجۇ تەختىم ئاندا قالدى.
ئاخىر زامان بولدى بىزگە،
تاجۇ تەختىم ئاندا قالدى.

ئەجەب بولدى زامانلار،
ھالىم بىلمەس نادانلار،
ھەمدەم بولغان يارانلار،
زار يىغلاپ ئاندا قالدى.

سامان بولدى رەڭگىرويۇم،
دۇتار بولدى قەددى ـ بويۇم،
غېرىبلىقتا ئۆتەر كۈنۈم،
ئاشنالار ئاندا قالدى.

كۈنلەر چۈشتى بۇ بېشىمغا،
زەھەر چۈشتى ھەم ئېشىمغا،
تۇپراق تولدى كۆز يېشىمغا،
نەۋ جۇۋانلار ئاندا قالدى.

پەلەك قىلدى بىزنى تالان،
غەم ـ قايغۇدا بولدۇم ۋەيران،
ھالىم سورىغۇچى ئەزىز ياران،
يارانلىرىم ئاندا قالدى.

كۆز ئالدىمدا كەڭ باياۋان،
مەن بوراندا ئۇچقان سامان،
بارار جايىم ئەمدى قايان؟
بوستانلىرىم ئاندا قالدى.

يوللار باستىم ياياق چۆلدە،
يېشىم قالدى نەچچە كۆلدە،
تاغ غارلىرى بولدى كۆلبە،
ئايۋانلىرىم ئاندا قالدى.

پەرياد سالدىم يىغلاپ شۇنداق،
مەن يىلتىزسىز جىغان ـ قامغاق،
كۆزلىرىمگە پاتتى تۇپراق،
خەندانلىرىم ئاندا قالدى.

ئادىلخان دەر: مېنىڭ دەردىم،
ئەجەب قارا بولدى بەختىم،
كېپەن بولدى كىيگەن رەختىم،
زەر تونلىرىم ئاندا قالدى.

خۇرشىد يۈزلۈك پاك مەلىكەم،
يۈرەك پارەم ئەزىز ھەمدەم،

ئاھۇ كەبى كۆزلىرى نەم،
جانىجانىم ئاندا قالدى.

نېمە ئەلەم بۇ چۆل - دەشتتە،
بەخت مەندىن ئۈزدى رىشتە،
يوقتۇر دەرمان مەن دەرۋىشتە،
دەرمانلىرىم ئاندا قالدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئادىلخان ئەنە شۇنداق يىغلاپ - قاقشاپ يەنە ئۈچ كۈن يول يۈردى. قىرىشقاندەك ئۇلارنىڭ يولىنى بىر ئەزىم دەريا توستى. بۇ دەريادىن ئۆتۈشنىڭ ھېچبىر ئىلاجى يوق ئىدى. پادىشاھنىڭ بېشى قاتتى. شۇ چاغدا بۇ يەرگە بىر ئاتلىق قىرغىز پەيدا بولدى. ئۇ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتى. پادىشاھ ئۇنىڭغا دەريادىن ئۆتۈشنىڭ ئامالىنى تاپالماي تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. قىرغىز مۇنداق دېدى:

— سىز ھېچبىر ئەندىشە قىلماڭ، مەن بىر سۇچى. بۇ دەريانىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى ياخشى بىلىمەن. سىلەرنى بۇ دەريادىن ئۆزۈم ئۆتكۈزۈپ قوياي.

پادىشاھ ئادىلخان ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ قالدى، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ يوچۇن ئادەم شاھ پەررۇخنى ئېتىنىڭ ئالدىغا مىندۈرۈپ دەريادىن كېچىپ نېرىقى قىرغاققا ئۆتتى. ئۇ قىرغاققا چىقار - چىقمايلا پادىشاھقا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھەي ئەخمەق، مەن ئەسلىي قاراقچىمەن. بالاڭنى قىيامەتكە باقىي قالدۇرغىن، — دېدى - دە، شاھزادە پەررۇخنى ئېلىپ قاچتى. بۇ ھالنى كۆرگەن پادىشاھ ھەيران ۋە سەرگەردان بولۇپ، زار - زار يىغلىدى. ئاندىن قېشىدىكى بالىسىغا:

— ئەي جەمشىدىم بالام، ئەي كۆز قارىچۇقۇم جانىجان بوتام، بىز خانىۋەيران بولدۇق. تاجۇ تەختتىن، خانىداندىن، ئانا ماكاندىن ئايرىلدۇق. سەپەرگە چىقىپ سەرگەردانلىق يولىدا ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىمىزدىن قۇرۇق قالدۇق. ۋادەرىخ، ۋادەرىخ، ئاندىن مېھرىبان ئانائىلاردىن ئايرىلدۇق، ئەمدى ئاكاڭ شاھزادە پەررۇختىن ئايرىلدۇق. ئاناڭ گۈلچېھرەخان بىلەن ئاكاڭ پەررۇخنى قىسمەت بىزدىن جۇدا قىلدى. بىزگە خۇدانىڭ ئىرادىسى شۇ ئوخشايدۇ. بۇ دەريادىن ئۆتۈپ كەتمەسلىككە چارىمىز يوق. كەل، قولۇڭنى ماڭا بەرگىن، بالام، خۇداغا تەۋەككۈل قىلىپ بىر ئامالللاپ ئۆتۈپ كېتەيلى، — دېدى. ئۇلار ئاتا ـ بالا قول تۇتۇشۇپ دەرياغا كىردى. ئاستا ـ ئاستا چامداپ بارغانچە تېرەنلەشتى. بارا ـ بارا دەريا چوڭقۇرلىشىپ قالدى. شۇ چاغ سۇ تاسادىپىي ئۇلغىيىپ شىددەت بىلەن ئېقىشقا باشلىدى ـ دە، پادىشاھ ئادىلخان يىقىلدى. ئوغلى شاھزادە جەمشىد پادىشاھنىڭ قولىدىن ئاجراپ چىقىپ ئېقىپ كەتتى. پادىشاھ ئادىلخان بىر چۆكۈپ ـ بىر لەيلەپ مىڭ مۇشەققەتتە قىرغاققا چىقتى، قارىسا، ئوغلى شاھزادە جەمشىد يوق، ئاھ ئۇرۇپ، نادامەت چېكىپ يىغلاپ خۇدايىتائالاغا خىتاب قىلدى:

« ئەي تەڭرىم، بۇ نېمە كۈنلەر ئەمدى؟ خانىدانىمدىن جۇدا بولدۇم، روزغارىمدىن جۇدا بولدۇم، يۇرت ـ دىيارىمدىن جۇدا بولدۇم، نىگارىمدىن جۇدا بولدۇم، بىر جۈپ كۆز قارىقىمدىن جۇدا بولدۇم. ئەي خۇدا، مۇشكۈللەرنى ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن، ھالىمنى ئېيتماق ھاجەت ئەمەس. ئۆزۈمنى ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم. » پادىشاھ ئادىلخان ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، قۇيۇندەك پىرقىراپ كۆپتىن ـ كۆپ يىغلىدى. ئاندىن بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

ئالەمنى ياراتقان قادىر خۇدايىم،
قۇدرىتىڭدىن مۇشۇنداق زامان ئەيلىدىڭ.
سەن بارچىنىڭ پاناھى ئۇلۇغ ئىلاھىم،
قۇدرىتىڭنى بارچىگە ئايان ئەيلىدىڭ.

ئاۋۋال رەھمان رەھىمدۇر سىنىڭ شۇل ئاتىڭ،
ھېچكىم يەتمەس جايدىدۇر سىنىڭ نۇر زاتىڭ،
ئەي قۇدرەتلىك خۇدايىم ھەم زاتى پاكىڭ،
رەھمىتىڭدىن بىزلەرگە ئىمان ئەيلىدىڭ.

قۇدرىتىڭنى بارچىگە ئەيلىدىڭ ھازىر،
ئاۋۋال - ئاخىر ئۆزۈڭسەن ھەممىگە قادىر،
بارچە دۇنيا، ھاياتنى ياراتتىڭ ئاخىر،
بەخت ئىچرە ئادەمنى ئايان ئەيلىدىڭ.

قۇدرىتىڭدىن يارالدى ئادەم ۋە ھاۋا،
جەننەت ئارا ئىككىسى قىلدى تاماشا،
خۇشاللىقتىن پاتمىدى ئۇلار قىنىغا،
ئىككىسىگە سەن ياخشى ماكان ئەيلىدىڭ.

ئاجايىپ سايرىشىپ تۇرار بۇلبۇللار،
ئېچىلىپ چىمەندە تۈمەنمىڭ گۇللار،
يوللىرىغا گۇل چەكتى پەرىشتە قوللار،
خىزمىتىدە ئۇلارنىڭ غىلمان ئەيلىدىڭ.

بارچە مەلەكلەرنى ئەيلىدىڭ ئاندا،
ئادەم ئۇچۇن سەجدىنى قىلمىدى ئادا،

ئاداۋەتتىن ئازازۇل قىلدىلەر جازا،
تاقاق سېلىپ بوينىغا شەيتان ئەيلىدىڭ.

يىراق ئەردى ئۇلار، بارچە ھەر ئىشتىن،
يەپ تاشلىدى يېمەيدىغان يېمىشتىن،
شۇنىڭ ئۈچۈن چىقار بولدى بېھىشتىن،
مەنزىلىگە ياخشى جاھان ئەيلىدىڭ.

ئۇلار ئۈچۈن يارىتىپ پانىي جاھاننى،
سەن چىقىرىپ دۇنياغا ئادەم ـ ھاۋانى،
يەر يۈزىگە چۈشۈردۈڭ جۈپ ئاشنانى،
يۈزلىرىنى نۇرى ئىمان ئەيلىدىڭ.

روشەن قىلدىڭ دۇنيانى ئاي ـ كۈن يارىتىپ،
نەزەر قىلار ئاي بىلەن كۈن ئادەمگە بېقىپ،
قۇللىرىڭغا تۈرلۈك ـ تۈرلۈك نېمەت يارىتىپ،
نېمىتىڭنى بەندەڭگە ئەلۋان ئەيلىدىڭ.

ئىدراك تاپۇر ئەمرىڭنى تۆتسىلا بۇدىل،
قۇدرىتىڭدىن ئۇلۇغدۇر خىزىر، جەبرائىل،
نەمرۇتنىڭ ئوتىدا كۆيمىدى خېلىل،
ياخشىلارغا مۇشكۇلنى ئاسان ئەيلىدىڭ.

تۆت كىتابنى ئەۋەتىپ مۇشۇ دۇنياغا،
ئۆز قولىغا «ئىنجىل»نى ئالدىلەر ئەيسا.
ھېكمەتلەرنى سىغدۇردۇڭ، «زەبۇر»، «تەۋرات»قا،
بىر كىتابنىڭ ئېتىنى «قۇرئان» ئەيلىدىڭ.

پادىشاھ ئادىلخان شۇنداق نەزمىلەرنى ئوقۇپ، كۆزلىرىدىن بۇلاق سۇيىدەك ياشلارنى ئاققۇزدى. ئۇنىڭ ئاھلىرىغا دۇچ كەلگەن شامالمۇ كۆيۈپ ئۆرتىنىپ كېتەتتى. پادىشاھنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلار بەجايىكى گۈلنىڭ سۇيىگە ئوخشايتتى. ئۇ يەنە توختىماي خۇداغا سېغىنىپ مۇناجاتلىرىنى پەلەككە يەتكۈزدى:

روسۇل ئۈچۈن بۇ دۇنيا بولدى زاھىر،
ھەممە ئىشقا ئېرۇرلار خۇدايىم قادىر،
بارچىنى ئۇ قىلدى ئالەمگە ھازىر،
مۇھەممەتنى ئاخىر زامان ئەيلىدىڭ.

بارچە بەندەڭ يەردە قارار تاپتىلەر،
بىرنەچچىسى ھۆكمىڭنى مەھكەم تۇتتىلەر،
بويۇن سۇنماي نەچچىسى كۇپپار بولدىلەر،
قارۇندەكنى يەردە پىنھان ئەيلىدىڭ.

ساڭا نىسار ئەيلەيمەن جانىمنى قۇربان،
بىۋاپادۇر بىزلەرگە بۇ پانىي جاھان،
قۇدرىتىڭدىن ئالەمنى ياراتقان رەھمان،
بۇ جېنىمغا ئاجايىپ زامان ئەيلىدىڭ.

خانىدانىمدىن جۇدا بولدۇم ئايرىلىپ،
كېچە ـ كۈندۈز يۈردۈم چۆلدە ئايلىنىپ،
غەم دەشتىدە قاناتىم سۇندى قايرىلىپ،
نە سەۋەبتىن بىزنى ھەيران ئەيلىدىڭ؟

ماڭا پىدا بولغان ياخشى يارانلار،
ئەر قەدرىنى بىلمەس ئىكەن زامانلار،

ئادىلخان دەر، بولدى ئەجەب زامانلار،
كۆزلىرىمدە دەريا راۋان ئەيلىدىڭ.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئادىلخان مۆڭلۈق مۇناجاتلىرىنى تاغۇ دەشتلەرگە سىڭدۈرۈپ، قۇيۇندا قالغان خازاندەك ئەرك بايرىقىنى قىسمەت شامىلىغا تاپشۇرۇپ، يىغلا - يىغلا چۆل - جەزىرىدە يەنە ئۇن تۆت كۈن يول يۈردى. ماگا - ماگا بىر يەرگە كېلىپ كۆردىكى، كۆز ئالدىدا تۇغ - شەددىلەرگە تولغان بىر كاتتا مازار تۇراتتى. پادىشاھ ئادىلخان يېقىن بېرىپ، بۇ چۆلدىكى مازارنىڭ چەكسىزلىكىدىن ھەيران قالدى. ئەمما، بۇ مازارنىڭ تۇغ - ئەلەملىرى يىقىلغان، مەسچىت - خانىقالار ۋەيران بولغان، گۈمبەزلەر ئۆرۈلگەنىدى. بۇ يەرگە ئۇزاقتىن بۇيان بىرەر ئادەمزاتنىڭ ئايىغى بېسىلمىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى. بۇ يەردە نە جانۇ جانىۋارلارنىڭ سايىسى، نە بىرەر قۇشنىڭ ئۈنى يوق ئىدى. قىسقىسى، بۇ يەردە ھاياتلىق ئىزى ئۆچكەن ھەم بۇ يەر تىرىكلەرنىڭ خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇلاقلار تىنغان، ئەتراپتا يېشىللىق سىنغانىدى. پادىشاھ ئادىلخان مازارنىڭ مەنزىرىسىگە نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ: بۇ مازار خۇددى ماگا ئوخشاش غېرىب ئىكەن، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن مېنىڭ ماكانىم مۇشۇ غېرىب مازار بولغان ئوخشايدۇ. مەن ئەمدى مۇشۇ يەردە تائەت - ئىبادەت قىلىپ ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزەي، دەپ ئويلىدى. پادىشاھ ئادىلخان مازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆزىگە بىر ئۆي بەرپا قىلدى. تىنىمىي كەتكەن بۇلاقلارنىڭ توپىلىرىنى تارتىپ سۇ چىقىرىپ قەبرە - گۈمبەزلەرنى سۇغاردى. ئۆرۈلگەن شەددە - ئەلەملەرنى تۇرغۇزۇپ، يىقىلغان گۈمبەزلەرنى ياسىدى. قومۇشنىڭ يىلتىزلىرىنى كولاپ يەپ، ئۇن تۆت يىلنى تائەت - ئىبادەت بىلەن

ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئىبادىتى ۋە مېھنىتى شاراپىتىدىن مازار يېشىللىققا پۈركەندى. تەرەپ - تەرەپتىن تۈتىلار، بۇلبۇللار، ئىشقىلىپ، خىلمۇخىل قۇشلار ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ قۇشلار پادىشاھ ئادىلخانىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ۋىچىرلاپ سايرىشاتتى.



بىر كۈنى سەھەردە پادىشاھ ئادىلخان قۇشلارنىڭ ئاۋازىدىن مەستخۇش بولدى - دە، ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ باغرى ئېزىلدى. ئۇ قۇشلارغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئۇستۇمدىكى تۇتى قۇشلار،
تۇرغىنىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟
خۇشال بولۇپ ئۇنۇڭلەردىن،
يۇرگىنىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

كەلمەس ھېچكىم، ئاھ، قېشىمغا،
سايلار تولدى كۆز يېشىمغا،
نالە قىلىپ سىر دىشىمغا،
يۇرگىنىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

غېرىب بولۇپ كۆكسۈم داغلاپ،
ئاشىقلارنىڭ يولىن بويلاپ،
چۆللەر ئىچرە جېنىم قىيناپ،
يۇرگىنىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

ماڭا بولدى ئاخىر زامان،
پەلەك قىلدى مېنى نالان،
شەھرىم ئىچرە قالدى ئايۋان،
يارەنلەرنى كۆردۈڭلارمۇ؟

گۈلگە تولغان گۈلىستانىم،
بەزمىگاھىم ـ دىلىستانىم،
تاجۇ تەختىم، خانىدانىم،
قالغان ئىدى كۆردۈڭلارمۇ؟

بەدىنىمدە يىرتىق جەندە،
ماجالىم يوق ئاجىز تەندە،
نەدە كۆلكەم، نەدە خەندە،
بۇ ھالىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

مېنىڭ بىلەن ھەمدەم بولغان،
دەردلىرىمگە مەلھەم بولغان،
قاراقچىغا ئەسىر بولغان،
گۈلچېھرەمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

قاراقچىلار قولىن باغلاپ،
مېنىڭ ئۈچۈن چەندان يىغلاپ،

ئارمان بىلەن يۈرەك داغلاپ،
پەررۇخۇمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

دەريا ئىچرە ئېقىپ ئۆلدى،
ھەق ئىلاھىم جېنىم ئالدى،
ئادىلخان دەر: نېتەي ئەمدى،
جەمشىدىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

ئەلقىسسە، ئادىلخان پادىشاھ قۇشلارغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇپ بولۇپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. ئاندىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كۆكتە ئۇچقان ئەركىن قۇشلار،
غەمدىن خالاس كۆڭلى خۇشلار،
سىرداشلىرىم، ئەي تونۇشلار،
كۆرگەنلەرگە سالام دەڭلار.

بارساڭلار گەر يەمەن تامان،
سوراپ قالسا دوست ۋە ياران،
دېسە مېنى قالدى قايان،
سايراپ تۇرۇپ سالام دەڭلار.

كۆرسەڭلار ھەم گۇلچېھرەمنى،
سۆزى شېرىن مەلىكەمنى،
سۆزلىمەڭلار بۇ ئەلەمنى،
ئاڭا مەندىن سالام دەڭلار.

بۇ كۆزۈمنىڭ نۇر قاراسى،
ھاياتىمنىڭ تۇتىياسى،

ئادىلخاننىڭ ىىباھاسى،
پەررۇخۇمغا سالام دەڭلار.

ئۇچراپ قالسا ئەزىم دەريا،
ئىزدەڭلاركىم بىر نۇر سىما،
سۇ قوينىدا تاپقان قارار،
جەمشىدىمگە سالام دەڭلار.

پادىشاھ ئادىلخان بىر كۈنى خۇداغا سىغىنىپ: «ئەي تەڭ-رىم، خانۇمانىمدىن، روزغارىمدىن، پەرزەنتلىرىمدىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كەلگىلى ئون تۆت يىل بوپتۇ. ئون تۆت يىلدىن بېرى ئادەم زاتىنى كۆرمىدىم، جامائەتكە ئارىلاشمىدىم، ئاجا-يىپ شەرمەندە بولدۇم. ئەمدى ئادەم بار يەرگە باراي. ئون تۆت يىلدىن بېرى ياۋايىدەك ياشاپ بەدەنلىرىمنى تۈك باستى. ئەم-دى ئادەملەرگە ئارىلىشىپ ياشىماقنى نېسىپ ئەتكىن» دەپ يىلىندى. ئاندىن سەپەر كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، ئون بىر كۈن يول يۈرۈپ بىر كەنتكە يەتتى. ئۇ كەنتنىڭ تېشىدىكى ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، سۇ ئىچ-تى. بىردەم ئارامىنى ئالغاندىن كېيىن كەنتنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى. پادىشاھ ئادىلخاننى كۆرگەن ئادەملەر:

— توۋا، توۋا.

— ئالۋاستى، ئالۋاستى.

— قاچ، قاچ ! — دېيىشىپ، تەرەپ - تەرەپكە قېچىش-تى. پادىشاھ ئادىلخان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ: نېمە بالالارغا قال-غاندىمەن؟ ھەممە ئادەم مېنى كۆرسىلا قېچىشىۋاتىدۇ. بەلكى ئون تۆت يىل ئادەملەردىن ئايرىلىپ ياشاپ، باشقا بىر تۇسكە كىرىپ قالغان ئوخشايمەن، دەپ خىيال قىلدى. ئۇ يەنە ئۇچ

كۆن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە بېرىپ قالدى. پادىشاھ كۆردى-كىم، بىر قۇش ھاۋادا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ. نەچچە مىڭلىغان كىشىلەر قۇشقا قاراپ بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ تۇ-رۇشۇپتۇ. پادىشاھ ئادىلخان بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئا-دەملەر ئۇنى كۆرۈپ يەنە قېچىشتى. پادىشاھ ئادىلخانىنىڭ كۆڭلىگە ئازار يەتتى. ئۇ ئادەملەرنىڭ قېشىدىن يىراقلاپ، بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئولتۇردى. ئۇ مۆڭلىنىپ ئول-تۇراتتى، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەم تاسادىپىي ئۇنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، بەدەر قاچتى. پادىشاھ ئادىلخان ئورنىدىن تۇرۇپ:



— ئەي بۇرادەر، مەن ئادەممەن، مەن ئادەممەن، مەندىن قاچمىغىن، — دەپ ئۇنى قوغلىدى.

ھېلىقى ئادەم قورقۇنچىدا پۇت - قولىدىن جان قېچىپ، پەرياد ئۇرۇپ يىقىلدى. پادىشاھ ئۇنى مەھكەم تۇتۇۋالدى ۋە:

— ئەي بۇرادەر، قورقمىغىن، مەن ئېزىتقۇ ئەمەس ياكى ئالۋاستىمۇ ئەمەس، مەن ئىنسان، ئادەم بالىسىمەن، مەن ئون تۆت يىل ئادەملەردىن ئايرىلىپ باياۋاندا ياشىدىم. كىيىم - كېچەكلىرىم يىرتىلىپ مۇشۇ ھالەتكە كېلىپ قالدى. توختىماي چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ يۈرۈپ بەدەنلىرىمنى تۈك باستى. سۆزۈمدىن گۇمانلانما. ئەي جېنىم بۇرادەر، جاۋاب بەرگىنە، بۇ قايسى شەھەر؟ بۇنچىۋالا كۆپ خالايىق نېمە ئىش قىلىشىۋاتىدۇ؟ ئۇلار ئويۇن - تاماشا قىلىشىۋاتامدۇ ياكى مەجلىس تۈزۈۋاتامدۇ؟ — دېدى.

ھېلىقى ئادەم بەدەنلىرىنى تۈك باسقان، يۈزلىرى ئاپتاپتا قارايغان، چېچى بېلىگە چۈشكەن پادىشاھ ئادىلخانغا قاراپ: بۇ ئادەمنىڭ كۆزىدىن، ئاغزىدىن ئۆزگە ھېچقانداق يېرى ئىنسانغا ئوخشاشمايدۇ، ئەمما شۇنداق يېقىملىق سۆزلەۋاتىدىغۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ ئادەملىكىگە ئىشىنىپ يۈرىكى جايىغا چۈشتى. ئەمما، ئۇ تېخىچە قورقۇنچتىن كۆزلىرىنى يۇماتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئاچماي تۇرۇپ:

— بۇ شەھەرنى دىياربەكرى شەھىرى دەيدۇ. شەھىرىمىزنىڭ پادىشاھى ئۆلۈپ كەتتى. بۇ مەملىكەتتە دۆلەت قۇشى دەيدىغان بىر قۇش بار. پادىشاھ ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇ قۇشنى قويۇپ بېرىدۇ. ئاشۇ قۇش كىمنىڭ بېشىغا بېرىپ قونسا شۇ كىشى پادىشاھ بولىدۇ. ھالا بۈگۈن قۇشنى قويۇۋەتكىلى قىرىق كۈن بولدى. قۇش ھېچكىمنىڭ بېشىغا قونمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خالايىقلار كېچە - كۈندۈز قۇشقا يەم تەڭلەپ يۈرۈش-

مەكتە. بۇ مۇشۇ شەھەرنىڭ بىر رەسىم ـ قائىدىسى، ـــ دېدى.
پادىشاھ ئادىلخان ئۇ ئادەمنى قويۇپ بەردى. ئۇ پادىشاھـ ـنىڭ قولىدىن ئاجرىغاندىن كېيىن بىرنېمىلەرنى دەپ شىـ ـۋىرلاپ ئۆزىگە سۈپكۈچلەپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قاچـ ـتى. پادىشاھ ئادىلخان: مەن كۆرمىگەن ئەمدى مۇشۇ كۈن قالغان ئوخشايدۇ. بۇ نېمىدېگەن خورلۇق، دەپ قاتتىق خاپا بولدى. ئاندىن پەلەككە شىكايەت قىلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

شەيتان لەئىن ئىمانىڭغا قەست ئېتەر،
ئاجىز جېنىڭ ئەزىز تەندىن ئايرىلسا.
پەلەك ساڭا كەلگ ئالەمنى تار قىلار،
مېھنەت كېلىپ، دۆلەت قولدىن ئايرىلسا.

دۆلەت كېلىپ قونسا چىۋىن بېشىغا،
سۇمۇرغ كېلەر كۈندە ئۇنىڭ قېشىغا.
دەردىن بىلمەس ئۆزگە ئادەم ئۆزىدىن،
يۇرت ـ مەھەللە، ئۆي ـ ماكاندىن ئايرىلسا.

كەڭرى جاھان تارلىق قىلار جېنىغا،
ھېچكىم كەلمەس ئەھۋال سوراپ يېنىغا،
شېرىك قىلماس ھېچكىم بۇردا نېنىغا،
دېھقان كۈزدە خامانىدىن ئايرىلسا.

ئاياز كۈنى ئاسمان بولغاي يېپىنچا،
يالاڭ تەنگە مۇزلىغان يەر سېلىنچا،
دۆڭ ئاتلىسا تېپىلمايدۇ تايانچا،
ھەركىم ئەگەر ئاشىياندىن ئايرىلسا.

ئادىلخان دەر: چېكىپ دەردۇ مالامەت،
ئۆلمەي تۇرۇپ ماڭا بولدى قىيامەت،
پەلەك سەندىن كۆردۇم تالاي نادامەت،
ئامان تاپسام، ئەپغان مەندىن ئايرىلسا.

قاچان مېنىڭ مەڭزىمدىن نەم قۇرۇغاي؟
تۇن كېچەمنى ئايدىڭ قىلغاي قاچان ئاي؟
گەز لېۋىمگە تۆكۈلەرمۇ ئىسسىق چاي،
جاننى باقماق تەس، ھەمياندىن ئايرىلسا.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئادىلخان شۇنداق تۇراتتى، ھېلىقى شەھەر ئاسمىنىدا ئۇچۇپ يۈرگەن دۆلەت قۇشى ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا قوندى. پادىشاھ ئادىلخان ئۇنى بېشىدىن قانچە ئۇركۇتۇپ باققان بولسىمۇ پايدا بەرمىدى. قۇش ئۇنىڭ بېشىغا تەكرار قونۇپ چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇ ئارىلىقتا خالايىقلار كېلىشتى ۋە ئۇلار پادىشاھ ئادىلخاننى بىر - بىرىگە كۆرسىتىپ: «قاراڭلار، قوتازدەك تۈكلۈك نېمىكەن، توۋا، بۇ دۆلەت قۇشى قىرىق كۈندىن بېرى ھېچكىمنىڭ بېشىغا قونماي، مۇنۇ دىۋانە سۈپەت ئادەمنىڭ بېشىغا قونغىنىنى» دېيىشىپ غۇلغۇلا قىلىشتى. شۇ ئەسنادا بۇ شەھەرنىڭ ۋەزىر - ئەمىرلىرىمۇ كەلدى. ئۇلارمۇ بۇ ھالنى كۆرۈپ ياقىلىرىنى چىشلەشتى، دۆلەت قۇشىنى ئۇنىڭ بېشىدىن ئۇركۇتۇپ باقتى، ئەمما قۇش ئادىلخان پادىشاھنىڭ بېشىدا چىڭ تۇرۇۋالدى. ۋەزىرلەر ئادىلخاندىن:

— سەن زادى نېمە ئادەم، بۇ شەھەردە ئەزەلدىن سەندەك ئادەم سىياق مەخلۇق بولغان ئەمەس، قەيەردىن كەلدىڭ، قەيەرگە ماڭدىڭ، ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سوراشتى.

پادىشاھ ئادىلخان جاۋاب بېرىپ بولغۇچە، ئەتراپتا: «ئىپ-زىتقۇ بولمىسۇن يەنە، ئالۋاستى بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دېگەن كۇس - كۇس گەپلەر ئاڭلاندى. پادىشاھ ئادىلخان:

— مەن ئادەم، مەن ئىنسان پۇشتىمەن، — دەپ سۆزىنى ئەمدى باشلىشىغا، ئادەملەر بىرى - بىرىنى ئىتتىرىپ، دۈرۈت ئوقۇشۇپ قاچتى. ئۇلار پادىشاھ ئادىلخاننىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىكىدىن تېخىمۇ قورقۇشۇپ كەتكەنىدى. پادىشاھ ئادىلخان ئۇلارغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— ماڭا ئىشىنىڭلار، مەن ئادەم، — خالايىقلار توختاش-تى، ئادىلخان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن بۇ يۇرتقا مۇ-ساپىرمەن، مەن ئەسلىدە يەمەن شەھىرىنىڭ پادىشاھى ئىدىم. مەن شاھلىقتىن ئايرىلىپ ئون تۆت يىل چۆل - باياۋاندا ئا-دەم كۆرمەي ياشىدىم. بەدەنلىرىمگە تۈك چىقىپ كەتتى، مەن-دىن قاچماڭلار، مەن سىلەرگە ئوخشاش ئادەم، بەلكى غېرىب، كۆڭلى سۇنۇق ئادەممەن. مەن سىلەرنى ھېچنېمە قىلمايمەن، ماڭا رەھىم قىلىپ كىيىم - كېچەك بېرىڭلار.

ۋەزىر - ئەمىرلەر ئۇنى تۇتۇپ، بېشىدىن قۇشنى ئاجرى-تىۋېلىپ شەھەردىن قوغلاپ چىقىرايلى، دەپ مەسلىھەتلىشىپ پادىشاھ ئادىلخاننى تۇتتى ۋە دۆلەت قۇشىنى ئۈركۈتۈپ باق-تى. قۇش يەنە ئۇچۇرۇۋەتسە، يەنە كېلىپ ئادىلخاننىڭ بېشىغا قوندى. بۇ ھالنى كۆرگەن ۋەزىرلەر: «بۇ راستىنلا ئادەم ئوخشايدۇ، قۇش ئۇنىڭ بېشىدىن ئاجرىمىغانلىقىغا قارىغاندا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنسەك بولغۇدەك، ئەلمىساقتىن داۋام قىلىپ كەلگەن يوسۇننى بۇزماي، ئۇنى شاھلىق تەختكە ئولتۇرغۇزاي-لى، تەقدىرگە تەن بېرەيلى» دېيىشىپ مەسلىھەت تۈزۈشتى ۋە دەرھال شاھانە تون - سەرپايلارنى كەلتۈرۈپ ئادىلخانغا كىي-دۈردى. بېشىغا شاھلىق تاجنى كىيدۈرۈپ، بېلىگە گۆھەر



كۆزلۈك كەمەر باغلىدى، ئاندىن ئۇنى ئالتۇن مەپىگە ئولتۇر-
غۇزۇپ شەھەرگە ئەكىردى. ناغرا - سۇنايلار چېلىندى، شە-
ھەر ئاسمىنىنى شادلىق قاپلىدى. شەھەر خەلقى ساماغا چۈش-
تى. پادىشاھ ئادىلخان ئوردىغا كېلىپ ئالتۇن تەختتىن ئورۇن
ئالدى. پادىشاھ ئادىلخان يەنە پادىشاھ بولدى. بىر مىڭ يەتتە
يۈز ۋەزىر، ئەمىر، سەركەردىلەر ئۇنىڭغا قول باغلاپ تۇردى.
پادىشاھ ئادىلخان ئۇلارغا بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر -
بىرلەپ بايان قىلىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

قەدىردانلار، سىزلەرگە بىر سۆز ئېيتاي مەن،
چەرخى پەلەك ھەر كۈنى جاپا ئەيلىدى.
بىرىگە كىيدۈرۈپ زەر ياقىلىق تون،
بىرىنى ئەل ئىچرە گادا ئەيلىدى.

بىرىگە بېرىپتۇ تەخت بىلەن تاج،
خەلقئالەم ئۇنىڭغا بولۇپتۇ موھتاج،
بىرىنى قىلىپتۇ ئاجىز، يالىڭاچ،
موھتاج قىلىپ قەددىنى دۇتار ئەيلىدى.

بىرىگە بېرىپتۇ تەخت ۋە دۆلەت،
بىرىگە بېرىپتۇ رەنجى - مۇشەققەت،
سايە ساپتۇ بېشىغا تۇمەنلەپ كۈلپەت،
بىراۋنىڭ بەختىنى قارا ئەيلىدى.

سىڭلىنى ئايرىدى ياخشى ئاغادىن،
قىزلارنى ئايرىدى مۇشپىق ئانادىن،
ئۇلار ئۆتتى ھەسرەتتە پانىي دۇنيادىن،
ئاتانى ئوغلىدىن جۇدا ئەيلىدى.

بىرىگە ئىچۈردى لالە رەڭ شاراب،
بىرىنىڭ باغرىنى ئەيلىدى كاۋاپ،
ئاخىردا قىلدىلار بارچىنى خاراب،
ھەركىمگە بىر قىسمەت ئاتا ئەيلىدى.

بىرىنى ئەيلىدى تەكەببۇر بويۇن،
بىرىنىڭ قەلبىنى قىلىپ زەرداب - خۇن،
مەجنۇندەك چۆللەردە ئەيلىدى جۇنۇن،
خەندانە كۈلكىدىن ئادا ئەيلىدى.

بىرىنى ئەيلىدى بەگزادە، غەنىي،
بىرىنىڭ قايغۇسى بىر نانىنىڭ غېمى،

ئۇ ئۆتكەن سۇلتانلار، گادايلار قېنى،
ئەجەلگە كىم ئاخىر داۋا ئەيلىدى؟ !

ھەزرىتى داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايمان،
بىلىقنىڭ ئىچىدە يىغلايدۇ چەندان،
ياقۇپمۇ ئوغلىغا يىغلىدى گىريان،
يۇسۇپنى گۇناھتىن ئادا ئەيلىدى.

خۇدانىڭ روسۇلى ئىدى ئىبراھىم،
ئوغلىنىڭ چېھرىگە مۇشتاقتى دائىم،
ئۇنىڭمۇ جېنىنى ئالدى خۇدايىم،
مېھرىبان پەرزەنتتىن جۇدا ئەيلىدى.

بىراۋنىڭ رەنجىگە ياخشى بىر داۋا،
بىراۋنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ راۋا،
بىراۋنىڭ كۆزىنى قىلىپ كور ـ ئەما،
قولىغا بىر ياغاچ ھاسا ئەيلىدى.

بىرىگە بېرىپتۇ ۋىسال دۆلىتى،
بىرىگە بېرىپتۇ ئەيش ـ ئىشرىتى،
بىرىنىڭ ھەددىدىن تولا ھەسرىتى،
بىراۋنى يارچىدىن جۇدا ئەيلىدى.

ئارماندا ياشىدى شېرىن ۋە پەرھاد،
بۇ پانىي دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ ناشاد،
پەلەكنىڭ قولىدا داد ئۈستىگە داد،
بىرىگە مىڭ تۈرلۈك جاپا ئەيلىدى.

لەيلى ۋە مەجنۇندۇر ئاشىقى ـ شەيدا،
ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشتى مىڭ سەۋدا،
بارچىنى ئۆلتۈرگەن ۋاپاسىز دۇنيا،
بۇ دۇنيا كىملەرگە ۋاپا ئەيلىدى؟

مەن ئىدىم ئەسلىدە ئۇلۇغ شاھىنشاھ،
ئۇ ئەھلى يەمەنگە ئىدىم رەھنەما،
غەنىي بوپ كېتەتتى شەھرىمدە گادا،
غېرىبلار ھەققىمدە دۇئا ئەيلىدى.

سۇلتانلىق تەختىمدە قىلمايتتىم كىبىر،
يامانلىق سېغىنغان ئەمەسمەن ھېچبىر،
بىلمىدىم، ئاشۇنداقمىكىن تەقدىر؟
قەلەندەر تاجىمنى تەمە ئەيلىدى.

قىرىق كۈن تاجىمنى بەردىم مەن شۇڭا،
پۇقرالىق رەسمىنى كەلتۈردۈم ئاڭا،
ياشىدىم قىرىق كۈن چىقىپ سەھرادا،
قەلەندەر باغرىمنى يارا ئەيلىدى.

باشلاندى ئۆمرۈمدە زۇلمەت ـ قارا كۈن،
ھەممىدىن جۇدا بوپ، ئەيلەندىم سۈرگۈن،
ساماندەك سارغايدى رۇخسارىم ـ گۈلگۈن،
قۇزغۇنلار بېغىمدا ناۋا ئەيلىدى.

قاراقچى قولىغا چۈشتى گۈلچېھرەم،
بۇلاندى ئارقىدىن پەررۇخ دىل پارەم،

شاھ جەمشىد دەريادا ئېقىپ كەتتى ھەم،
شۇم قىسمەت مېنى بىپاناھ ئەيلىدى.

ئون تۆت يىل ياشىدىم ئادەمسىز دەشتتە،
قۇيۇندەك چۆرگىلەپ بولدۇم سەرگەشتە،
ھېچكىمگە كەلمىسۇن بۇ سەرگۇزەشتە،
دەرىخا، پەلەك كۆپ جازا ئەيلىدى.

قارارسىز كېپقالدىم بۇ شەھەر تامان،
سىلەرگە ئۇچراشتىم بۇندا ناگاھان،
مەن شۇنداق كۈنلەرنى كۆردۈم سەرگەردان،
تاغۇ تاش ھالىمغا ھازا ئەيلىدى.

ئادىلخان سىلەرگە سۆزلىدى زارى،
ئاشۇدۇر دېمەكچى سۆزۈمنىڭ بارى،
پىدادۇر سىلەرگە ھاياتىم زادى،
تەقدىر يەنە كۆلبەم زىيا ئەيلىدى.

ئەلقىسسە، بارچە ۋەزىر - ئەمىرلەر، دۆلەت ئەركانلىرى پادىشاھ ئادىلخاننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىق ئىچىدە ياقىلىرىنى چىشلەشتى. ئادىلخان بىرقانچە كۈن ئارام ئالدى، چاچ - ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ بۇرۇنقى قىياپىتىگە كەلدى. ئۇ شۇنداق سالاپەتلىك سۇلتانغا ئايلاندىكى، ۋەزىرلەرمۇ ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ قېشىدىن ئالدىراپ ئۆتەلمەس ئىدى. ئادىلخان شە-ھەردە يېڭى تەرتىپ تۇرغۇزۇپ، ئادالەت، ھەققانىيەت بىلەن يۇرت سوراشقا باشلىدى. پادىشاھ ئادىلخان ئادالەت ۋە مېھىر - شەپقەت بابىدا ئاۋۋالقى پادىشاھتىن نەچچە يۈز ھەسسە ئېشىپ

چۈشتى. خالايىق ئۈنىڭغا ئاپىرىنلار ئوقۇشتى. ۋەزىرلەردىن باشلاپ دەرۋىشلەرگىچە پادىشاھقا چەكسىز ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىتائەت قىلىشتى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ۋەزىرلەر ئۆزئارا پىكىرلىشىپ، پادىشاھ ئادىلخاننىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— مەرھەمەتلىك ئۇلۇغ شاھىم، ئۆزلىرىگە سالىدىغان بىر مەسلىھەتىمىز، توغرىراقى بىر ئىلتىماسىمىز بار ئىدى، بىئەدەپلىك بولارمىكىن، دەپ ئېغىزدىن چىقىرالمايۋاتىمىز، — دېيىشتى.

— شۇنداقمۇ گەپ بولامدۇ، ئىلتىماس سۆزىنى قىلىشمۇ بىئەدەپلىك بولامدىكەن؟ قېنى، نېمە گەپ - سۆز بولسا ئازادە سۆزلەڭلار! — دېدى پادىشاھ.

ۋەزىرلەر مۇنداق دېيىشتى:

— مۆھتەرەم شاھىم، جاھاندا مۇنداق يالغۇز ياشاپ بولغىلى بولمايدۇ. شەھىرىمىزدە ئايدەك ساھىبجاماللار تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋەزىرلەرنىڭمۇ پەرىشتە بويلۇق قىزلىرىمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزلىرىگە تەۋە شەھەر پادىشاھلىرىنىڭ ئاپتاپ چىراي قىز پەرزەنتلىرىمۇ كۆپ. شۇلاردىن بىرەرىنى خىزمەتلىرىگە تەييارلاپ بەرسەك، دەپ ئويلاشقانىدۇق. ئۆزلىرىنىڭ خاھىشى نېچۈكرەككىن؟

— ياخشى كۆڭلۈڭلەرگە كۆپ رەھمەت، — دېدى پادىشاھ ئادىلخان، — ماڭا ھېچقانداق ئاغىچا لازىم ئەمەس.

ۋەزىرلەر پادىشاھ ئادىلخانغا قارىشىپ قول باغلاپ تۇرۇشتى. ئوردىنىڭ ئىچىنى سۈكۈت باستى. ئادىلخان شۇ چاغدا يەنە سۆيۈملۈك دىلدارى گۈلچېھرەنى، دىل پارىلىرى شاھزادە پەررۇخ بىلەن شاھزادە جەمشىدنى ئېسىگە ئالدى - دە، باغرى كۆيۈپ زار - زار يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كىشى كەلسە باشقا يۇرتقا،
دىيارىغا ئوخشامدۇ؟ !
تاپسا ئەگەر ئۆزگە يار،
ئۆز يارىغا ئوخشامدۇ؟ !

كۆڭلۈم مىنىڭ تولا غەمدە،
كۆكسۈم يارا، كۆزۈم نەمدە،
ئىلاجىم يوق بۇ ئالەمدە،
لاچىن شۇڭقارغا ئوخشامدۇ؟ !

چىمەندە كۆپ ھەر خىل چېچەك،
ھەر بىرىنىڭ ھىدى بۆلەك،
ئەتىرچە يوق ھەشقىپىچەك،
گۈل بىلەن گۈل ئوخشامدۇ؟ !

بۇ ئالەمدە تولادۇر قۇش،
بۇلبۇل گۈلگە ئاشىق بىھوش،
قۇش نەسلىدۇر ھەتتا ھۇۋقۇش،
كاككۇك سارغا ئوخشامدۇ؟ !

خانىمانىم ئاندا قالدى،
گۈلچېھرەخان ئەسىر بولدى،
قاراقچىلار قولىدا قالدى،
زاغ بۇلبۇلغا ئوخشامدۇ؟ !

كۆككە يېتەر مىنىڭ ئاھىم،
ئىشتىڭلارچۇ ئاھۇ زارىم،

ئاھ پەررۇخۇم — ۋاپادارىم،
ياتلار يارغا ئوخشامدۇ؟ !

يارانلاردىن جۇدا بولدۇق،
غەم قولىدا ئادا بولدۇق،
ئاھ، جەمشىدىم ئىلاجىم يوق،
چۆل گۈلزارغا ئوخشامدۇ؟ !

ئادىلخان دەر: مەن بىر غېرىب،
كەڭ ئالەمنى چىقساڭ كېزىپ،
مىسكىنلەرنى كەلسە تېرىپ،
غېرىب ماڭا ئوخشامدۇ؟ !

ئۇنتالمايمەن گۈلچېھرەمنى،
تاپىمەن شۇ مەلىكەمنى،
كۆڭلۈم تارتماس ھۆر - سەنەمنى،
يار يارىمغا ئوخشامدۇ؟ !

نەگە كەتتى پەررۇخ بالام،
ئېقىپ كەتتى جەمشىد بوتام،
ماڭا ھەۋەس، ئىشرەت ھارام،
چۆل بوستانغا ئوخشامدۇ؟ !

پادىشاھ ئادىلخان ۋەزىرلىرىگە مۇنداق دېدى:

— ۋەزىرلىرىم، سىلەرنىڭ ياخشى كۆڭلۈڭلەرگە كۆپ رەھمەت، ماڭا شۇ قەدەر كۆڭۈل بۆلگىنىڭلارغا بارىكاللا. ماڭا بىر غۇلام خىزمەتچى ئېلىپ بېرىڭلار، باشقىلارنىڭ دىلىنى

رەنجىتىدىغان ئىشنى قىلماي، ئۆزى رازى بولىدىغان بىر ئادەمنى تېپىپ كەلسەڭلار بولىدۇ. بۇ ئىش ئۈچۈن خەزىنىدىن مال - دۇنيا ئېلىپ سەرپ ئەتكەيسىلەر. تاپقان ئادەم دانا ۋە ئاقىل، ئىشتا زېرەك بولسۇن، خۇلقى ياخشى، خۇش تەلەت بولغاي، بەتبەشرە ۋە بەتقىلىق بولۇپ قالمىسۇن. ئۇ كۇندۇزلىرى خىزمىتىمدە، كېچىسى ماڭا ھەمراھ بولغاي. باشتىلا سىلەرگە ئېيتاي، ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندە ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلغايسىلەر، كۆڭلىگە ئازار بەرمىگەيسىلەر. مەن ھەرقانداق جاننىڭ خورلىنىپ قېلىشىنى، ئاھ چېكىپ تولغىنىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن.

ۋەزىرلەر ئادىلخاننىڭ پەرمانى بويىچە خەزىنىلەرنى ئېچىپ پۇل - مال ئالدى ۋە شەھەرنىڭ چاسا - دوقمۇشلىرىغا «پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىگە بىر غۇلام لازىم، ھەر كىم ئۆز ئىختىيارى بىلەن پادىشاھقا يارىغۇدەك غۇلاملىرى بولسا ئەكەلسۇن، ياراپ قالسا باھاسى دېگەن بويىچە بولىدۇ» دەپ ئېلان چىقاردى. بۇ خەۋەر بىردەمدە ئەتراپقا تارقىلىپ، تەرەپ - تەرەپتىن بايلار، بەگزادىلەر ئۆزلىرىنىڭ غۇلاملىرىنى تاللاپ دىيارىبەكرى شەھىرىگە قاراپ ئاقتى. بۇ سۆز ئەمدى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى شاھزادە پەررۇختىن ئاڭلايلى:

پادىشاھ ئادىلخاننى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويىمەن، دەپ ئالدىغان قاراقچى شاھزادە پەررۇخنى دەريانىڭ نېرىقى ساھىلىغا ئۆتكۈزۈپلا ئېلىپ قاچتى. ئۇ، شاھزادە پەررۇخنى ئۆزىنىڭ ماكانىغا ئاپىرىپ ئۆزىگە غۇلام قىلىۋالدى. شاھزادە پەررۇخ ئۇنىڭ مال - چارۋىلىرىنى ئون تۆت يىل باقتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھېلىقى قاراقچى باي باشقىلارغا قەرزدار بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ مال - دۇنياسى شامالدا قالغان توزغاق-

تەك توزۇپ تۈگىدى. قەرز بەرگەنلەر كۈندە دېگۈدەك كېلىپ ئۇنى ئارام ئالدۇرمىدى. شۇنداق كۈنلەردە شەھەردىن «پادىشاھ بىر غۇلام ئالىدىكەن، ياراپ قالسىلا دېگىنىنى بېرىدىكەن» دېگەن خەۋەر چىقتى. ۋەيران بولغان قاراقچى باي ئۇيان ئويلا ـ بۇيان ئويلا، شاھزادە پەررۇخنى ئالدىغا چاقىرىپ ئۇنىڭ قول-لىرىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئەي غۇلامزادە، ئون تۆت يىلدىن بېرى خىزمىتىمنى ياخشى قىلدىڭ. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قۇرۇغان دەرەخ يېشىل يوپۇرماقلىرىدىن ئايرىلغاندەك مال ـ دۇنيادىن ئايرى-لىپ قالدىم. بۈگۈن سېنى سېتىش قارارىغا كەلدىم. مەندىن رازى بولغايسەن، — دېدى ۋە بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

قۇلاق سالغىن، جېنىم غۇلام،
ئەمدى سېنى ساتقايمەن.



يارانىم ئىدىڭ، سەن غۇلام،
ئەمدى سېنى ساتقايمەن.

ئايرىلماسقا چارەم يوق،
ساتماسلىققا چارەم يوق،
بولدى ماڭا بولغۇلۇق،
ئەمدى سېنى ساتقايمەن.

پۇلسىز قالدى قول ـ ئىلكىم،
تۇگەي دېدى يىلىكىم،
توزۇپ كەتتى بار مۇلكۇم،
ئەمدى سېنى ساتقايمەن.

بولۇپ قېلىپ قەرزدار،
كۆندە چەكتىم مىڭ ئازار،
ساتماي نېمە چارەم بار؟
ئەمدى سېنى ساتقايمەن.

بۇرۇن كاتتا باي ئىدىم،
ئەركە ئۆسكەن تاي ئىدىم،
ئامەت كېتىپ ۋاي دېدىم،
ئەمدى سېنى ساتقايمەن.

شۇنداق ئىكەن بۇ ئالەم،
گاھى كۈلكە، گاھ ئەلەم،
قۇمدەك كۆمدى قايغۇ ـ غەم،
ئەمدى سېنى ساتقايمەن.

بويۇن سۇنۇپ بول بەندە،
ئۆزگە ئىلاج يوق مەندە،
شاھ ئالارمىش دېگەنگە،
ئەمدى سېنى ساتقايمەن.

رازى بولغىن سەن مەندىن،
سېتىپ ئالاي، پۇل ئاندىن،
تاپاي مىڭنى ئاق تەڭگىدىن،
ئەمدى سېنى ساتقايمەن.

ئۇ شۇنداق دەپ شاھزادە پەررۇخنى ئالدىغا سېلىپ تاغدىن چۈشۈپ، دىياربەكرى شەھىرىنىڭ ئاۋات چاسا ـ دوقمۇشىغا كېلىپ تۇردى. غۇلام ئىزدەپ يۈرگەن ۋەزىرلەر كۆردىكى، بۇ يەردە شۇنداق خۇش رۇي ۋە خۇشخۇي شاھزادە سۈپەت بىر غۇلام قوللىرى باغلانغان، كۆزلىرى ياشقا تولغان ھالدا تۇرۇپتۇ، ۋەزىرلەر قاراقچى باينىڭ قېشىغا كېلىپ:

— بۇ غۇلامنى ساتماقچىمۇسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، ساتماقچىمەن، — دېدى ئۇ ۋەزىرلەرگە، — بۇ مېنىڭ ئاتا ـ ئانامدىن مىراس قالغان غۇلام ئىدى. ئۆزى زېرەك، ئىشقا چاققان، ھاجەتمەن بولۇپ قالمىغان بولسام ھەرگىز ساتماس ئىدىم، ئىلاجسىزلىقتىن ساتماقچى بولۇپ بۇ يەرگە ئەكىردىم، ھەركىم ئالماقچى بولسا مىڭ تەڭگىگە ساتقايمەن، بىر تەڭگە كەم بولسا ساتمايمەن.

ۋەزىرلەر:

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سوراشتى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھزادە پەررۇخ:

— مېنىڭ ئىسمىم غۇلام، — دەپلا گەپنى ئۈزدى. ۋە-

زىرلەر سەل نېرىراق بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ بىز ئىزدىگەن غۇلام ئىكەن، پادىشاھىمىزغا لايىق ئىكەن، ئۇن مىڭ تەڭگىگىمۇ ئەرزان غۇلام ئىكەن، دەپ مەسلىھەتلەشتى ۋە مىڭ تەڭگىنى قاراقچى بايغا بېرىپ، شاھزادە پەررۇخنى سېتىۋالدى. ئۇنىڭ قوللىرىنى بوشىتىپ ئوردىغا ئەكەلدى ـ دە، يۇيۇپ ـ پاكلاپ، ئۇستىۋاش كىيدۈردى، ئاندىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىردى. پادىشاھ كۆردىكى، ھەقىقەتەنمۇ ئاپتاپ تەلەت، مۇشتەرى سائادەت بىر غۇلام ئىدى. ئۇنىڭ تۇرقى ـ نىشانىدىن ھېچبىر چاكارلىق ئالامىتى سېزىلمەيتتى، پادىشاھ بەك خۇش بولدى. ئۇ ۋەزىرلەرگە:

— ماڭا ھەقىقەتەنمۇ بىر ياخشى غۇلام مۇيەسسەر قىلدىڭلار. بۇ يىگىت كۆڭلۈم ئارزۇلىغاندىنمۇ ئارتۇق ئىكەن، — دەپ ئۇلارنى ماختىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ شاھزادە پەررۇخ پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولدى. كېچىلىرى پادىشاھقا ھەمراھ بولۇپ، قېشىدا تۇردى، ئەمما بۇ غۇلام كېچىلىرى پەقەتلا ئۇخلىماي يىغلاپ ئولتۇراتتى. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى، پەررۇخ باغقا كىرىپ گۈل ـ غۇنچىلارنى تاماشا قىلىپ يۈردى. باغدا شاتۇتىلار، قۇمرىلار، بۇلبۇللار سايرىشىپ چاڭ كەلتۈرگەنىدى. ئۇلارنىڭ سايراشلىرى پەررۇخنىڭ باغرىنى ئېرىتىپ، ئۇنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىنى يادىغا سالدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە خىتاب قىلىپ:

«ئەي تەڭرىم، ئون تۆت يىل بىر قاراقچىغا بەندە بولۇپ خىزمىتىنى قىلدىم. كۆرمىگەن كۈنلەرنى كۆردۈم. ئون تۆت يىل قولۇم قولۇمغا، پۇتۇم پۇتۇمغا تەگمەي ئىشلىدىم. ئەپسۇس، مىنىڭ نادامەتكى، مېھرىبان ئانام، ۋاپادار ئاتام ۋە غەمگۇزار قېرىندىشىم قەيەرلەردە خارۇ زار بولۇپ يۈرگەندۇر؟ ئۇلارنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر چۈشكەندۇر؟» دەپ باھار يامغۇ-

ربدەك ياش تۆكۈپ، چاقماق سوققان بۇلۇتتەك ئۆرتىنىپ ئۇزاق يىغلىدى. ئاندىن توختىماي ۋىچىرلاپ تۇرغان قۇشلارغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

خۇش سايرىغان ئەركىن قۇشلار،
قاياشىمغا سالام دەڭلار.
مېنىڭ ئەجەب شوردۇر ھالىم،
سورىغانلارغا سالام دەڭلار.

بىزلەر بىلەن ھەمدەم بولغان،
دەردكە ئورتاق مەلھەم بولغان،
كۆلسەك بىللە خۇررەم بولغان،
يارانلارغا سالام دەڭلار.

مەھەللىدە بىللە ئويناپ،
چاھار باغدا ناخشا توۋلاپ،
خۇشاللىققا شادلىق ئۇلاپ،
يۇرگەنلەرگە سالام دەڭلار.

مېنىڭ ئۇچۇن يۈرەك داغلاپ،
ئارمان بىلەن جانىن قىيناپ،
ئەپغان چېكىپ، قانلار يىغلاپ،
جان ئانامغا سالام دەڭلار.

ھەق سۆزىنى بەرھەق بىلگەن،
قارا بەختى قانلار بولغان،
ئاھ، ئەجەلنىڭ سۈيىن ئىچكەن،
شاھ ئاتامغا سالام دەڭلار.

شاھ پەررۇخ دەر: تولا زارىم،
قايدا ئىرۇر ۋاپادارىم،
خۇلقى گۈزەل بىر تۇغقىنىم،
جەمشىدىمگە سالام دەڭلار.

شاھزادە پەررۇخ شۇنداق نەزمىلەرنى ئوقۇپ باغدىن چىق-تى. ئۇ كېچىلىرى پادىشاھنىڭ قېشىدا ھەمراھ بولاتتى. ئۇ-نىڭ باغرى غەمگۈزار ئانىسى شاھ ئادىلخانىنىڭ ھىجرىدە، مېھرىبان ئانىسى گۈلچېھرە خانىنىڭ دىدار تەقەززاسىدا، ئامراق قېرىندىشى شاھزادە جەمشىدنىڭ جۇدالىق پۇرقىتىدە پىنھان كۆيەتتى. ئەمما، بۇ سىرلارنى ئۇ ھېچ كىشىگە ئېيت-مايتتى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، قې-رىندىشىنىڭ دىرىكىنى ئالالمىدى. شۇ كۈنلەردە پادىشاھنىڭ ئۈنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ غەملىك چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى. پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى چاقىرتقۇزۇپ:
— ئەي ۋەزىرلەر، مەن ئۆزۈمنى دۇنيادا ئەڭ غەمكىن ۋە دەردمەن ئادەم دەپ ھېسابلايتتىم. ئەمما، بۇ غۇلام مەندىنمۇ زىيادە دەردمەن ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇ كۈندۈزلىرى ناھايىتى ياخشى خىزمەت قىلىدۇ، كېچىلىرى كۆز يۇممايدۇ. كېچىسى مەن ئۆز ھالىم بىلەن بولۇپ ئۇخلايمەن. ئەمما، بۇ غۇلام نې-مىشقىدۇر يىغلاپ ئاھ ـ ئۇھ تارتىپ كىرپىك قاقماي تاڭنى ئاتقۇزىدۇ. پەرىزىمچە، بۇ غۇلام غېرىبسىنىپ قالدى. ئۇنىڭغا جورا بولغۇدەك بىرەر غۇلام ئەكېلىپ بېرىڭلار. كۈندۈزلىرى بىللە ئىشلەپ، كېچىلىرى ئۆزئارا مۇڭدىشىپ، ئەرز ـ ھالىنى بىر ـ بىرىگە بايان قىلىشىپ زېرىكمەي ئۆتسۇن. ئۇنى قە-پەسكە يالغۇز سولاپ قويغان قۇشتەك بۇنداق تۇتۇپ تۇرساق ئۇۋال بولغۇدەك، — دەپ ئەمر قىلدى.

ۋەزىرلەر پادىشاھقا پەرمانبەردار بولۇپ دەرھال دىيار بەكرى شەھىرىنىڭ چاسا ـ دوقمۇشىغا كەلدى ۋە جاكار. چىلارنى تەرەپ ـ تەرەپكە يوللىدى. جاكارچىلار:

— ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئاموخاس ! پادىشاھقا بىر ياخشى غۇلام لازىم بولۇپ قالدى. ھەركىمنىڭ پادىشاھقا يارد. غۇدەك خىزمەتكارى بولسا، ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن ئەكەل. سۇن ! ياراپ قالسا دېگەن باھاغا ئالغايمىز ! — دەپ تۇۋلى. شىپ كوچا ـ دوقمۇشلارنى كەزدى.

بۇ خەۋەر ئالەمگە پۇر بولدى. ھەر تەرەپتىن، شەھەر ـ شەھەرلەردىن خوجىزادىلەر، باي ـ غەنىيلەر ئۆزىنىڭ غۇلام. لىرىنى ئېلىپ دىيار شەھىرىگە كېلىشتى. دىياربەكرى شە. ھىرى سېتىلىدىغان غۇلاملار بىلەن تولدى. ئەمما ھېچبىر غۇلام ۋەزىرلەرگە يارىمىدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر. سۇن. ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى شاھزادە جەمشىدتىن ئاڭلايلى:

پادىشاھ ئادىلخان شەھىرى يەمەندىن چىقىپ، ئوزۇق ـ تالقانلىرى، ئات ـ ئۇلاغلىرى قاراقچىلارغا بۇلىنىپ، كۆپ رىيازەت چۆللىرىنى كېزىپ بىر يەرگە كەلگەندە مەلىكە گۇل. چېھرەدىن، يەنە بىر يەرگە كەلگەندە ئوغلى شاھ پەررۇختىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، كىچىك ئوغلى جەمشىد دەريادا ئېقىپ كەتكەنىدى. شاھزادە دەريادا گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ ئۇزاق ئاقتى.

ئەلقىسسە، دىياربەكرى شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى كەنتتە بىر بېلىقچى بار ئىدى. ئۇ ئادەم دەريادىن بېلىق تۇتۇپ سې. تىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ بىر كۈنى كۈن بويى دەرياغا تور سالغان بولسىمۇ، بىرەرمۇ بېلىق تورغا چۈشمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى. چۈنكى، ئۇ كۈندە تۇتقان بېلىقنى

سىتىپ، شۇ كۈننى ئۆتكۈزەتتى. بىلىقچى تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇدى، ئاندىن بېشىنى سەجدىگە قويۇپ خۇداغا يىغلاپ مۇنداق مۇناجات قىلدى:

نەزم

يەر ۋە كۆكنى خەلق ئەتكەن بىرۇ بار
ماڭا بىرەر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن.
مېنى قىلما بۇ دەرياغا ئىنتىزار،
ماڭا بىرەر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن.

كۈندىن ـ كۈنگە بەتتەر بولدى ئەھۋالىم،
ساڭا يەتكەي مېنىڭ دەردىم، ئاھ ـ زارىم،
سەنسەن مېنىڭ ئاۋۋال ـ ئاخىر پاناھىم،
ماڭا بىرەر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن.

بىر ئاي بولدى ئاھ، مەن غېرىب ئاچ ۋە زار،
ماڭا يوقتۇر سەندىن ئۆزگە مەدەتكار،
قىلما مېنى سەن نائۈمىد دىلپىكار،
ماڭا بىرەر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن.

بېلىق تۇتۇپ ئۆتتى ئۆمرۈم دۇنيادا،
مېنىڭ رىزقىم مۇشۇ ئەزىم دەريادا،
بېلىق تۇتۇپ كۈنۈم ئۆتەر ئاراندا،
ماڭا بىرەر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن.

تور سالىمەن، ماڭا ھەمدەم ئايالىم،
جان باقالماي تەندە ئازدۇر ماجالىم،

دىمىسەممۇ ساڭا مەلۇم ئەھۋالىم،
ماڭا بىرەر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن.

پېقىر بەندەڭ ئارتۇق نەرسە تىلىمەس،
قەدىر ئەھۋال كۈنۈم ئۆتسە بولدى، بەس.
نەچچە كۈندىن ئامەت قېچىپ باستى نەس،
ماڭا بىرەر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن.

بېلىقچى ئەر - خوتۇن دەرياغا تورنى يەنە سالدى. شۇ هامان تورغا غايەت زور بىر بېلىق چۈشتى. ئۇلار خۇشال بولۇشۇپ، مىڭ تەستە بېلىقنى دەريادىن چىقاردى. بېلىق ناهايىتى يوغان ئىدى. ئۇنىڭ قورسىقى هەددىدىن زىيادە چوڭ تۇراتتى. بېلىقچى كۆڭلىدە بۇ بېلىقنىڭ قورسىقى ئادەتتىكى بېلىقلارنىڭكىدىن كۆپ چوڭ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قارنىدا بىرەر نەرسە بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئويلاپ، بېلىقنىڭ قارنىنى يار-



دى. كۆردىكى، بىلىقنىڭ ئىچىدە شوٗنداق نۇرانە بىر بالا يېـ-
تىپتۇ. بىلىقچى ئۇنى بىلىقنىڭ قارنىدىن ئالدى. بۇ دەل
شاھزادە جەمشىد ئىدى. ئۇ شاھ ئادىلخان دادىسىنىڭ قولىدىن
ئاجراپ كەتكەندىن كېيىن، مۇشۇ بىلىققا دۇچ كېلىپ قالدى.
بىلىق ئۇنى قارنىغا دەم تارتقانىدى. شاھزادە بىلىقنىڭ ئىـ-
چىدىن چىقىپ ئاغزىدىن توختىماي سۇ ياندۇردى. بىلىقچى
ئۇنى قۇرۇق قۇمغا كۆمدى. شاھزادە ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا
كېلىپ كۆزىنى ئاچتى.

بىلىقچى بىلىقنىڭ تېنىنى پارچە ـ پارچە قىلغانىدى،
ئۇنىڭ ئىچىدىن توققۇز دانە گۆھەر چىقتى. بىلىقچى ئايالى
بىلەن خۇشال بولۇپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى.
ئۇلار گۆھەرلەرنى سېتىپ باي بولدى ھەم شاھزادە جەمشىدنى
ئۆزىگە بالا قىلىۋالدى. ئۇنىڭغا خۇدابەردى دەپ ئىسىم قويدى.

شاھزادە ئۇلارغا بالا بولۇپ، ئون تۆت يىل ئۇلارنىڭ
خىزمىتىنى قىلدى. بىلىقچىنىڭ گۆھەرلەرنى ساتقان پۇلـلىـ-
رىمۇ تۈگىدى. ياشلىق باھارى ئۆتۈپ، پۇت ـ قولىدىن مادارى
كەتتى، قېرىلىق يەتتى. توپلىغان مال ـ بىساتى تۈگەپ،
قەرزدار بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھال ـ كۇنى بارغانسېرى
يامانلىشىۋاتقان كۇنلەرنىڭ بىرىدە، دىياربەكرىنىڭ پادىشاھى
ئۆزىگە بىر غۇلام ئالىدىكەن، دىگەن خەۋەر قۇلىقىغا يەتتى.
بىلىقچى ئايالىغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ مەسلىھەت تۈزدى.
ئىككىسى: خۇدابەردىنى ساتايلى، قەرزىمىزدىن قۇتۇلۇپ، قې-
رىغاندا ياخشىراق كۇن كۆرسەك ئەجەب ئەمەس، دىگەن قارار-
غا كەلدى ۋە شاھ جەمشىدنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئەي ئوغلۇم، ئەھۋالىمىزنى ساڭا دېمىسەكمۇ بىلـىـ-
سەن، ھالىمىز خارابلىشىپ قەرزدار بولۇپ قالدۇق. ئاڭلىسام،
دىياربەكرى شەھىرىنىڭ پادىشاھى بىر غۇلام ئالماقچىمىش.

بىز سېنى ساتماقچى بولدۇق. بىزدىن رازى بولغىن. بەلكى پادىشاھنىڭ قېشىدا بىزنىڭ قېشىمىزدىن ياخشىراق كۈن كۆرەرسەن، — دېدى.

جەمشىد بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— سىلەرنىڭ خاھىشىڭلاردەك بولسۇن، مەن ئاتا - ئانامدىن، سۆيۈملۈك ئاكامدىن ئايرىلىپ تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن بېلىقنىڭ قارنىدىن سىلەرگە ئۇچرىدىم، ئۇن تۆت يىلدىن بېرى سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولدۇم. خۇدا مېنى سىلەرگە نېسىپ قىلغان. نېمە قىلساڭلار ئىختىيارىڭلاردىمەن، — دەپ يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئەرزىم ئىشىت، جانىم ئاتا،
ئاللادىن كەلسە نە چارە؟
كۈندىن - كۈنگە كۆڭلۇم ناشاد،
بۇ قىسمەتكە نېمە چارە؟

دەرد - ئەلەملەر كەلدى قات - قات،
كۆتۈرۈلمەي دىلدىن پەرياد،
ئاچچىق قىسمەت ئىچرە ھايات،
بۇ قىسمەتكە نېمە چارە؟

خانىماندىن جۇدا بولدۇق،
غېرىبلىق دەردىدە قالدۇق،
قارا كۈندە كۆپ قىينالدۇق،
بۇ قىسمەتكە نېمە چارە؟

ئاتام ئىدى دائىم دىلدار،
ئانام ئىدى شۇنچە غەمخار،

پەررۇخ ئاكام ئىسسىق رۇخسار،
بۇ قىسمەتكە نېمە چارە؟

بولۇپ بىزگە قىيامەتلەر،
چەكتۇق تولا نادامەتلەر،
ھەر كۈن تۈرلۈك مالامەتلەر،
بۇ قىسمەتكە نېمە چارە؟

كېچە ـ كۈندۈز قۇلۇڭدۇرمەن،
سېتىۋەتسەڭ پۇلۇڭدۇرمەن،
ھەرنە قىلساڭ رازىدۇرمەن،
بۇ قىسمەتكە نېمە چارە؟

كۆپ يىل تۇردۇم مەن يېنىڭدا،
جېنىم قوشتۇم جان ـ جېنىڭغا،
رازى بولغىن ئاش ـ نېنىڭغا،
بۇ قىسمەتكە نېمە چارە؟

بۇ ئىشلارغا مەن بىئامال،
مېنى سېتىپ تاپقىن پۇل ـ مال،
قېرىغاندا ئۆتكىن خۇشال،
بۇ قىسمەتكە نېمە چارە؟

شۇنداق قىلىپ، بىلىقچى جەمشىدنى دىياربەكرى شەھىرىگە ئەكەلدى. شۇ ئەسنادا ۋەزىر ـ ئەمىرلەر ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. ۋەزىرلەر ئۇنىڭدىن سوراشتى:
ــ بۇ غۇلامنى ساتامسەن؟ بۇ ئاجايىپ كېلىشكەن نۇرانە

يىگىتنى نېمىشقا ساتىماقچى بولۇپ قالدىڭ؟

— قانداق قىلاي، — دېدى بېلىقچى ئاھ تارتىپ، — بۇ غۇلامنى بويىغا تەڭ ئالتۇن بەرسىمۇ ساتقۇم يوق ئىدى. قىيىنغاندا قەرزدار بولۇپ قالدىم. قەرزىمنى قايتۇرۇشقا يا ماجالىم، يا ئامالىم يوق. شۇڭا، سېتىشنى ئويلىدىم. ھەركىم ئالماقچى بولسا مىڭ تەڭگىگە ساتىمەن.

— بۇ غۇلامنىڭ ئېتى نېمە؟ — سوراشتى ۋەزىرلەر.

— ئېتى خۇدابەردى، — دېدى بېلىقچى. ۋەزىرلەر: بۇ پادىشاھنىڭ غۇلامىدىن قىلىشمايدىغان غۇلام ئىكەن، ئۇن مىڭ تەڭگىگىمۇ ئەرزان غۇلام ئىكەن، دېيىشىپ بېلىقچىنىڭ قولىغا مىڭ تەڭگىنى تۇتقۇزدى، ئاندىن ئېتىنى خۇدابەردى دەپ قويۇۋالغان بۇ جەمشىدنى ئوردىغا ئەكېلىپ يۇيۇپ پاكىزلەپ، چاچلىرىنى ئالدۇرۇپ يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈردى ـ دە، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىردى. پادىشاھ بۇ خۇش تەلەت، مۇلايىم يىگىتنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە ئاۋۋالقى غۇلام بىلەن قول تۇتۇشتۇرۇپ قويدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككىيلەن ئىناق ـ ئىجىل ھەمراھلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇلار كۈندۈزلىرى پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلدى، كېچىسى پادىشاھنىڭ قېشىدا ھەمراھ بولدى. بۇ ئىككى غۇلام كېچىلىرى پەقەت ئۇخلىماي بىردىگە ـ بىرى ئۇقتۇرماي ئۇھ تارتىپ يىغلايتتى. پادىشاھ بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.

پادىشاھ، مۇنداقمۇ دەردمەن غۇلاملار بولىدىكەن ـ ھە، بىرى ئاھ دېسە، بىرى ئۇھ دەپ يۈرگىنىگە قارىغاندا، بۇلارنىڭ دەردى ھەقىقەتەن زىيادە بولسا كېرەك، دەپ ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتتى. پادىشاھ بۇ ئىككىسىنى بىرەردەم كۆرمىسە چىدىيالمايتتى. شۇڭا، ئۇلارنى تېخىمۇ ئازادە قويدى. بۇ ئىككى

غۇلام پاراغەت ئېچىدە ياشىدى. بىر كۈنى شاھ جەمشىد ئاتا - ئانىسىنى، ئاكىسىنى يادىغا ئېلىپ قاتتىق يىغلىدى. «مېھرى-بان ئاتا - ئانام، قېرىنداشىم قەيەرلەردىدۇر؟» دەپ يىلاندەك تولغىنىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

خانىمانىمدىن جۇدا بولغان،
ئادىل شاھىم قايدادۇرسەن؟
غېرىبلىقتا گادا بولغان،
ئادىل شاھىم قايدادۇرسەن؟

مېنىڭ ئۈچۈن بولدۇڭ گادا،
ساڭا قىلسام جانىم پىدا،
كېچە - كۈندۈز سالدىم نىدا،
شاھسەۋارىم قايدادۇرسەن؟

تەخت ئۈزرە دەۋران سۈرگەن،
مۇھەببەت ئوتىدا ئۆرتەنگەن،
دەردى ھالىم ئىچرە چۆككەن،
غەمگۈزارىم قايدادۇرسەن؟

كېچىلىرى بىدار بولغان،
ئاق سۈتىنى دىلغا سالغان،
بىزلەر ئۈچۈن بەك مېھرىبان،
ئانىجانىم قايدادۇرسەن؟

قاراقچىغا بەندە بولۇپ،
گۈزەل چېھرىڭ گۈلدەك سولۇپ،
چولپان كۆزۈڭ قانغا تولۇپ،
شاھ پەررۇخۇم قايدادۇرسەن؟

قېنى سەندەك ۋاپادارىم،
ئېيتسام ئىدىم ساڭا زارىم،
مەندەك غېرىب يوقتۇر بەلكىم،
قەدىر دانىم قايدادۇرسەن؟

كۆز ياشلىرىم دەريا ئېقىپ،
كېلەرمۇ دەپ ھەريان بېقىپ،
چېھرىم كەتتى، ئاھ، سارغىيىپ،
جانىجانىم قايدادۇرسەن.

كۆرۈشمەكلىك بولسا نېسىپ،
يۈز بېقىشساق قۇچاقلىشىپ،
دەردىم كەتتى كۆكتىن ئېشىپ،
كەم دىدارىم قايدادۇرسەن؟



ئەلقىسسە: بۇ ئىككى قېرىنداش شاھزادىلەر بىرى ـ بىـ-
رىنى بىلىشمەي پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولدى. ئارىدىن ئال-
تە ئاي ئۆتتى.

ئەمدى گەپنى پادىشاھ ئادىلخاننىڭ مەلىكىسى گۈلچېھرە-
خاندىن ئاڭلايلى:

پادىشاھ ئادىلخان ئىككى شاھزادىسى بىلەن مەلىكىسىنى
ئېلىپ بىر تاغنىڭ باغرىغا كەلگەندە، شام شەھىرىدىن چىققان
سودىگەرلەرنىڭ سەردارى تۇججار بەھمەن پادىشاھ ئادىلخاننى
ئالداپ مەلىكە گۈلچېھرەنى ئېلىپ قاچقانىدى. بۇ سودىگەرلەر-
نىڭ سەردارى — ئادەم قاراقچىسى غۇلاملىرى بىلەن مەلىكە-
نى بىر چېدىرنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ نەپسى تا-
قىلداپ مەلىكىگە قول سوزدى.

— ئەي نائىنساپ ھاياسىز، — دېدى مەلىكە غەزەپ بىلەن
ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىتتىرىپ، — سەن مېنى بۇ يەرگە ھىيلە ـ
مىكىر ئىشلىتىپ ئەكەلدىڭ. سېنىڭ مەقسىتىڭ ئەسلىي
مۇنداقكەن ـ دە. سەن بۇ ھارام ئىشنىڭ قىيامەت كۈنى سو-
رىقى بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن، خۇدادىن قورقمامسەن؟!

ئەمما، بۇ سۆزلەرگە ئول ھاياسىز پەرۋا قىلمىدى. مەلىكە
ئۇنىڭ يامان نىيىتىدىن يانمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن:

— خىيالىڭ شۇنداق بولسا مەيلىڭچە بولسۇن. ئەمما، مەن
ھازىر بىتاھارەتمەن. ماڭا بىر قاچا سۇ بەرگىن، ئۆزۈمنى پاك
قىلغاندىن كېيىن نېمە دېسەڭ قوبۇل قىلاي، — دېدى. ئۇ-
نىڭغا بىر قاچا سۇ بەردى. مەلىكە پاك تاھارەت بولۇپ،
بېشىنى سەجدىگە قويۇپ يىغلاپ خۇداغا دەردىنى بايان ئەيلەپ،
بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

دۇنيانى ياراتقان قادىر خۇدايىم،
مېنى بۇ ئارىدا قويما ئىلاھىم،

بەك يامان بولدى مېنىڭ ئەھۋالىم،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇزار.

قۇدرىتىڭدىن يارالمىشتۇر كۆك ۋە يەر،
ھەققى ئۈچۈن ئەتكىن جىمى پەيغەمبەر،
قۇدرىتىڭدىن قىلدىلەر ئالەمدىن سەپەر،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇزار.

ئۈممەتلەرگە بېھىشتە پاناھى بولغان،
ھەققى - ھۆرمىتى شۇ رەسۇلى جاھان،
ئابابەكرى، ئۆمەر، ئېلى ھەم ئوسمان،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇزار.

قانغا تولدى بۇ دەمدە ئاجىزەڭ دىلى،
ئەلى ئىبرۇر ئۈممەتلەرنىڭ ئەۋزىلى،
چىنى ماچىن شەھەرلەرنىڭ رەھبىرى
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇزار.

كەربالادا ياتقان يەتمىش ئىككى شېھىت،
مەن بىر ئاجىز بەندەڭ، قىلما نائۇمىد،
كالامىڭ ھۆرمىتى قۇرئانى مەجىد،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇزار.

ساڭا چۇشەر دائىم غېرىب ئىگرىشى،
بەھەققى ئاشىقلارنىڭ كېسىلگەن بېشى،
بەھەققى يېتىملارنىڭ قانلىق كۆز يېشى،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇزار.

ئاشىقلارنىڭ سەرۋىرى يۇسۇپ ـ زىلەيخا،
مەزلۇملارنىڭ پىرىدۇر پاتىمە ـ زۆھرا،
بەھەققى ھۆرمىتى خەدىچە كۇبرا،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇزار.

ئاشۇ ئىككى بەندەڭكى ئادەم ۋە ھەۋۋا،
جەننەتنى ئۇلارغا ئەيلىدىڭ ئاتا،
ئۇلارغا زېمىننى بەردىڭ ھەم يانا،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇزار.

مېنى دەردۇ ئەلەمدىن قىلغايسەن نىجات،
بىچارە قۇلۇڭمەن، قىلدىم مۇناجات،
ئەلەملەر چىرمىدى باغرىمنى قات ـ قات،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇزار.

قاراقچى دەرد سالدى ئىشلىتىپ ھىيلە،
ئايرىلدىم مەھەلسىز پەرزەنتىم بىلە،
مۇرەببىم ئادىلخان باغرى قان ـ زېدە،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇزار.

تار كەلدى جېنىمغا بۇ كەڭرى جاھان،
دەرد كەلمەس ئادەمگە بۇنىڭدىن يامان،
يىقىلدى بېشىمغا يەتتە قات ئاسمان،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇزار.

ئاھ قانداق قىلارمەن تەقدىرگە ئەپسۇس،
ئۆلۈم مىڭ ئەۋزەلدۇر خورلانسا نومۇس،

خۇدايا بۇ ئاچچىق ئەلەملەرنى توس،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇزار.

يۈرىكىم يېرىلاي دېدى باغرىم چاك،
ساقلىغىن دۇنيادا مېنى ئۆزۈڭ پاك،
نامەھرەم بولغۇچە بولۇپ كېتەي خاك،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇزار.

پەريادلار كۆتۈرۈپ قىلدىم ئەرزىيەت،
مېنىڭ بۇ بىچارە ئەھۋالىمغا يەت،
ھېچ مەزلۇم كۆرمىسۇن بۇنداق قايغۇ - دەرد،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇزار.

مەلىكە مۇناجات قىلىپ: «توۋا، ئالتۇن دىيارىم نەلەردە قالدى، ھەشەمەتلىك ئۆي - ئايۋانلىرىمنى نائەھلى پەسلەر ئالدى، تاجۇ تەخت، سەلتەنەت ئىپلاسلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا خارلاندى. مەن مېھرىبان مۇرەببىمدىن، ئامراق بالىلىرىمدىن ئايرىلدىم. پېشانەمنىڭ شورلۇقىدىن بىر قاراقچى مەككارغا گىرىپتار بولدۇم. ئەي شەپقەتلىك تەڭرىم، مېنى بۇ ئازابلار-دىن خالاس قىلغايسەن» دەپ يىغلاپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلدى.

ئەلقىسسە، شۇ سائەتتە تۇججار بەھمەننىڭ كۆزلىرى ئۇي-قۇغا باردى. ئۇ شۇنداق بىر چۈش كۆردىكىم، ئاسمان تەرەپ-تىن بىر ئالتۇن تەخت كېلىۋاتقۇدەك، ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇ-ھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇرارمىش، ئۇنىڭ قېشىدا چاھارىيارلار، بۇۋىپاتىمەئى زۆھرە ۋە نەچچە مىڭ مالائىكىلەر تۇرارئىمىش. ئۇ رەسۇلۇللاغا سالام بېرەرئىمىش. پاتىمە مالائىكىلەرگە قاراپ:

— بۇ ھارامخور نائىنساپنى دوزاخقا سېلىڭلار! — دەپ

ئەمىر قىلارئىمىش. تۆججار بەھمەن ئۆزىنىڭ دوزاخقا بۇيرۇلغان-لىقىنى ئاڭلاپ زار ـ زار يىغلاپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇرئىمىش:

ئاجىزلارنىڭ پاناھى روسۇلى خۇدا،
گۇناھىمدىن توۋا قىلاي، مەقبۇل ئەيلىگىن.
قىلغان ئىشىم بارچىسى بولدىلەر خاتا،
گۇناھىمدىن توۋا قىلاي، مەقبۇل ئەيلىگىن.

كىرىپ شەيتان كەينىگە قىلدىم گۇناھلىق،
بەتبەختلەرچە قىلمىشىم دوزاخقا لايىق،
مېنى قىلغىن بۇ دەمدە رەھمەتكە تالىق،
گۇناھىمدىن توۋا قىلاي، مەقبۇل ئەيلىگىن.

بەھەققى ئابابەكرى، ئۆمەر ھەم ئوسمان،
پاتىمە بىلەن ئەل شىرى مەردان،
پەيدا بولسۇن جېنىم بۇ پانىي جاھان،
گۇناھىمدىن توۋا قىلاي، مەقبۇل ئەيلىگىن.

بەھەققى ئەرشى، كۇرسى ھەم لەۋھىل قەلەم،
دەرگاھىڭغا ئېسىلدىم توۋا قىلىپ ھەم،
ھەق دەرگاھىدا بولدى توۋىلىق نالەم،
گۇناھىمدىن توۋا قىلاي، مەقبۇل ئەيلىگىن.

يولۇڭلاردا بۇ جېنىم بولغۇسى قۇربان،
ماڭا رەھىم ئەيلىگىن بۇ ئىككى جاھان،
خاتالىقىم تولادۇر، تاغدىنمۇ يوغان،
گۇناھىمدىن توۋا قىلاي، مەقبۇل ئەيلىگىن.

بۇ گۇناھكار بەندە چۇشىدە ئاشۇنداق گۇناھىنى تىلەپ يىغلاپ پەرياد سالدى، شۇ چاغ مالائىك ئۇنىڭ يۈزىگە بىر كاچات ئۇرغاندى، ئۇنىڭ يۈزلىرى قاپقارا بولدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئەي بەتبەخت، مېنىڭ خاس ئۇممىتىمنىڭ روزىغارىنى — ھالال جۇپتىنى مىكرى - ھىيلە بىلەن ئەسىر قىلىپ، ناپاك كۆزۈڭ بىلەن قاراپ گۇناھ قىلدىڭ. ئەمدى بۇ بىچارە نامەھرەمگە كۆز سالساڭ، ئامانەتكە خىيانەت قىلساڭ ۋە ۋاقتىدا ئۇنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرمىسەڭ، مېنىڭ سېنىڭدەك ئۇممىتىم يوق. خۇدايتائالا ھەم سېنىڭدىن قاتتىق بىزار بولغاي، قىيامەت كۈنى دوزاخقا ئەسىر بولغايسەن. بېرى كەل، — دېدى. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يېقىن باردى. پەيغەمبىرىم ئۇنىڭ يۈزىنى بىر سىلىغاندى، يۈزلىرى قايتا ئاقاردى. ئۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ بولغۇچە ئۇلار غايىب بولدى. بۇ ئاسىي گۇناھكار شۇ چاغ ئۇيقۇسىدىن سىلكىنىپ ئويغاندى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، مەلىكە يۈزىنى سەجدىگە يېقىپ ئولتۇرۇپتۇ. تۇججار بەھەمەن دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ مەلىكىنىڭ قېشىغا باردى - دە، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى ۋە:

— ئەي مەلىكەم، سەن مېنىڭ سىڭلىمسەن. مەن بەتنىيەتلىك قىلدىم، خاتا قىلدىم، كەچۈرگەيسەن، — دېدى. ئاندىن مەلىكىنى باشلاپ شاھ ئادىلخان ئولتۇرغان يەرگە باردى، ئەمما بۇ يەردە ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. پادىشاھ ئادىلخان ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ بۇ يەردىن ئاللىقاچان كېتىپ قالغاندى. ئۇلار پادىشاھنى تاپالماي ئۆزىنىڭ تۇرار جايىغا قايتىپ كەلدى. بۇ سودىگەرلەر باشلىقى ئايرىم بىر چېدىر تەييارلاپ، ئىچىگە تەرەتخانا، ئىستىراھەتخانا ھازىر قىل-

دى. پەردىلەر تارتىپ، ئەۋرىشىم يىپلار بىلەن چىگدى. مەلىكىنى ئىنىس ـ جىنغا كۆرسەتمىدى، ھەتتا ئۇنىڭ جامالىنى ئاي بىلەن كۈنمۇ كۆرمىدى. بۇ ئادەم بەش يۈز نەپەر چاكار سودىگەرنى باشلاپ شەھەرمۇشەھەر، يۇرتمۇيۇرت ئارىلاپ پادىشاھ ئادىلخاننى ئىزدىدى. ئىزدە ـ ئىزدە ئارىدىن ئون تۆت يىل ئۆتتى. ئاخىر ئۇلارنىڭ قەدەملىرى دىياربەكرى شەھىرىگە يەتتى. بەش يۈز سودىگەر شەھەرنىڭ تاشقىرىسىغا چۈشۈپ ئات ـ ئۇلاغلىرىنى جايلاشتۇردى. تۇججار بەھمەن بولسا پادىشاھقا ئاتىغان پىشكەشلىرىنى ئېلىپ ئىككى غۇلامى بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. يۈكۈنۈپ تۇرۇپ پىشكەشلىرىنى پادىشاھقا سۇندى ۋە:

— بىز بەش يۈز سودىگەر بۇ شەھەرگە چۈشتۇق. ئەتە ئامال قىلىپ زاكاتنى ئېلىپ بەرسىلە، — دېدى.

پادىشاھ ئۇلارغا خۇشال نەزەر بىلەن قاراپ، بۇلار ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر ئوخشايدۇ، ئۇلار بىلەن بىر كېچە ئۇلپەت تۇ-



زوپ كۆڭلۈمنى خۇشال قىلاي، دەپ ئويلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

سۆزۈمنى ئىشتكىل، ساھىبى تۇججار،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ، نە بولغاي؟
كۆڭلۈم غەملىرىنى ئەيلەيىن ئىزھار،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ، نە بولغاي؟

چىمەندە قۇشلار يىغلىشار گۈلگە،
مۇنتەزىردۇر گۈل خۇشناۋا بۇلبۇلغا.
بايان ئەيلە ئەھۋالىڭ مەن غېرىب قۇلغا،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ، نە بولغاي؟

يېگەن - ئىچكىنىم زەھەر - زوقۇمدۇر،
ئولتۇرۇپ - قوپمىقىم دەردۇ ئەلەمدۇر،
بۇ پانىي جاھاندا كۆزلىرىم نەمدۇر،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ، نە بولغاي؟

كۈنسېرى ھالىم بولدىلار بەتتەر،
كېچە - كۈندۈز يىغلاپ ياشىم تۆكۈلەر،
جۇدالىق پۇرقىتى باغرىمنى ئۆرتەر،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ، نە بولغاي؟

ئورۇن تۇتۇپسەن كېلىپ شەھىرىمدىن،
كەلگىنىڭگە جېنىمنى پىدا ئەيلەيىن،
رەقىبلەر ئىلكىدىن جۇدا ئەيلەيىن،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ، نە بولغاي؟

يولۇڭدا قىلاي جېنىمنى قۇربان،
پىدا بولسۇن ساڭا بۇ پانىي جاھان،

تەگرىم ئەيلىسۇن مۇشكۇلۇڭ ئاسان،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ، نە بولغاي؟
قولۇڭدىن كەتسە كەلمەيدۇ پۇرسەت،
ئەۋزەل، ياخشىغا بولماقلىق ئۇلپەت،
قولدىن كەتتىمۇ، قىلىسەن ھەسرەت،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ، نە بولغاي؟

قۇرايلى سۆھبەت، بولۇشۇپ گۇڭ ـ مۇڭ،
بولاي بۇ كېچە چاكىرىڭ ـ قۇلۇڭ،
بىلەي سۆگرە تاڭ قاياققا يولۇڭ،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ، نە بولغاي؟

قۇلاق سېلىپ ئىشىت بۇ قۇل دادىنى،
سەندىن ئىزدەرمەن كۆڭۈللەر شادىنى،
ئادىلخان بىلەن كۇتكىن ئەتىنى،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ، نە بولغاي.

تۇججار بەھمەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى:
— ئى پادىشاھىئالەم، ئىلتىپاتىڭىزغا مىڭ رەھمەت. سىزنىڭ قېشىڭىزدا قونسام ناھايىتى ياخشى بولاتتى، ئەمما مەندە كىشىنىڭ ئامانىتى بار ئىدى. شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن. مۇبادا بىر كېلىشمەسلىك بولۇپ ئامانەتكە خىيانەت بولۇنسا، تاڭلا قىيامەت كۇنى ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. شۇڭا، گۇناھىمنى كەچۇرۇپ، قايتىشىمغا ئىجازەت بەرگەيسىز.
— خاتىرجەم بولغىن، مېھمىنىم، ئامانەتكە خىيانەت بولمىغاي، خىيانەت قىلمايدىغان كىشىنى مەن ئامانىتىڭنى ساقلاشقا ئەۋەتەي، خىيانەت بولۇپ قالسا جاۋابىنى مەندىن

ئالغىن، — دېدى پادىشاھ ۋە ئۆزىنىڭ ئىككى غۇلامىنى، يەنى شاھ پەررۇخ بىلەن شاھ جەمشىدنى يېنىغا چاقىرتقۇزۇپ:

— سىلەر بۇ كىشىنىڭ ئامانىتىنى ساقلايسىلەر، ھوشيار بولۇڭلار. ئامانەتكە خىيانەت بولۇپ قالمىسۇن، — دەپ ئۇلار-نى سودىگەرنىڭ غۇلاملىرىغا قوشۇپ يولغا سالدى. سودىگەرنىڭ غۇلاملىرى پادىشاھنىڭ بۇ ئىككى غۇلاملىرىنى باشلاپ چېدىرغا كەلدى. ئۇلار چېدىرنى كۆرسىتىپ:

— مانا بۇ ئامانەت قويۇلغان جاي، ياخشى ساقلىغايسىلەر، — دەپ ئۆتكۈزۈپ بەردى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئۇ كېچىسى سودىگەرلەرنىڭ باشلىقىنى ياخشى تائام ۋە غىزالار بىلەن مېھمان قىلدى. ئۇلار ئۆز-لىرىنىڭ باشلىرىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر - بىر-رىگە بايان قىلىشىپ ئولتۇردى. ئەمما پادىشاھ ئادىلخان ئۆ-زىنىڭ روزىغارىدىن، بالا - چاقىلىرىدىن ئايرىلغانلىقى ھەق-قىدە گەپ قىلمىدى. شۇنىڭدەك، سودىگەرمۇ ئامانەتنىڭ نىمە ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭ بىر ئادەمنىڭ مەلىكىسىنى ئالداپ ئې-لىپ قېچىپ، كېيىن توۋا قىلىپ ئون ئۆت يىلدىن بېرى ئىگىسىنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكى توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى بۇ ئىككى غۇلامدىن سۆز ئىشىتەمەك كېرەك: غۇلامزادە غۇلام خۇدابەردى بىلەن پاراڭلىشىپ كېچى-چە ئۇخلىمىدى. غۇلامزادە مۇنداق دېدى:

— ئەي دوستۇم خۇدابەردى، بۇ كېچە بۇ يەردە ئويغاق ئولتۇرۇشنىڭ ئامالىنى تاپايلى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىمىزنى بايان قىلىپ تاڭ ئاتقۇزايلى، بولمىسا، ئۇخلاپ قېلىشىمىز، ئامانەت-كە خىيانەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالغاندا، بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ. دوستۇم، مەن

پادىشاھقا سېتىلغىلى بىر يىل بولدى. ساڭا ئالتە ئاي بولدى. كۈندۈزلىرى پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولدۇق. كېچىلىرى ئۆز ھالىمىز بىلەن دەردىمىزگە دەرمان بولۇپ بىر - بىرىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولالمىدۇق. بىر - بىرىمىزنىڭ ئۆتمۈ- شىنى بىلمەيمىز. بۈگۈن كېچە پادىشاھ بىزنى ئامانەتكە خىيا- نەت بولۇپ قالمىسۇن، دەپ پاسىبانلىققا ئەۋەتتى. بۇ چېدىردا ئالتۇن - كۈمۈش بارمىكىن ياكى باشقا مال - دۇنيا بارمى- كىن، ئىشقىلىپ، بىز ياخشى ساقلىساق بولىدى. كېچە مۈشۈ ۋاقىت بولغۇچە ئۇخلىماي ئوبدان ساقلاپ ئولتۇردۇق. بارچە تۇجارلار ئۇخلاپ قالدى. تۈن يېرىملىشىپتۇ، ئويغاق ئول- تۇرايلى.

ئەلقىسسە، بۇ گەپ - سۆزلەر چېدىرنىڭ ئىچىدىكى مە- لىكىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. مەلىكە ئىشىكنىڭ قېشىغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى.



غۇلامزادىنىڭ مەسلىھەتى خۇدابەردىگە ياقتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— ئاداش، مەن بېشىمدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىمنى بايان قىلسام دىلىم كۆيىدۇ، جېنىم قاقشايدۇ. مېنىڭ بۇ بايانلىرىمدىن پەلەك تىترەپ، زېمىن لەرزىگە كېلىدۇ. دەريالار غەليان كۆتۈرىدۇ. شۇڭا، سەن ئۆزۈڭنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىل.

— ئەي جېنىم ئاداش، مېنىڭ دەردۇ ئەھۋالىمنى ئاڭلاشقا ئاجىزلىق قىلىسەن. ئەگەر ئاڭلىساڭ تاقەت قىلالمايسەن، — دېدى غۇلامزادە ئۇھ تارتىپ، — ئەڭ ياخشىسى سېنىڭ كەچۈرمىشىڭنى ئاڭلايلى.

خۇدابەردى بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئېسىگە ئېلىپ جىگەر - باغرى ئېزىلىپ، غۇلامزادىگە قاراپ بۇقۇلداپ يىغلاپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

بايان قىلسام ئەھۋالىمنى،
سۆزۈم ئەشىت، جېنىم دوستۇم.
ساڭا ئېيتاي بار دەردىمنى،
سۆزۈم ئەشىت، جېنىم دوستۇم.

پايتەختىم ئول يەمەندە،
ئاتام ئىدى خوپ خۇرسەندە،
بۇلبۇل سايرار گۈل - چىمەندە،
سۆزۈم ئەشىت، جېنىم دوستۇم.

كېلىپ بىر چاغ شۇم قەلەندەر،
ھەق ئاللا، ھەق رەسۇلىللا دەر،

يۇرىكىدە ئوغا ـ زەھەر،
سۆزۈم ئىشىت، جېنىم دوستۇم.
قىرىق كۆنلۈك تاج تىلىدى،
ئاتام ئاڭا تاج بەردى،
شەھەردىن بىزنى چىقاردى،
سۆزۈم ئىشىت، جېنىم دوستۇم.

كۆندىن ـ كۆنگە بوپ دىل يارا،
چۈشتى بىزگە قىسمەت خاتا،
قىلدى بىزگە ئالەم جاپا،
سۆزۈم ئىشىت، جېنىم دوستۇم.

ئات ـ ئوزۇقنى ئوغرى ئالدى،
ئاتام بىزنى ھەم قاچۇردى،
ئاپەت بىزگە خەۋەر بەردى،
سۆزۈم ئىشىت، جېنىم دوستۇم.

ئاتام ئىدى سەپەردىشىم،
ئانام ئىدى جان يولدىشىم،
شاھ پەررۇخۇم قېرىندىشىم،
سۆزۈم ئىشىت، جېنىم دوستۇم.

بىلمەس يەرگە قالدۇق كېلىپ،
ئارقىمىزغا ئوغرى يېتىپ،
ئالتۇن ـ كۈمۈش قولدىن كېتىپ،
سۆزۈم ئىشىت، جېنىم دوستۇم.

ئاندىن قىچىپ يوللار يۇرۇپ،
باياۋاندا ئايلاپ مىڭىپ،
قارا تاغقا كەلدۇق چۇشۇپ،
سۆزۈم ئىشىت، جىنىم دوستۇم.

ئوغرى قولىدا ئانام قالدى،
مەن يېتىمنى غەمگە سالدى،
خۇشاللىقىم ئاندا قالدى،
سۆزۈم ئىشىت، جىنىم دوستۇم.

شاھ پەررۇخنى ئوغرى ئالدى،
دەريا ئىچرە ئاتام قالدى،
بىلەلمىدىم، نىمە بولدى؟
سۆزۈم ئىشىت، جىنىم دوستۇم.

مىنى دەريا سۇردى، ئاقتىم،
ھەر تەرەپكە يىغلاپ باقتىم،
كەتتىم شاھقا مەن سىتىلىپ،
سۆزۈم ئىشىت، جىنىم دوستۇم.

غۇلام بولدۇم مەن ئون تۆت يىل،
ئالتە ئاي بولدى بۇندا سىجىل،
خالاس بولماي غەمدىن ئاي، يىل،
سۆزۈم ئىشىت، جىنىم دوستۇم.

شاھ جەمشىد دەر بۇ ئاتىمنى،
كىشى بىلمەس پاك زاتىمنى،

ساڭا ئېيتتىم ئەھۋالىمنى،
سۆزۈم ئىشىت، جېنىم دوستۇم.

بۇ نەزمىنى ئاڭلىغان شاھ پەررۇخ ھېچبىر تاقەت قىلالماي:

— ئەي قېرىنداشىم، سۆيۈملۈك ئوكام شاھ جەمشىد، سېنىڭ ئىزدىگەن ئاكاڭ شاھ پەررۇخ مەن ئەمەسمۇ؟ — دەپ ئۆزىنى ئۇنىڭغا تاشلىدى. ئۆزىنى خۇدابەردى دەپ ئاتىۋالغان شاھ جەمشىد:

— ئاھ ۋاپادار ئاكا، بۇ سەنمۇ، شاھ پەررۇخۇم سەنمۇ؟ — دەپ ئۇنى قۇچاقلىدى. ئۇلار باغاشلىشىپ، مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىشىپ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىشىپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى.

تاشقىرىدا بولۇۋاتقان بۇ گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىغان مەلىكە ياقىسىنى چىشلەپ، بۇلار مېنىڭ ئون تۆت يىل جۇدا بولغان پەرزەنتلىرىم ئەمەسمۇ؟ دەپ ئويلاپ چېدىرنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ پارە ـ پارە قىلىپ تېشىغا چىقتى. پەرزەنتلىرىنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ، بورانلىق يامغۇردەك يىغلاپ، ئۇلارنى چېدىرنىڭ ئىچىگە ئەكىردى ۋە ئۇلارغا قاراپ:

— ئەي جانجىگەر باللىرىم، يۈرىكىمنىڭ پارىلىرى، كۆزۈمنىڭ گۆھەرلىرى. سىلەر ئون تۆت يىل مەندىن ئايرىلىپ، مەن سىلەردىن ئايرىلىپ ياشىدۇق. جاھاننىڭ تارلىقىدىن جۇدا بولۇپ، پىراقىڭلاردا ھەيران ۋە سەرگەردان بولغان بىچارە گۈلچېھرە ئاناڭلار مەن ئەمەسمۇ؟! — دەپ يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

دەرد ـ ئەلەمدە خانىماندىن ئايرىلغان،
ۋاپادار ئاناڭلار ئاھ، مەن ئەمەسمۇ؟
پەرزەنتىم ئىشقىدا يۈرەكلىرىم قان،
گۈلچېھرەم ئاناڭلار، ئاھ، مەن ئەمەسمۇ؟!

بالىلىرىم، دەپ ئاھ ئۇرۇپ قانلار يىغلاپ،
سىلەر ئۈچۈن ئىلاجىم يوق يۈرەك داغلاپ،
ئارمانىم يوق ئەمدى ئۆلسەم جېنىم قىيناپ،
ۋاپادار ئانائلار، ئاھ، مەن ئەمەسمۇ؟

توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرگەن،
تۈن ـ سەھەر ئۇخلىماي ئاق سۈتنى بەرگەن،
پەرۋىش قىلىپ كامالىغا يەتكۈزگەن،
مېھرىبان ئانائلار، ئاھ، مەن ئەمەسمۇ؟ !

نە بولدى ئاجايىپ بەختىم قارادۇر،
سىلەر ئۈچۈن مېنىڭ باغرىم يارادۇر،
ھەسرەت بىلەن ئۆمرۈم ئۆتۈپ بارادۇر،
غەمخانە ئانائلار، ئاھ، مەن ئەمەسمۇ؟

سىلەر ئۈچۈن خۇدايىمغا يالۋۇرۇپ،
گۈلدەك يۈزۈم زەپىراندەك سارغىيىپ،
پىراق دەردى بىلەن بولۇپ كۆپ غېرىب،
شۇ ئىزدىگەن ئانائلار، ئاھ، مەن ئەمەسمۇ؟

گۈلچېھرەمەن، بالام، ئىشىت دادىمنى،
ھېچكىم بىلمەس ئىدى مېنىڭ ھالىمنى،
سىلەر ئۈچۈن بېرەي غېرىب جانىمنى،
غەمگە تولغان ئانائلار، ئاھ، مەن ئەمەسمۇ؟

مەلىكە بالىلىرىنىڭ بويىنىدىن چىڭ قۇچاقلاپ، يۈزلىرىگە يۈزىنى يېقىپ يىغلىدى. بالىلارمۇ ئانىسىنىڭ بويىنىدىن مەھكەم قۇچاقلاپ، دەردى، ھالىنى تۆكۈپ يىغلاشتى. ئەمما، بۇ

ئىشلاردىن تۆتىنچى بىر كىشى خەۋەرسىز ئىدى. چۈنكى، بۇ بەش يۈز سودىگەرنىڭ ھېچبىرى بۇ چېدىردا غوجامنىڭ خاس ئامانىتى بار، دەپ بۇ يەرگە يېقىن يولىمايتتى. مەلىكە بىلەن ئىككى شاھزادە بىر - بىرىگە قانماي قۇچاقلىشاتتى، يىغلىشاتتى، مۇڭدىشاتتى. ئاخىر ئاپتاپ چاقناپ، قۇياش تاغلارنىڭ كەينىدىن باش چىقاردى. شۇ چاغدا تۇججار بەھمەن پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ قارارگاھىغا قايتىپ كەلدى. چېدىرنىڭ قېشىغا كېلىپ، چېدىرنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ پارە - پارە بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ چېدىرنىڭ ئىچىگە كىردى. كۆردىكى، مەلىكىنىڭ بويىنىغا ئىككى غۇلام قوللىرىنى سېلىپ ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىغان ھالدا بىھوش بولۇپ يېتىپتۇ. بۇ ئۈچ بىھوشنىڭ بۇنداق ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن سودىگەر: «ۋادەرىخا، ۋاي ئىسىت، ئون تۆت يىلنىڭ مابەينىدە بۇ مەلىكىنى پەردە ئىچىدە ساقلاپ كەلگەنىدىم. بۇ كېچە مەلىكە نامەھرەمگە بويۇن سۇنۇپتۇ. ئاھ ئايال كىشىگىمۇ ئىشىنەمدۇ - ھە! بۇ مەلىكە مېنىمۇ، ئۆزىنىمۇ دوزاخقا سالىدىغان بولدى» دەپ پەرياد كۆتۈردى ۋە ئۆزىنىڭ كاچاتلىرىغا ئۆزى ئۇرۇپ، باغرىنى تاتىلاپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ چاپتى. ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— داد، پادىشاھىئالەم، داد، ئىككى غۇلامىڭىزنىڭ دەستىدىن داد! — دېدى. پادىشاھ گاڭگىرىغان ھالدا:

— ئەي دوستۇم، ئېيتىڭا زادى نېمە ۋەقە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ پەريادىنى باسالمىغان ھالدا:

— ئەي پادىشاھىئالەم، ۋاي رەھنەمائى ئالەم، مەن ئېيتمىغانمىدىم. مەن بۇ يەردە قونماي، مېنىڭ ئۆيۈمدە ئامانىتىم بار، ئۇنى تاشلاپ ھېچ يەرگە بارالمايمەن. ئامانەتكە خىيانەت بولۇپ قالسا، دوزىخى بولۇپ كېتىمەن دېسەم، جانابلىرى مەن

ئامانەتكە خىيانەت قىلمىغۇدەك ئادەم چىقىراي، دەپ ئىككى ئاچ بۆرىنى — خوتۇنسىزلىقتا قاغجىراپ ـ ئېچىرقاپ كەتكەن ئىككى غۇلامنى بەرگەنىكەنلا، ئۇلار ئامانەتنى ساقلىماقتا يوق، ئامانەتكە ئۆزلىرى خىيانەت قىپتۇ ئەمەسمۇ؟ ! — دېدى.
ئۇ پادىشاھقا قاراپ تۇرۇپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

ئۆز ـ ئۆزۈمگە دەردلەر سېلىپ،
جان ـ جېنىمنى يارا قىلدىم.
تاغدىن ئېغىر گۇناھ قىلىپ،
يۈزلىرىمنى قارا قىلدىم.

ئەزىز جانغا جاپا قىلىپ،
مەن يېتىمنى غەمگە سېلىپ،
دوزاخ ئىچرە ماكان قىلىپ،
ئىمانىمدىن جۇدا قىلدىم.

مەن ئېيتىمەن، ئەي سۇلتانىم،
چىقىپ كەتسۇن تەندىن جانىم،
خەنجەر ئۇرۇپ تۆككەن قانىم،
كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلدىم.

نېچۈك بولار پېقىر ھالى،
بوغار ئەمدى گۆر ئازابى،
قۇتۇلماقنىڭ يوق ئامالى،
خاتا قىلدىم، خاتا قىلدىم.

چۆللەر كەزدىم ساق ئون تۆت يىل،
يۈردۈم تىنماي مەنزىل ـ مەنزىل،

ئامانەتكە تەگمىگەن قىل،
ئەجەب يامان گۇناھ قىلدىم.
نەگە كەتتى تارتقان جاپام،
بارچە ئەجرىم بولدى هارام،
دارغا لايىق ئىككى غۇلام،
مەن ئۆزۈمگە جازا قىلدىم.

— ئەي پادىشاھىئالەم، مېنىڭ دادىمنى سورىغىن ! — دەپ چۇقان كۆتۈردى كۇججار بەھمەن.

پادىشاھ دەرھال ۋەزىرلەرنى چاقىرتىپ، ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ۋەزىرلەر ئورددىن ئالدىراپ چىقىپ، سودىگەرنىڭ تۇرارگاھىغا باردى. قارىسا، ئىككى غۇلام بىر ئايالغا چىرمىشىپ بىھوش يېتىپتۇ. ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغان ئىشنى مەلۇم قىلدى. پادىشاھ غەزەپ بولۇپ ۋارقىرىدى:

— جاللات !

شۇ هامان ئوڭ تەرەپتىن توققۇز جاللات، سول تەرەپتىن توققۇز جاللات قىلىچلىرىنى كۆتۈرگەن پېتى پەيدا بولدى. ئۇلار:

— ئەي پادىشاھىئالەم، ئۇلۇغ سۇلتانى باكەرىم، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، دۆلەتلىرى پۇزۇر بولسۇن، تىغلىرىمىز تەييار، قايسى گۇناھكارنىڭ ئۆمرى ئاخىرىغا يەتتىكىن؟ پادىشاھىمىزدىن پەرمان بولسا ئۇنىڭ جان رىشتىسىنى ئۈزۈپ، لەھەتكە يوللىغايمىز، — دېيىشتى.

— غۇلامزادە بىلەن خۇدابەردىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، باشلىرىنى ئالدىمغا كەلتۈر، — دەپ پەرمان بەردى پادىشاھ غەزەپتىن تىترەپ. تۆت جاللات دەرھال ئورددىن چە-

قىپ چىدىرغا باردى ۋە چىدىرنىڭ ئىچىگە كىرىپ مەلىكە گۈلچېھرەخاننىڭ قوچىقىدىن شاھزادە پەررۇخ بىلەن شاھزادە جەمشىدنى تارتىۋېلىپ، پادىشاھنىڭ پەرمانى، دەپ ئۇلارنىڭ باشلىرىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى ـ دە، ئىككى باشنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى.

مەلىكە گۈلچېھرەخان جاللاتلارنىڭ گەپ ـ سۆز قىلماي ئىككى ئوغلىنىڭ بېشىنى ئەكەتكەنلىكىدىن پەرياد ئۇرۇپ يېرىلىپ كېتەي دېدى. ئۇنىڭغا يورۇق دۇنيا قاراڭغۇ بولدى، كۆزلىرىگە زۇلمەت تىقىلدى، نەچچە ھوشىدىن كېتىپ، نەچچە ھوشىغا كەلدى، چاچلىرىنى يۇلۇپ، كۆزلىرىگە توپا ـ تۇپراق چاچتى، يىقىلىپ ـ قوپۇپ، ئوغۇللىرىنىڭ بېشىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئوردا دەرۋازىسىدا ۋە ئوردا ئىچىدە ئۇنى تۇججار بەھمەننىڭ خاس ئادىمى بولسا كېرەك، دەپ ھېچكىم توسۇمىدى. ئۇ شۇنداق يىغلاپ ـ قاقشاپ پادىشاھ ئادىلخاننىڭ قېشىغا كىردى ۋە پادىشاھنىڭ ئالدىغا تاشلانغان ئىككى باشنى قۇچىقىغا ئېلىپ:

— بۇنداق بولارىنى ئويلىمىغانىدىم، بالىلىرىم، ئاتا مېھرىگە، ئانا چېھرىگە قانمىغان، ئانا ھىجرىدە كۆيگەن، بالىلىرىم، نېمە گۇناھ قىلغانىدىڭلار، بالىلىرىم؟ بۇ رەھىمسىز جاللات پادىشاھ بېشىڭلارنى كەستى، بالىلىرىم، — دەپ يىغلىدى ھەمدە پادىشاھقا قاراپ خۇن جىگىرىدىن چىقىرىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئون تۆت يىل ئىچىدە مەن بولدۇم گادا،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.
پەرزەنتلىرىم ھىجرىگە بولدۇم مۇپتىلا،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

مەن بىلمىدىم، ئەجەب بەختىم قارادۇر،
پەرزەنتلىرىم ھىجرىدە باغرىم يارادۇر،
رازىدۇرمەن، بېشىمنى كەسسەڭ راۋادۇر،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

پەرزەنتلىرىم بېشىنى جالالاتلار ئالدى،
ئەزىز تېنى سارغىيىپ تۇپراقتا قالدى،
قىزىلگۈلدەك يۈزلىرى قانغا بويالدى،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

ئاھۇ زاركىم، خانىماندىن مەن كېچىپ،
ھەسرەت بىلەن تۇپراقنى بېشىمغا چېچىپ،
راۋا بولاي خەنجەرگە جېنىمدىن كېچىپ،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

توققۇز ئاي توققۇز كۈن كۆتۈردۈم ئۇنى،
تۈن، سەھەرلەر ئۇخلىماي بەردىم سۈتۈمنى،
نە گۇناھقا ئۆلتۈردۈڭ ئىككى ئوغلۇمنى؟
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

رەھىم قىلىپ قاراپ باققىن ھالىمغا،
قويما مېنى دۇنيا دېگەن زالىمغا،
رازىدۇرمەن، تىغ بويىساڭ قېنىمغا،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

گۈلچېھرەمەن دائىم ئاقار كۆز يېشىم،
پەرزەنتلىرىم ئىدى مۇڭلۇق سىردىشىم،
ئاھ، بۇ دۇنيا ئاخىرەت ئىدى يولدىشىم،

ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

......

دىدار ۋەسلى ئىزدىشىپ ئۆتتۇق ئارماندا،
تەقدىر بىزنى تۇتقۇزدى پەيلى يامانغا،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

قان - ياش تولغان دەريادۇر مېنىڭ بۇ ئۆمرۈم،
باللىرىمنى بىر كۆرۈش ئىدى ئۈمىدىم،
ئاھ، پەرزۇخۇم — يۈرىكىم، باغرىم جەمشىدىم،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

تېخى ئاخشام يوقالغان كۆڭلۈمدىن پەرياد،
پەيدا بولدى باللىرىم قېشىمدا، ھەيھات،
گەپ - سۆز قىلماي، بېشىن ئالدى شۇم جاللات،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

ھارام ماڭا دۇنيادا تىرىك يۈرمىكىم،
مىڭ ئەۋزەلدۇر ياشاشتىن ئەمدى ئۆلمىكىم،
ئۆلتۈر مېنى، ئۆلتۈرگىن، شۇدۇر تىلىكىم،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

— ئەي پادىشاھ، ماڭا سېنىڭ شەپقىتىڭ لازىم ئەمەس، مېنىمۇ ئۆلتۈر ! — دەپ مەلىكە بىھوش بولۇپ يىقىلدى. پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ:

— ئەي تۇججار بەھمەن، بۇ زادى كىمنىڭ ئامانىتى ئىدى؟ بۇ مەزلۇم مېنىڭ غۇلاملىرىمنى ئوغلۇم دەۋاتىدىغۇ، بۇ ئەسلىي نېمە ۋەقە؟ — دەپ سورىدى.

توججار بەھمەن بىلمىگەن ئىشلارنى بايان قىلدى.
پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مەلىكىگە تىكىلىپ قارىدى ـ دە، ئۇنى تونۇدى. پادىشاھنىڭ بەدەن ـ بەدىنىگە لەرزە چۈشتى، چىرايى زەپىراندەك سارغايدى. پادىشاھ شەربەت ھازىر قىلىپ مەلىكىگە ئىچۈردى. مەلىكە ھوشىغا كەلدى. پادىشاھ ئادىلخان مەلىكىدىن كۆرگەن ۋەقەلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى سورىدى. مەلىكە بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى، تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى باشتىن ـ ئاياغ بايان قىلدى. پادىشاھ ئادىلخاندا سەۋر ـ تاقەت قالمىدى، تەختتىن چاچراپ قوپۇپ بېشىدىن تاجىنى ئېلىپ يەرگە ئۇردى ۋە ئۆزىنى تەختتىن يەرگە تاشلىدى. شاھزادىلەرنىڭ تېنىنى كەلتۈرۈپ قانلىق تەنلەرنى قوينىغا ئېلىپ زار ـ زار يىغلاپ، مەلىكىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ، جىگىرىدىن خۇن ئاققۇزۇپ پەرياد ئىچىدە بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نە ئىلاج قىلاي مەن، ئەي شاھزادىلەر،
قىزىل يۈزۈمنى سولدۇرغان جاھان ئەمەسمۇ؟
ئۆز تېنىمدىن تۆرەلگەن جان شاھزادىلەر،
يارا باغرىڭ قان قىلغان ئاتاڭ ئەمەسمۇ؟ !

بىر تىغ بىلەن ئۆزۈمنى بەرباد ئەيلىسەم،
ياقام يىرتىپ دەرد چېكىپ پەرياد ئەيلىسەم،
غەملىك قۇلمەن كۆڭلۈمنى ناشاد ئەيلىسەم،
مېنىڭ جېنىم سىلەرگە قۇربان ئەمەسمۇ؟ !

پېشانەمگە شۇنداق قىسمەت پۈتۈلدى،
ئايرىلماقلىق دەردى باغرىم ئېزىلدى،

ھەسرىتىڭدە ئاھ ئۇرۇپ يۈرەك يېرىلدى،
قانلار يىغلاپ قىينالغان بۇ جان ئەمەسمۇ؟ !
ئارمان بىلەن يىغلىسام مەن خۇدايىمغا،
يەر بىلەن كۆك يىغلىشار ئاھ ـ پەريادىمغا،
تونۇتمىدى بالىنى ئۇز ئاتاسىغا،
جامالىغا تويمىغان ئاتاڭ ئەمەسمۇ؟ !

غېرىب بولدى ئاجايىپ مېنىڭ بۇ بېشىم،
غەمگۇزارىم، روزىغارىم، يولدىشىم،
بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىردىشىم،
سېنى ئىزدەپ يۈرگەن سۇلتان ئەمەسمۇ؟ !

يىغلىدىم كۆپ، نەدە ئىككى بوتام دەپ،
يىغلىغانسەن سەنمۇ قايدا ئاتام دەپ،
ئويلاپتىمەن ياخشى چاكار، غۇلام دەپ،
يۈرىكىمدە تالاي پۇشمان ئەمەسمۇ؟ !

مەن بۇيرۇدۇم بالىلىرىمنى ئۆلۈمگە،
خەنجەر سالسام راۋا بولۇر كۆزۈمگە،
زۇلمەت كېلىپ چۈشتى قارا كۆڭلۈمگە،
ماڭا ئەلەم ئەمدى زىندان ئەمەسمۇ؟ !

مەن يىغلىدىم بەختىم ئەجەب قارادۇر،
بۇ نېچۈك بىر ھەسرەت تولغان دۇنيادۇر؟
ئادىلخان دەر: ماڭا ئۆلۈم راۋادۇر،
يارا باغرىم لىپمۇلىق قان ئەمەسمۇ؟ !

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئادىلخان ۋەزىرلىرىگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— ئەي ۋەزىرلىرىم، بۇ دۇنيا ئەمدى ماڭا زىندان. مەن ئەمدى بۇ دۇنيادا تىرىكچىلىك قىلالمايمەن. قېنى مېنى ئۆل-تۈرۈڭلار. بۇ دۇنيانىڭ دەرد - ئەلەملىرىدىن بىراقلا قۇتۇلاي. مېنى بالىلىرىم بىلەن بىللە كۆمۈڭلار، مەن ئۇلار بىلەن بىللە ۋاپاسىز دۇنيادىن يوقىلاي. مەندىن رازى بولۇڭلار، مەن سىلەردىن رازىمەن. ئەي خۇدايا، بىر يىلدىن بېرى ماڭا ئون تۆت يىل دەردۇ پىراقىدا كۆيگەن پەرزەنتلىرىمنى تونۇتمىدىڭ. دەرىخا ! ئەمدى ئاتا - ئانىسىنىڭ جامالىغا قانمىغان كۆڭلى زېدە بالىلىرىمنى ئۆز قىلىچىم بىلەن چاپتۇرۇپ مەڭگۈلۈك جۇدالىققا تاشلىغان خۇدايىم ! ئەمدى مېنىڭمۇ جېنىمنى ئال ! مېنى بالىلىرىم بىلەن مەڭگۈلۈك دۇنياغا سال ! بۇ غەش - ئەلەمكەش دۇنيانى ئېلىپ قال !

پادىشاھ ئادىلخان شاھزادىلەرنىڭ بېشى ئۈستىگە يىقىلىپ بىھوش بولدى. شۇ كۈنى دىياربەكرى شەھرىنىڭ ئىچىدە قى-



يامەت بولدى. ئاسمان - زېمىن نالە - زارلىققا تولدى. جى-مىكى خالايىق يىغلىدى. ۋەزىر - ئەمىرلەر پادىشاھنىڭ ھالى-غا يىغلاپ يۈزلىرىنى توپا - تۇپراققا سۈردى. ۋەزىرلەر پادى-شاھقا بەكمۇ ئېچىندى. پادىشاھنى يۆلەپ ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇلار دېدىكى:

— ئەي پادىشاھىئالەم، قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر دېگەن گەپ بار، تەقدىرگە ھېچبىر چارە يوقتۇر، سەۋر قىلىڭ. باغداد شەھىرىدە بىر ئۇلۇغ ئەۋلىيا بارئىمىش. بۇ ئىككى شاھزادىنىڭ ئۆلۈكىنى باغداد شەھىرىگە ئېلىپ بارساق، ئۇل ئەۋلىيانىڭ رەھمى كېلىپ خۇداغا دۇئا قىلسا، شاھزادىلەرنىڭ نەپسى تېنىگە قايتىپ تىرىلسە ئەجەب ئەمەس. ئاڭلىشىمىز-چە، ئۇ ئەۋلىيا ناھايىتى كارامەتلىك بولۇپ، دۇئاسى بەرھەق ئىجابەت بولارئىمىش.

بۇ سۆز بىلەن پادىشاھ ئادىلخان باغداد شەھىرىگە قىلى-نىدىغان سەپەرنىڭ تەييارلىقىنى ھازىر قىلدۇردى. نەچچە يۈز تۆگىگە ئالتۇن - كۈمۈش، پۇل - مال يۈكلىدى. ئىككى شاھزادىنى بىر چېدىرغا سالدى. پادىشاھ ئادىلخان مەلىكە گۈلچېھرەخانىنى ھەمراھ قىلىپ تۈججار بەھمەن بىلەن باغداد شەھىرىگە قاراپ راۋان بولدى. يولدا تۈججار بەھمەن يۈز غۇلامنى ئازاد قىلدى. مال - دۇنيالىرىنى ھەزرىتى پىر - ئۇستازلارنىڭ، ئەۋلىيالارنىڭ ھەققىدە نەزىر قىلدى. نۇرغۇن-لىغان مەنزىللەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ تۈگىمەس يوللارنى بې-سىپ، ئۇلۇغ ئەۋلىيانىڭ شەھىرىگە ئۈچ ئاي دېگەندە كەلدى. ئەللىك تۆگە، يۈز ئات، ئىككى يۈز قوينى ئۆلتۈرۈپ ئەۋلى-يالارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر بەردى. ئەكەلگەن ئالتۇن - كۈ-مۈش نىيازلىرىنى ھەزرىتى ئەۋلىيا غەۋسىل ئەزەمنىڭ ئالدىدا قويدى. ئۆزىنى ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا تاشلاپ زار - زار يىغلاپ، بۇ

مۇناجاتنى ئوقۇدى:

بەھەققى ھۆرمىتى قادىر خۇدايىم،
مەدەت ئەيلە، ئەۋلىيا، مىسكىن گادايغا.
تاغلارچە بار گوياكى مېنىڭ گۇناھىم،
مەدەت بەرگىن، ئەۋلىيا، مىسكىن گادايغا.

بەھەققى ھۆرمىتى رەسۇل ھەم خۇدا،
قىيامەتتە ئۇممەتلەرگە پېشۋا،
سىز ئۆزىڭىز دەردمەنلەرگە رەھنەما،
رەھىم ئەيلەڭ، ئەۋلىيا، مىسكىن گادايغا.

چاھاريارلار بەندىلەرنىڭ ئەۋزىلى،
بوۋاڭ ئېرۇر پىرلەرنىڭ سەرۋىرى،
چىنى ماچىن شەھەرلەرنىڭ گەۋھىرى،
مەدەت ئەيلە، ئەۋلىيا، مىسكىن گادايغا.

ئاڭلا ئەرزۇ ھالىمنى، تولا پەريادىم،
پىدا بولسۇن يولۇڭدا بۇ شېرىن جانىم،
جان تىلەپ بەر ئۆلۈككە، قادىر ئىشانىم،
مەدەت بەرگىن، ئەۋلىيا، مىسكىن گادايغا.

بەھەققى ھۆرمىتى قۇدرەتلىك رەھمان،
ئادىلخانىنىڭ زىندانى بۇ پانىي جاھان،
قۇلۇڭ بولاي مەن سېنىڭ، ئەي ئۇلۇغ ئىشان،
مەدەت بەرگىن، ئەۋلىيا، مىسكىن گادايغا.

ھەزرىتى غەۋسىل ئەزەم پادىشاھ ئادىلخانىڭ ئاھۇ زارلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى ۋە:

— ئۇ ئىككى ئۆلۈكنى ئەكىرىڭلار ! — دەپ بۇيرۇدى.

ئىككىيلەن ئىككى شاھزادىنىڭ ئۆلۈكىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى. ئەۋلىيا بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ ئۆلۈككە قاراپ ئىشارەت قىلدى. شۇنداق بىر كارامەت يۈز بەردىكى، ئۆلۈك شاھزادىلەر شۇئان تىرىلىپ ئورنىدىن قوپۇپ ئەۋلىياغا سالام بەردى. ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا تاشلاپ، پۇتلىرىنى سۆي-دى. ئاندىن پادىشاھ بىلەن تۇججار بەھمەن ئەۋلىيانىڭ ئاياغ-لىرىغا يىقىلىپ، ئۇنىڭ پۇتلىرىغا كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تۇۋا قىلىپ مۇنداق دېدى.

— ئەي بۇزرۇكۋارى ئالەم، بۇ كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ ئاجايىپ ياخشىلىق قىلدىڭىز، بۇ ياخشىلىقنى قانداقمۇ ياد-دۇرارمىز؟

— ئەي پادىشاھىئالەم، — دېدى ئەۋلىيا غەۋسىل ئەزەم، — مېنىڭ بۇ كارامىتىم مەغرىبتىن مەشرىققىچە بولغان بارچە بەندىلەرگە خاستۇر. دۇئايىم قىلىچتىن تېزدۇر. ئەگەر ھەربىر بەندىنىڭ بېشىغا بالا يۈزلەنسە، ماڭا سېغىنىپ ئىخلاس بىلەن دۇئا ئەيلەپ تۇۋا قىلسا، ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغايمەن.

پادىشاھ ئادىلخان ئۇنىڭغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىپ، دىيارىبەكرى شەھرىگە يېنىپ كېتىش ئۈچۈن ئىجا-زەت تىلىدى. ھەزرىتى غەۋسىل ئەزەم ئىجازەت بەردى ۋە ئاق-يول تىلەپ دۇئا قىلدى. پادىشاھ ئادىلخان مەلىكە گۈلچېھرە بىلەن ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ دىيارىبەكرى شەھرىگە يېنىپ كەلدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئادىلخان بالا - چاقىلىرى بىلەن يە-

مەندىن چىققان كۆنىنىڭ ئەتىسى قەلەندەرلەر ئۆنى ئىزدەپ تاپالمىدى. ئۇلار بۇ شەھەر ئەمدى بىزگە ئۇچچە قاپتۇ، دەپ بەك چېكىنىشكە باشلىدى. ئەل - خالايىق بىلەن كارى بولمىدى. ۋەزىر - ئەمىرلەرنى، ئەھلى ئىلىملەرنى، قازى - مۇپتىلارنى، شەھەر ئۇلۇغلىرىنى بىر - بىرلەپ تۇتۇپ زىندانغا سالدى. ئۇلار شەھەرنى ۋە خالايىقنى شۇنداق پاراكەندە قىلدىكى، ئون ئۆينى ئاختۇرسا بىر سىقىم ئۇن، بىر پارچە كىگىز تېپىلمايدىغان بولدى. قەلەندەرلەر پادىشاھلىق تاجىنى تالىشىپ بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈپ بىرلا قەلەندەر قالدى. ئۇ يەمەن شەھىرىگە ئون تۆت يىل پادىشاھ بولدى. زىندانغا تاشلانغان يۇرت چوڭلىرى قازى، مۇپتى، ۋەزىر، ئەمىرلەرنىڭ بەزىسى ئۆلدى، بەزىسى يېرىم جان بولۇپ قالدى.

ئەلقىسسە، بىر كېچىسى زىنداندىكى شەھەر ئۇلۇغلىرىدىن يەتمىش كىشى بىر - بىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ كىنايە قىلىشتى. ئۇلار مۇنداق دېدى:

— ئەي بۇرادەرلەر، ئۆزىمىزگە ئاز. بىز ئازغان، ئاسىي ئادەملەرمىز. پادىشاھ ئادىلخانغا ئوخشاش مېھرىبان پادىشاھنى، خالايىقنىڭ پۇشتىپاناھىنى شەھەردىن قوغلاپ چىقاردۇق. ئېزىپ - تېزىپ كەلگەن بەڭگى قەلەندەرلەرنى ئوبدان بىلىپ پادىشاھ قىلدۇق. شاھىمىزنىڭ قىساسى مانا بىزگە كەلدى. بۇگۈن يا ئۆلمەك كېرەك، يا قۇتۇلماق كېرەك.

ئۇلار قوللىرىغا تاش - توقماقلارنى ئېلىپ، زىندان بېگىنى ئۆلتۈرۈپ زىنداندىن چىقتى، ئوردا دەرۋازىسىنى چېقىپ ئوردىغا كىرىپ قەلەندەرنى ئۆلتۈرۈپ، بارچە زەنجىرلەنگەن مەھبۇسلارنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇردى.

# بوزيىگىت

ھەممىدىن خەۋەردار كىشىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىشۇرلەر-كى، تەڭرىتېغى ئېتەكلىرىدىكى ئىككى ئىقلىمنىڭ بىر پادىشاھى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇللاخان ئىدى. ئۇنىڭ تەختى - تاجى، ھېسابسىز مال - مۈلۈك ۋە دۇنياسى بار، بىراق ئىزدىنى باسقۇدەك پەرزەنتى يوق ئىدى، بۇنىڭدىن تولىمۇ زارلىناتتى.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى شاھنىڭ ئاھ - زارى خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، خوتۇنى ھامىلىدار بولۇپ، ئاي - كۈنى توشۇپ بىر ئوغۇل تەۋەللۇت قىلدى. خان يۇرتقا ئات چېپىپ بېرىپ، بالىسىنىڭ ئىسمىنى بوزيىگىت قويدى.

ئابدۇللاخاننىڭ تابىل ئىسىملىك بىر ھۆرمەتلىك ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى ھەم ئابدۇللاخاننىڭ خوتۇنى بىلەن بىر كۈندە، بىر ۋاقىتتا بىر ئوغۇل تۇغدى. ۋەزىر بالىسىنىڭ ئىسمىنى كىمەن قويدى.

بوزيىگىت بىلەن كىمەن كىچىكىدىن تارتىپلا ئىجىل - ئىناق، ھەر ئىشنى، ھەرنېمىنى تەڭ كۆرىدىغان دوستلاردىن بولۇپ ئۆستى. ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى بوزيىگىت شۇنداق گۈزەل ئىدىكى، بىر كۆرگەن كىشى ھەيران قېلىپ «يەنە بىر قېتىم كۆرسەم» دەيتتى، ئارمان قىلاتتى. بوزيىگىت بىلەن كىمەن كىچىكىدىن ئەقىل - ئىدراك، پەم - پاراسەت، باتۇر-

لۇقتا تەڭداشسىز ۋە بىر ـ بىرىگە چىن مېھرىبان ئىدى.

بوزيىگىت ئون يەتتە ياشقا تولدى. شۇ يىلىنىڭ بىر كۈنى كېچىدە ئۇ تازا شېرىن ئۇيقۇدا يېتىپ بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە بىر خۇش قەدەم، خۇش سۇرەت قىزنى كۆردى. بوزيىگىت كۆز تىكىپ قارىسا، بۇ بىر توپ قىزلارنىڭ قوللىرىدا بۇلبۇل، تۇتى قۇشلار خەندان ئۇرۇپ سايرىشاتتى. بۇ قىزلار بولسا بىر خۇش رەپتار پەرى قىزنى ئارىغا ئېلىپ يۈرەتتى. بۇ



ھالنى كۆرگەن بوزيىگىت ھەيران بولدى. شۇئان ھېلىقى پەرى قىز بوزيىگىتنى كۆرۈپ قېلىپ، بۇلبۇلدەك خۇش ئاۋازى بىلەن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كۇندە يىغلاپ، كۇندە زار،
مەن يۈزۈڭگە ئىنتىزار.
نەدە ئۆزۈڭ، سۆيگەن يار،
مېنى شۇنداق قىلما زار.

بىر يىل بولدى يانارمەن،
ئۆتكەن كۇننى سانارمەن.
ئەس - ھوشۇمدىن ئايرىلدىم،
ساڭا قاچان قانارمەن؟

غايىبمۇسەن، جان يىگىت،
يىگىت مۇنداق باتۇرمۇ؟
كېيىك كۆرسە ئوۋلاشقا،
ئوقياسىنى ئاتۇرمۇ؟

شەھرى بوستان بۇلبۇلى،
گۇلىستاننىڭ بىر گۇلى.
دەريا كېچىپ، تاغ ئېشىپ،
بىزنى ئىزدەڭ بىر يولى.

بوز يىگىتنىڭ قايتۇرۇپ بەرگەن جاۋابى:

نالىمىغىن، جېنىم يار،
تەڭرىدىن رەھمەت ياغار،

مۇراد بىر كۈن يۈز ئاچار،
سەۋر قىلساڭ بولاتتى.

ئاشىقلار زارلاپ ئۆتەر،
تەڭرىدىن رەھمەت كۈتەر،
مۇرادقا بىر كۈن يېتەر،
سەۋر قىلساڭ بولاتتى.

سەۋر قىلماي ئىش پۈتمەس،
مەزگىلسىز ئەرزىڭ يەتمەس،
كۆرەرسەن مەزگىل بولسا،
سەۋر قىلساڭ بولاتتى.

بۇرۇن ئۆتكەن جۇپلەردەك،
ئەقىل تاپساڭ بولاتتى.
دوست ـ دۈشمەننىڭ ئالدىدا،
يىغلىمىساڭ بولاتتى.

ئەلقىسسە، بوزيىگىت ئويغاندى. قارىسا، چۈشىدە كۆرگەن خۇش سۈرەت پەرى قىز يېنىدا يوق. ئۇ بىر يىلغىچە زەپىراق ـ دەك سارغايدى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭدىن كۆپ سورىدى. بىراق ئۇ زادىلا ئېيتمىدى. ئىككىنچى يىلى بوزيىگىت ئون سەككىز ياشقا تولدى. ئىككىنچى يىلى ئۇ يەنە بىر چۈش كۆردى، چۈشىدە ھېلىقى پەرى قىز زاھىر بولدى. قىز خۇددى بۇرۇن ـ قىدەكلا زارلىنىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كۆپتىن بېرى ساقلايمەن،
كېلەرمۇ دەپ ئويلايمەن.

خەۋىرىڭ يوق، ئۆزۈڭ يوق،
سالامنامە - سۆزۈڭ يوق.

غاپىل بولما يىگىتىم،
يىگىت شۇنداق باتۇرمۇ؟
جۇرئەت قىلماي كۈنۈتۈن،
سۈكۈت قىلغان باتۇرمۇ؟

مەن يولۇڭغا ئىنتىزار،
مەيلىڭ بولسا ئىزدىۋال.
مەن بىر شاھنىڭ يالغۇزى،
ئىزدەپ مېنى تېپىۋال.

كېلۈرمۇ دەپ قارايمەن،
ئۈچ يىل شەرتنى ساقلايمەن.
يۈزۈڭنى بىر كۆرمىسەم،
قانداق چىداپ تۇرارمەن.

شەرتنى راستتىن ساقلايمەن،
كېلىدۇ دەپ يوقلايمەن.
خەۋىرىڭ يوق، ئۆزۈڭ يوق،
قاراپ ھېچ تاپالمايمەن.

ئاتا بىلەن ئانىسى،
رۇخسەت بەرمەس بولارمۇ؟
چۈشىدە كۆرگەن يارىنى،
كېلىپ كۆرمەس بولارمۇ؟

سېغىنىشتا بولدۇم زار،
گۈل يۈزۈڭگە ئىنتىزار.
مەن يالغۇزنى يىغلىتىپ،
نەدە ئۆزۈڭ ئاشىق يار؟

بوزيىگىتنىڭ جاۋابى:

بىر خۇش سۇرەت نازىنىنسەن،
چۈشلىرىمدە هازىرسەن.
بىر مۇقەددەس جانانسەن،
دىل بېغىمدا باهارسەن.

سەن بىر گۈزەل يارىمسەن،
بۇلبۇلۇم سەن، تارىمسەن.
كۆڭلۈمدىكى يارىمسەن،
زىمىستاندا يارىمسەن.

بۇلتۇر كەلدىڭ قېشىمغا،
سايلار تولدى يېشىمغا.
قايغۇ بىلەن ئوت سالدىڭ،
مېنىڭ جىمجىت بېشىمغا.

قەيەرلىك سەن، يېرىڭ ئېيت،
ئەل - يۇرتۇڭنى بىلمەيمەن.
ئىسمىڭنى ئېيت، ئەي پەرى،
چوقۇم سېنى ئىزدەيمەن.

بۇلتۇر غايىب بولدۇڭ سەن،
يەنە غايىب بولامسەن؟
......
......

بوزيگىت سورىغان سوئالغا قىز نەزم بىلەن شۇنداق جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

ئاتقا مىنىپ چىققىن سەن،
ئېيتقان سۆزنى ئۇققىن سەن.
مېنى قوبۇل كۆرسەڭ سەن،
ئىزدەپ يولغا چىققىن سەن !

چۈشتە قوشقان خۇدايىم،
كۈندۈز بىزنى قوشماسمۇ؟ !
تۈن - كېچىدە ئاي - يۇلتۇز،
بىزگە يورۇق چاچماسمۇ؟

جېنىڭ جانغا قوشۇلسا،
سەن ھەقىقىي يار بولساڭ.
مېنىڭ ئۈچۈن زار بولساڭ،
رۇم شەھرىدىن تاپارسەن.

ئەلقىسسە، بوزيگىت ئويغاندى. قارىسا، چۈشىدە كۆرگەن خۇش سۈرەت يېنىدا يوق. شۇنىڭدىن بۇيان بوزيگىت تاقەت قىلالمىدى، ئاش يېمىدى، سۇ ئىچمىدى، تېگى يوق ئوي - خىياللارغا چۆكتى. ئۇ پەقەت دوستى كىمەنگە كېڭەش سالدى. ئۇنىڭغا بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

بىر خۇش سۈرەت كۆردۈمەن،
ھەيران بولۇپ تۇردۇمەن.
مەسلىھەت بەر، جان دوستۇم،
ئەقىل ئىزدەپ يۈردۈمەن.

قايغۇ چەكتىم ھەر كۈنى،
يول تاپالماي زار بولدۇم.
ماقۇل كۆرسەڭ، جان دوستۇم.
قىزنى ئىزدەشتۇر ئويۇم.
قايغۇ قوندى بېشىمغا،
يول تاپالماي بولدۇم زار.
ماقۇل كۆرسەڭ، جان دوستۇم،
سەپەر قىلار ئويۇم بار.
كەتمەس قايغۇ چۈشكەندۇر،
چارە تاپقىن، جان دوستۇم.
بىر يىل بولدى يانغانمەن،
بۇ قايغۇدا قالغانمەن.
سەندىن بۆلەك دوستۇم يوق،
دىلغا سىنى يازغانمەن.
ھەمراھىم يوق كېتەرگە،
دەرمانىم يوق يېتەرگە.
يېقىن دوستۇم سەن ئىدىڭ،
يول كۆرسەتكىن سەپەرگە.
يولدىشىم يوق ئېيتقىلى،
دەرمانىم يوق كەتكىلى.
جان يولدىشىم سەن ئىدىڭ،
پېتىنمىدىم ئېيتقىلى.
بۇ بالاغا يولۇقتۇم،
دەرمانىم يوق، جان دوستۇم.
ئۇنى ئىزدەپ ئۆلسەم گەر،
ئارمانىم يوق، جان دوستۇم!

كىمەن بوزيىگىتنىڭ نەزمىسىنى ئاڭلاپ، دوستى ئۇچۇن

كۆيۈپ يىغلىدى، ئاندىن مۇنداق نەزم ئوقۇدى:

ماقۇل دوستۇم بارغايمىز،
ھەق سالغاننى كۆرگەيمىز.
جان يولۇڭدا تەسەددۇق،
خىزمىتىڭدە يۈرگەيمىز.
ئاللا يازغان تەقدىرگە،
نە چارە بار بەندىدە؟
دوستى كېچەر جېنىدىن،
دوستىغا قايغۇ كەلگەندە.
تەقدىر بولسا ئۆلەرمىز،
ھېچبىر چارە بولمىسا،
ھەق يازغاننى كۆرەرمىز.
سەن بىلەن تەڭ بارغايمەن،
بىركىمگە بار، دېمەيمەن.
مەن يولۇڭدا قۇربانمەن،
يالغانچى دوست بولمايمەن.

ئەلقىسسە، بوزيىگىت دوستىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدى. ئىككىسى ئىككى خىزمەتكار ئېلىپ، ئىككى تۆگىگە ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈزۈق - تۈلۈك ئارتتى، ھېچ-كىمگە بىلدۈرمەي، ئاللاتائالادىن مەدەت تىلەپ، كۈنپېتىش تە-رەپكە قاراپ راۋان بولدى، بىر مەزگىل يول يۈردى، ئاندىن خۇدايىتائالاغا يىغلاپ مۇنۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

باشنى بەرگەن ئاللاھىم،
رىزقى بەرسە كېرەكتى؟

تەن ياراتقان ئاللاھىم،
ساقلىق بەرسە كېرەكتى؟
ئەقىل بەرگەن خۇدايىم،
سەۋەب قىلسا بولاتتى.
جان ـ نان بەرگەن ئاللاھىم،
ئۆمۈر بەرسە بولاتتى.
جان ياراتقان ئاللاھىم،
ئۆزى ساقلاش كېرەكتى.
قايسى يەردە بولسىمۇ،
مەدەت بەرسە بولاتتى.
پۈتنى بەرگەن ئاللاھىم،
قۇۋۋەت بەرسە كېرەكتى.
ئەقىل بەرگەن ئاللاھىم،
مەدەتلىرى كېرەكتى.
بىز يوق ئىدۇق، بار قىلغان،
تەن ياراتقان، جان بەرگەن.



ئىشەنچ قىلدۇق بىز سىزگە،
يولباشچىمىز ئۆزىڭىز.
ھەر بىر تۈرلۈك بالادىن،
ساقلىغۇچى ئۆزىڭىز !

ئەلقىسسە، بوزيىگىت بىلەن كىمەن قانچە - قانچە مەنزىللەرنى ئارقىسىدا قالدۇرۇپ، تاغۇ داۋانلارنى ئېشىپ، مايمۇنلار شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. شۇ ھامان ئۇلارنى مايمۇنلار تۇتۇۋالدى، نۆۋەتمۇ - نۆۋەت يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ رۇخسەت سورىسا قويۇپ بەرمىدى. ئۇلار مايمۇنلارغا ئۈچ يىل تۇتقۇن بولدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى بارلىق نەرسە - كېرەك، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تاشلاپ، كېمە ياسىتىپ كېمىگە چۈشۈپ قاچقاقچى بولۇپ بالھۇن شەھىرىگە كەلدى. بۇ يەردە كېمە ياسىتىپ دەريا بىلەن قاچتى. ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى مايمۇن شاھىنىڭ كىشىلىرى قوغلاپ كېلىپ تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنى مايمۇن شەھىرىگە ئەكەتتى. نەچچە - نەچچە رۇخسەت سورىسا بەرمىدى. مايمۇنلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆز ئېلىگە ئادەمزاتتىن پادىشاھ قوياتتى. شۇ سەۋەبلىك بۇ مايمۇنلار شەھرىنىڭ شاھى — بوزيىگىتتەك ئادەمزات شاھزادە ئىدى. ئېنىقكى، مايمۇنلار شاھنى ئۆز جىنسىدىن قويسا ئوقتى بەرىكەت تاپمايتتى. شۇڭا، شاھنى ئادەمزاتتىن قوياتتى. ئۇلارنىڭ بوزيىگىتنى زىندانغا سېلىشقا كۆزى قىيمىدى، قېچىپ كەتمىسۇن دەپ كۆزەتچىلەرنى قويدى. بۇ ھالدا قالغاندا بوزيىگىت پۇشايمان قىلىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

ئېگىز تاغقا يولۇقتۇق،
ئۆتمەك بىزگە قايدىدۇر؟

تۆمۈر تورغا سولاندۇق،
چىقماق بىزگە قايدىدۇر؟
قىيىن يولغا يولۇقتۇق،
قۇتۇلماققا چارە يوق.
قانداق خەققە يولۇقتۇق،
يۈزىن ئادەم كۆرگۈسىز.
يولغا كۆزلەر قارالغان،
قەدەم بىسىپ يۈرگۈسىز.
چۈشتى زەنجىر بوينۇمغا،
ئاياغ بىلەن يۈرگۈسىز.
مەخلۇقلارغا يولۇقتۇق،
ۋەھشىيلەرگە يولۇقتۇق.
مېھىر - شەپقەت بىلمەستەك،
كۆيگەن ئوتقا چۈشۈپتۇق،
سۇ قۇيغانغا ئۆچمەستەك
يېلىنغانغا بولمىدى،
رەھىمسىزگە يولۇقتۇق،
يىغلىغانغا بولمىدى.
بۇ بالادىن قۇتۇلۇپ،
يول يۈرەر كۈن بولارمۇ؟
ئاتا بىلەن ئانىنى،
بىر كۆرەر كۈن بولارمۇ؟
بۇ نە ھەسرەت يارەنلەر،
بۇ نە قىسمەت يارەنلەر.
خان بېشىمىز قۇل بولدى،
نېچۈك ئامال، يارەنلەر؟

ئەلقىسسە، بوزيىگىت بىلەن كىمەن مايمۇنلار ئېلىدە يەنە ئۈچ يىل تۇتقۇن بولدى، ئاندىن سوگرە قېچىپ قۇتۇلدى. ئۇلار كېمىگە چۇشۇپ راۋان بولدى. بوز يىگىت كېتىۋېتىپ خۇداغا سېغىنىپ بىر مۇناجات ئوقۇدى:

ھەققە بويۇن سۇنغانمەن،
زار سەرگەردان بولغانمەن.
مەندەك ئاجىز قۇلۇڭنى،
ئۆزۈڭ ساقلا، ئەي ئاللا !

سەنسىز بىزگە دەرمان يوق،
ئەي ئالەمگە رەھنەما،
مۇشۇ قانلىق دەريادا،
ئۆزۈڭ ساقلا، ئەي ئاللا !

تەۋەككۇل ئالەم پەيلىدىن،
يانماي ئىشقى يولىدىن،
كەچسەم قانلىق دەريانى،
ئۆزۈڭ ساقلا، ئەي ئاللا !

ئارقىمىزدا دۇشمەن بار،
ئالدىمىزدا گۇلشەن بار.
غېرىبلارنىڭ پاناھى،
ئۆزۈڭ ساقلا، ئەي ئاللا !

بوزيىگىت بىلەن كىمەنگە قارشى بىر كېمە كەلدى. بۇ ئىككى غېرىب: «بىز بىچارىلەرنى يەنە بىرنېمىگە گىرىپتار

قىلمىغاي» دەپ قورقتى. شۇ ئەسنادا ئىككى كېمە يېقىنلاشتى. قارىغۇدەك بولسا، كېمىدىكىلەر باغداد شەھىرىنىڭ سودىگەرلىرى ئىكەن. بوز يىگىت بىلەن كىمەن ئۇلارنى توسۇپ كۆرۈشتى. سودىگەرلەر بوز يىگىتكە كۆپتىن كۆپ نەسىھەت قىلىشتى. ئاخىر:

— چۇشۇڭدە كۆرگەن سۈرەتكە ئاۋارە بولماي يۇرتقا قايتىڭلار، — دېدى. بىراق بوزيىگىت تىڭشىمىدى. كارۋانلار ئۇلارغا كىيىم، تاماق، ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىپ رازى قىلدى. بوزيىگىت كارۋانلار بىلەن خوشلىشىپ ئايرىلىش ۋاقتىدا، ئۇلار ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىسىغا سالام ئېيتىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

خۇش يۇردىڭىز، كارۋانلار،
ساق ـ سالامەت يەتكەيسىز.
يۇرت دىدارى، ئەل يۈزىن،
بېرىپ خۇشال كۆرگەيسىز.
بىزدىن سالام ئېيتىپ بېرىپ،
ئاتا ـ ئانامغا دېگەيسىز.
يۇرمەي كۆڭلۇم تىنمايدۇ،
كۆرمەي يۈرەك قانمايدۇ.
مېھرى مەھبۇب شەھرىنى،
كۆرمەي كۆڭلۇم تىنمايدۇ.
كۆپ مۇشەققەت كۆرسەممۇ،
رازى، يىغلاپ يۇرسەممۇ،
يار ۋەسلىنى قۇچماستىن،
دىل ئويۇمدىن يانمايدۇ.
قايغۇ يۇتۇپ قانمىدىم،

بۇ يولدىن يانالمىدىم،
ئىلگىرىكىدەك بولمىدىم،
يۈرمەي كۆڭلۈم قانمايدۇ.
كۆپ ھەسرەتلەر كۆرىمىز،
زار سەرگەردان يۈرىمىز.
قايغۇ يۇتسام رازىمەن،
بۇ يولدىن ھېچ قالغۇم يوق.
كۆپ جاپالار چەكسەممۇ،
ھېچ كەينىمگە يانغۇم يوق.
ئەمر قىلسا ئاللامىز،
تىرىك قالساق قايتارمىز.
تىرىك بولسام قايتارمەن،
ئۆلسەم سالام ئېيتارمەن.
كۆپ ئەيىبنى كەچۈرۈپ،
رازى بولسۇن ئاتىمىز.
بۇ يولۇمدىن قايتمايمەن،
ئاڭلاپ قالسۇن ئانىمىز.
بۇ يولدىن مەن ئۆتىمەن،
ھەق يازغاننى كۆرىمەن.
مۇرادىمغا يېتىمەن،
ئاندىن ئۆيگە قايتىمەن.
بۇ يولدا مەن كېلەرمەن،
كەلمىسەم مەن ئۆلەرمەن.
ئۆلسەم شۇنداق ئۆلەرمەن،
جېنىم ئاتا ـ ئانامغا
سالام دەڭلار، دوستلىرىم.

ئامان بولۇڭ، دوستلىرىم،
ئېسەن بولۇڭ، دوستلىرىم !

كارۋانلار ئۆز يولىغا راۋان بولدى. بوزيىگىت بىلەن كىمەن قىرىق كۈن زار سەرگەردان بولۇپ مۇلاتىيە شەھىرىگە كەلدى. شەھەرنىڭ چېتىدە يالغۇز يىگىتنىڭ ھۇجرىسى بار ئىدى. ئۇلار بۇ يىگىتنىڭ ئۆيىگە سالام بېرىپ كىردى. بۇ ئىككى مۇساپىر كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلدى. يالغۇز يىگىت ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇ ئىككى مۇساپىرنى ئاياپ - ئاسرىدى.

بوز يىگىت بىلەن كىمەن مۇلاتىيە شەھىرىدە بىر ئاي ھەيران بولۇپ يۈردى. ئۇلارنىڭ بۇ شەھەرگە كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمىدى.

ئەمدى گەپنى بوزيىگىت چۈشىدە كۆرگەن خۇش سۈرەت



قىزدىن ئاڭلايلى. بۇ قىز مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى ئىدى. بىر كۈنى كېنىزەكلەردىن بىرى: «مەن شەھەردە بىر خۇش سۈرەتلىك يىگىت كۆردۈم» دەپ، ساھىبجامالغا بايان قىلدى. قىز بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، قېشىدىكى قىرىق قىزغا قاراپ بىر نەزم ئوقۇدى:

يورغا ئاتتەك يۈرۈشلۈك،
خانزادىدەك تۇرۇشلۇق.
كۆرگەن چۈشىنىڭ توغرىسى،
بۈگۈن كەلگەن بولمىسۇن؟
ئارقىدىن تېز بېرىڭلار،
بىزدىن خەۋەر بېرىڭلار.
مېھرىبانىم بوپ قالسا،
كۆڭۈلگە تېز ئېلىنسۇن.
قالقىنى بار بېشىدا،
يولدىشى بار قېشىدا.
قىزىلگۈلنىڭ بۇلبۇلى،
ھازىر كەلگەن بولمىسۇن؟
گۈللۈك دوپپا بېشىدا،
ھەمراھى بار قېشىدا.
قايغۇ ئاقار يېشىدا،
يار ئىزدىگەن بولمىسۇن؟
كۈنچىقىشتىن كەلگەندۇ،
يورغا ئاتقا مىنگەندۇ؟
ئاتا - ئانىدىن ئايرىلىپ،
بىزنى ئىزدەپ يۈرمىسۇن؟
پىدا قىلغان جېنىنى،

قۇربان قىلغان مېلىنى.
گۈزەللىكنىڭ سۇلتانى،
بوز يىگىتىم بولمىسۇن؟
بېرىپ يۈزىن كۆرۈڭلار،
قەيەرلىك دەپ سوراڭلار.
ئەدەپ بىلەن تۇرۇڭلار،
بىزدىن خەۋەر سورىسا،
بىللە ئېلىپ كېلىڭلار.
ئۇندىن خەۋەر بەرگەنگە،
سۆيۈنچە دەپ كەلگەنگە،
ئالتۇن ئۈزۈك، گۆھەر تاش،
سۆيۈنچىگە بېرەيمەن.
قىرىق قىزنىڭ ئىچىدە،
ئۇنى ياخشى كۆرەرمەن.
خەۋەر ئېلىڭ، دوستلىرىم!

قىرىق قىز شەھەرگە چىقىپ بوز يىگىتنى قىرىق كۈن ئىزدىدى. ھېچ دېرىكىنى قىلالمىدى...

ئەلقىسسە، بوزيىگىت بىر كۈنى سەھەردە تۇرۇپ، ھەقتا-ئالاغا مۇناجات قىلىپ يىغلىدى، قاقشىدى، كۈن كەچ بولۇپ ئۇيقۇسى كېلىپ يېتىپ قالدى، چۈشىدە بىر ئاپئاق ساقاللىق كىشىنى كۆردى. ئۇ كىشى:

— ئەي بىچارە ئاشىق، بۇ شەھەردىن چىقما! سۆيگىنىڭنى تاپارسەن، — دېدى. بوزيىگىت ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، كېچىسى كۆرگەن چۈشىنى دوستى كىمەنگە بايان قىلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

بۇگۇن بىر چۈش كۆردۈمەن،
يار يۈزىنى كۆردۈمەن.
قانات كېرىپ ئۇچۇپمەن،
ئېگىز تاغقا قوندۇمەن.
بۇگۇن كۆرگەن چۈشۈمدە،
بولدى ماڭا بېشارەت.
كوچىلاردىن ئىزدەيلى،
مېھرىبانىنى داۋامەت.
ئۇچۇم بولۇپ ئۇچايلى،
كۆك يۈزىنى قۇچايلى.
تۇرۇپ يەنە بۇ شەدە،
بىرقۇر ئىزدەپ كۆرەيلى.
ئىزدىسەكلا بولىدۇ،
شۇ يارىمنى تاپقىلى.

دەپ چۈشىنى كىمەنگە ئېيتىپ، ئىككىسى ئەتىدىن تاكى كەچ كىرگۈچە شەھەر ئىچىدە سەرگەردان بولۇپ يۈردى. بۇ كۈنى ساھىبجامال قىرىق قىز بىلەن بىللە شەھەر ئىچىدىن بوز يىگىتنى ئىزدەپ يۈرەتتى. تاكى كۆز باغلانغۇچە تاپالماي، ھەسرەت بىلەن سارىيىغا قايتتى. بۇ چاغدا بوزيىگىت بىلەن كىمەن ساراي ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى. بىراق ھەسرەتكە مۇپتىلا بولغان قىزلار كۆرمەستىن سارايغا كىرىپ كەتتى. بوز يىگىت سارايىنىڭ سىرتىدا قالدى. ساھىبجامال سارايغا كىرىپ زار - زار يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

يەتتە يىلدەك بولدۇم زار،
مەن يولۇڭغا ئىنتىزار،

جىنىڭ جانغا قوشۇلۇپ،
بىر يۈرەر كۈن بولارمۇ؟
يارىم بىلەن يولۇقۇپ،
تەڭ يۈرەر كۈن بولارمۇ؟
يۈرەكتىكى ئەلەمدىن،
ئۈزۈلەر كۈن بولارمۇ؟
كۆڭۈلدىكى قايغۇدىن،
قۇتۇلار كۈن بولارمۇ؟
باراي دېگەن ۋەدەڭ بار،
ۋەدەڭ راستمۇ، يالغانمۇ؟
شۇنچە ساقلاپ كەلمىدىڭ،
يا باشقا يار ئالدىڭمۇ؟
ئاللا قوشقان يار ئىدىڭ،
ماڭا ۋاپا قىلمىدىڭ.
يەتتە يىلدىن بېرى ھېچ،
مىدىر - سىدىر قىلمىدىڭ!

ئەلقىسسە، بوزيىگىت سارايىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئاڭلىدى. ساھىبجامال بۇنى بىلمىدى. بوز يىگىت ئورنىدا تۇرۇپ بىر خۇش ئاۋاز بىلەن بىر نەزم ئوقۇدى:

سېنى بۇندا ياراتتى،
مېنى ئۇندا ياراتتى.
سېنى ماڭا قاراتتى،
مېنى ساڭا قاراتتى.
زار يىغلاپ يۈرسۇن دەپ،
ئاراغا دەريا تاراتتى.

مېھرىبانىم قايدىسەن؟ !
ئارىدا باردۇر دەريا،
تۆت يىل يۈردۈم چۆل ئارا،
چاڭقاپ قەترە سۇ تاپماي،
ھەيران بولۇپ يۈردۈم مەن.
كۆپ ھەسرەتنى چەكتىم مەن،
تاپان كەتتى ئويۇلۇپ،
قول تېرىسى سويۇلۇپ.
زار ـ سەرگەردان يۈردۈممەن،
نە ئاتامنى كۆرمىدىم،
نە ئانامنى كۆرمىدىم.
ھېچكىم بىلەن يۈرمىدىم،
سېنى ئىزدەپ يۈردۈممەن،
سېنى كۆرەر كۈن بولسا،
جېنىم قۇربان قىلارمەن.
نېمە بولسام بولارمەن،
مەن بىر مېھمان كېلۈرمەن.
چۈشتە يۈزۈڭ كۆرگەنمەن،
ھەيران بولۇپ يۈرگەنمەن.
زەپىراندەك سولغانمەن،
ئۈچ يىل تۇتقۇن بولغانمەن.
نېمە بولسام بولغانمەن،
رەھىم قىلساڭ بولاتتى.
تاغۇ تاشتىن ئۆتۈپمەن،
بۇ شەھەرگە كەلدىممەن.
يۈزۈڭ كۆرەر كۈن بولسا،

بارلىقىمدىن كېچەرمەن.
سېنى ئىزدەپ چىققانمەن،
قانات ياساپ ئۇچقانمەن.
جاننى قۇربان قىلغانمەن،
رەھىم قىلساڭ بولاتتى.
ئېتىم مېنىڭ بوز يىگىت،
قېشىمدىدۇر دوست يىگىت.
چىن ـ ھەقىقىي يار بولساڭ،
ئۆيگە كىرسەم كىرەتتى.
جېنىم سۆيگەن جېنىمنىڭ،
يۈزىنى كۆرسەم بولاتتى.

ئۆي ئىچىدىكى قىزلار بوز يىگىتنىڭ بۇ خۇش نەزمىسىنى ئىشىتكەندىن كېيىن، سارايدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ ئۇنىڭغا تە ـ



زىم بەجا كەلتۈردى، ئاندىن تەكلىپ قىلىپ سارايغا ئەكىردى. بوزيىگىت ساھىبجامال بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. قىزلار: «بۇ ئىككىسىنىڭ مۇرادى ھاسىل بولدى» دەپ ئۈنچە - مارجانلار چاچتى، خەير - سەدىقە بەردى. قىزلار يەنە تالاغا چىقىپ، كىمەننى «بوزيىگىتنىڭ دوستى» دەپ ھۆرمەت قىلىپ، تەكلىپ بىلەن سارايغا ئەكىردى. قىرىق قىز چۇرقىرىشىپ:

— بۈگۈنكى كۈن راھەت كۈندۇر، ئىككىڭلار ئىجازەت بەرسەڭلار، يار - يار ئېيتساق، — دېيىشتى. ساھىبجامال بىلەن بوزيىگىت:

— خوپ، بولغاي، — دېدى. قىزلار يار - يار ئېيتىشتى:

ئەلھەمدۇ سۈرە قۇرئاننىڭ باشىدادۇر، يار - يار،
پەيغەمبەرلەر ئاللانىڭ قاشىدادۇر، يار - يار.

بىرىڭ مەرۋايىت، بىرىڭ ئۈنچە تىزىلىپسىز، يار - يار،
بىرىڭ گۆھەر، بىرىڭ ياقۇت قوشۇلۇپسىز، يار - يار.

بىرىڭ خاندۇر، بىرىڭ خانىش قوشۇلۇپسىز، يار - يار،
بىرىڭ بۈلبۈل، بىرىڭ تۇتى يار بولۇپسىز، يار - يار.

بىرىڭ ئالتۇن، بىرىڭ كۈمۈش قوش بولۇپسىز، يار - يار،
بىرىڭ مۇشك، بىرىڭ ئەنبەر خوش بولۇپسىز، يار - يار.

بىرىڭ كۈندۇر، بىرىڭ ئاي قوشۇلساڭلار، يار - يار،
زامان ئاخىر بولماغۇنچە ئايرىلماڭلار، يار - يار.

بىرىڭ ھۆردۇر، بىرىڭ نۇردۇر بىر تۇرساڭلار، يار - يار،
زامان ئاخىر بولماغۇنچە ئايرىلماڭلار، يار - يار.

سىز شاھزادە، بىز خىزمەتكار ماشائاللا، يار - يار،
بىرىڭ ھەدە، بىرىڭ ئاكا ئىنشائاللا، يار - يار.

تىرىككە دۇنيا يارىشۇر كۆپ مال بىلەن، يار - يار،
يارى يوقنىڭ جانى يوق ئۆيى بىلەن، يار - يار.

ئەلقىسسە: قىزلارنىڭ ئىچىدە سارايغا قارايدىغان بىر كېنىزەك قىز بار ئىدى. ئۇ كېنىزەك قىز تۆھمەتچى ئىدى. ئۇ كۆرگەنلىرىنى شۇ بويىچە ئەمەس، بىرگە توققۇزنى قېتىپ ئون قىلىپ خانغا خەۋەر بەردى، ئۇلارنى كۆپتۈرۈپ چاقتى.

خان قالتىس غەزەپلەندى. خان: «تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرگەن سەرگەردان بىلەنمۇ يار بولغان بارمۇ؟ بۇ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق!» دەپ، ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە لاۋۇ لەشكەرلىرىنى يىغدى. خان ئۇلارنى باشلاپ بېرىپ، ساھىبجامال تۇرغان سارايىنى سىرتتىن ئورىۋالدى. خان ساھىبجامالغا:

— بەك ئۇيات ئىش قىلدىڭ، يىغلىپ ئىزىپ يۈرگەن كىشى بىلەن يولداش بولماق بولۇپ خالايىق ئىچىدە مېنى بەتنامغا قويۇپ، رەسۋا قىلدىڭ، بۇ شەھەر ئۇلۇغدۇر، بۇنىڭدىن باشقا شەھەرلەردە نى - نى شاھزادە ئوغلانلار بار ئىدىغۇ؟! — دېدى، ئاندىن جاللاتلارغا ساھىبجامال تۇرغان سارايغا بىرۇخسەت كىرگەن يىگىتنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە پەرمان بەردى. خان ساھىبجامال قىزىنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا ئۇ باشقا گەپ قىلمىدى.

ئەمما، بوزيىگىت ئۆچىسىدىكى ساۋۇتنى يەشمىگەنىدى، ئۇنىڭ قىلدىن توقۇلغان بىر چومپەردىسى بار ئىدى. بۇ چومپەردىنى تارتىۋالسا، بوز يىگىتنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەيتتى. بوزيىگىت بۇ چومپەردىنى تارتىۋالغانىدى. خاننىڭ پەرما-



ندىن كېيىن سەككىز جاللات قىلىچ كۆتۈرۈپ، ساراي ئىچىد-
گە يوپۇرۇلۇپ بېسىپ كىردى. كىمەن سارايدىن چىقىپ قاچ-
تى. بوزيىگىت سارايغا كىرگەن جاللاتلارنى ئۆلتۈردى. كۆپچى-
لىكنىڭ ھىمايىسىدە سارايىنىڭ ئارقىسىغا چىقتى، ئالدىنى
توسقانلارنى بىردىن - بىردىن ئۇجۇقتۇردى، ئاندىن ئىتىغا
مىنىپ يولغا راۋان بولدى. ئارقىدىن بىر يۈز يىگىرمە سەك-
كىز لەشكەر قوغلاپ چىقتى. بوزيىگىت ئۇلارنى بىر - بىرلەپ
ئۆلتۈرۈپ قۇتۇلدى. شۇنىڭدىن بۇيان بوزيىگىت كۈندۈزى
سەھرادا يۈردى، كېچىسى ئاشىقى بىلەن تېپىشىپ تۇر-
دى. كېيىن بوزيىگىتنىڭ كېچىدە سارايغا كېلىپ يۈرگىنى
بىلىنىپ قالدى، ئاندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە ئاشىقى بىلەن
كۆرۈشەلمىدى. كىمەن كۈندە شەھەرگە كىرىپ ساھىبجامال
بىلەن خەۋەرلىشىپ تۇردى. چۈنكى ئۇنى ھېچكىم تونۇمايتتى.

ئەلقىسسە، ساھىبجامالنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرۇش ئۇچۇن ئېيتتى:

— ئەي قىزىم، نە ھال بولدى؟ سەن نېمىشقا ئۆزۈڭنى قەدىرسىز قىلىپ، بىزنى بۇنداق ئۇياتلىق ئىشقا دۇچار قىلىسەن؟ ساڭا نەچچە شاھزادىلەر ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، بىز سېنى شۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزۈڭ خالىغان بىرىگە بەرسەك ! سەن بىر ئېزىپ يۈرگەننى دەپ ئازمىغىن. بۇنداق قىلساڭ ئۇيات ئۈستىگە ئۇيات بولىدۇ.

قىز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا بىر نەزم ئوقۇدى:

پاك بولۇپتۇ قۇلاقىم،
ئېيتقان سۆزۈڭ ئۇقماسمەن.
دۇنيا خەلقىن كەلتۈرسەڭ،
ھېچبىرىگە باقماسمەن.

ئەقلىم باشتىن كەتكەنكەن،
سىزدىن ئەقىل ئالماسمەن.
مەندىن باشقا قىز تېپىپ،
دېگىنىڭچە قىلدۇرسەن.

يۈرتتىن كىشى يىغدۇرۇپ،
سۆيگىنىگە بېرۇرسەن.
بوز يىگىتىم بولمىسا،
ھېچكىم يۈزىنى كۆرمەسمەن.
ئەگەر يۈزىنى كۆرمىسەم،
تىرىكلىكتە يۈرمەسمەن.

ئەلقىسسە، ساھىبجامالنىڭ ئاتا ـ ئانىسى:

— جادۇگەر يىگىت قىزىمىزنى ئازدۇرغان ئوخشايدۇ، ئۇ-نى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، — دەپ ۋەزىر - ۋۇزرالارنى يىغىپ كې-ڭەشتى. باتۇرلارنى يىغىپ، ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرمەكچى بول-دى. شۇ چاغدا يىغىلغان باتۇرلار:

— يالغۇز ئۆزى بىر يۈز يىگىرمە سەككىز كىشىنى ئۆل-تۈردى. زىيادە كۈچلۈك يىگىت ئىكەن، — دېيىشتى. بۇ مەسلىھەت بىلەن پادىشاھ يالغۇز يىگىتكە قارشى ئون بەش مىڭ لەشكەر يىغدى.

ئەلقىسسە، بوزيىگىت سەھرادا يۈرەتتى. خاننىڭ ئەلپازى-نىڭ يامانلىقىنى بىلىپ، بىر نامە پۈتۈپ جان دوستى كىمەز-نى تامماسخانغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى:

## پۈتۈكنامە

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاھىجاھان، سۇلتانى ئەزىم، سالامەت تۇرغايسىز. ئىلتىماسىم شۇدۇركى، مەن پېقىر سىزنىڭ قىزىڭىزغا ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن با ئەمر ئاشىق بولۇپتۇرمەن. مەدەت سىزدىن ھەم بىزدىن، بۇ دۇنيادا پايدا يوقتۇر، خۇدانىڭ تەقدىرىنى پەرمان ۋە سەلتەنە-تىڭىزدىن مۇقەددەس بىلىپ، ئەرزىمنى رەت قىلماي، قوبۇل ئەتسىڭىز.

— كەمىنە بوزيىگىت ئابدۇللاخان ئوغلى

كىمەن شەھەرگە كىرىپ، بۇ نامەنى تامماسخانغا تەزىم بىلەن سۇندى. تامماسخان نامەنى ئوقۇپ كۆرۈپ:

— بۇ بىر ئۇچۇن ئەڭ قاتتىق خورلۇق ! — دەپ خەتنى

تىتما ـ تىتما قىلىپ يىرتىپ تاشلىدى، ئاندىن كىمەنگە قاراپ، — ئۆلتۈرۈڭلار، بۇ بىر زالىم ئىكەن ! — دەپ بۇيرۇدى.

خاننىڭ يېنىدا بىر ھۆرمەتلىك ۋەزىر بار ئىدى. ۋەزىر خانغا قاراپ:

— ئەي جانابىي شاھىم، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، ئۇنى ئۆلتۈرمىسەك، ئەمما بىئەدەپ بوزيىگىتنى شەھەرگە كىرگۈزمىسەك، — دېۋىدى، تاماشىخان ۋەزىرنىڭ سۆزىنى خوپ كۆردى. شەھەرنىڭ ئەتراپىغا قاراۋۇللارنى قويىدى.

ئەلقىسسە، بوزيىگىت تاماشىخاننى مېنىڭ ئەسلىي زاتىمنى سېلىپ ئەۋەتكەن نامەمنى قوبۇل قىلىۋر دەپ ئىشىنىپ، ئېتىغا مىنىپ، كىمەن قاچان چىقار دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتاتتى. بوزيىگىت شەھەرنىڭ چېتىگە كەلگەندە، كۈن كەچ بولدى. كىمەن شەھەردىن چىقىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى قاراۋۇللار بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇش تۈن تەڭ بولغۇچە داۋاملاشتى. كىمەن يارىلاندى. ئۇلار بىر پىنھان جايغا كېلىۋالدى. بوزيىگىت بىلەن كىمەن ئىككى يۈز سەكسەن ئۈچ لەشكەرنى ئۆلتۈردى. خان بۇنىڭغا ھەيران بولدى.

ئەلقىسسە، كىمەن شەھەرگە كىرىپ، ساھىبجامال بىلەن ئارىلاپ ئۇچرىشىپ يۈرەتتى، بۇنى شەھەر خەلقى بىلەتتى.

خان ئەمر قىلدى:

— بوزيىگىت بەك باتۇر كۆرۈندۇ، بىزنىڭ قانچىلىغان باھادىرلىرىمىزنى ئۆلتۈردى. ئۇنى ئۇرۇش ـ سوقۇش بىلەن ئۆلتۈرۈپ بولماس، ھىيلە بىلەن ئۆلتۈرەيلى، — دەپ شەھەر خەلقىگە توي قىلماقچى بولغانلىقىنى جاكارلىدى.

جاكارچى شەھەر كوچىلىرىغا چىقىپ:

«بارچە ئۇلۇغ ـ ئۇششاقلار، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، خان قىزىنى بوزيىگىتكە بېرىدىغان بولدى. ئەتە توي، تويغا تەييار

تۇرۇڭلار » دەپ جاكارلىدى. ئەتىسى داقا ـ دۇمباق، ناغرا، كاناي ـ سۇناي چېلىندى. بوزا ـ شاراب كەلتۈرۈلدى، خاس مەجلىسخانا هازىرلاندى. تامماسخان كېلىپ:

ـــ بىز قىزىمىزنى بوزيىگىتكە قوبۇل كۆردۇق، كۈيئوغۇل ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس. ۋەدىمىز ۋەدە، ـــ دەپ، بوزيىگىتنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ توينى باشلاشقا ئىجازەت بەردى.

قىزنىڭ ئانىسى قىز تۇرغان سارايغا بېرىپ:

ـــ ئەي قىزىم، ئەمدى سېنى سۆيگىنىڭگە بېرىمىز، بىزگە ئۇنىڭدىن ئارتۇق كۈيئوغۇل تېپىلماس، ـــ دېدى. سا-هىبجامال ئانىسىنىڭ سۆزىدىن ئىشەنچ هاسىل قىلدى. «ئەمدى مۇرادىم هاسىل بولىدىغان بولدى» دەپ خۇرسەن بولۇپ، چې-چىنى تىزىق ـ تىزىق ئۈنچە ـ مارجان بىلەن ئۆرۈپ تارىدى، بوزيىگىتنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلاندى.

بوزيىگىت يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا شۇئان ئۇزۇلدۇرمەي بوزا ۋە شاراب ئىچۈردى. ئانچە ئۆتمەي بوز يىگىت مەست بو-



لۇپ قالدى. ئەمما، بوزيىگىتنىڭ جان دوستى كىمەن خۇشال-
لىقىدا خاس مەجلىسخانىنىڭ سىرتىدا يۈرەتتى. ئۇ ئۆيگە كى-
رىپ كۆردىكى، بوزيىگىت مەست بولۇپ قالغان، دۈشمەنلەر
قىلىچ - خەنجەرلىرىنى يوشۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان.
كىمەن بۇ تويىنىڭ توي ئەمەس، بوزيىگىتنى قولغا چۈشۈرۈش
ئۈچۈن قىلىنغان قەست ئىكەنلىكىنى بىلدى. كىمەن ئالدىراپ
چىقىپ خان قىزى ساھىبجامالنىڭ قېشىغا كىردى. بۇ چاغدا
ساھىبجامال خۇشاللىقىدىن چېچىنى تاراپ، قىرىق قىز بىلەن
شادىمان ئويناۋاتاتتى، كىمەن ساھىبجامالنىڭ يېنىغا كىرىپ
مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

خان توينى كۆردۈمەن،
خان ئويىنى بىلدىمەن.
خاننىڭ يۈزى سوغۇقتۇر،
خىياللىرى بۇزۇقتۇر.
قىلىچ، خەنجەر قولىدا،
قىلىچلىرى قىنىدا.
قوراللىرى ئالدىدا،
خۇشال بولۇپ مارىشىپ،
دۈشمەن يۈرەر دالىدا.
ئاللا مەدەت قىلمىسا،
ئۆيگە دۈشمەن تولغاندۇر.
كۆپ ئىچىدە يالغۇزغا،
دۈشمەن ماراپ تۇرغاندۇر.
بولۇپ ئاگا ئارا جان،
ئارا جان ھەم قادىر جان.
غېرىبنى ئەسكە ئالمىساڭ،

بۇ ئۆيۈڭدە چىقار جان.
بىكاردىنلا ئاقار قان،
سەن ۋەدەڭنى ئويلىساڭ،
بوزيىگىتكە يار بولساڭ.
بوزيىگىتكە كەڭ قۇچاق،
دۇشمەنلەرگە تار بولساڭ.
يارىڭ ئۇچۇن بارىڭنى،
تەندە تاتلىق جانىڭنى،
قۇربان قىلساڭ كېرەكتى.
كۆپ دۇشمەننىڭ ئىچىدە،
ئايرىۋالار يارى يوق.
سۆيمەن دەپ تەلپۈنسە،
قايرىۋالار يارى يوق.
چىن يارىم دەپ سىز ئۇچۇن،
ئۆز بېشىنى بېرەر ئۇ.
يار ۋىسالى يولىدا،
نېمە قىلسا تەييار ئۇ.
غېرىب بېشى كېسىلسە،
سىز ئۇچۇنلا كېسىلەر.
يالغۇز جېنى ئۈزۈلسە،
سىز ئۇچۇنلا ئۈزۈلەر،
هال - ئەھۋالى بۇ ئىدى،
شاھنىڭ يالغۇز ئوغلىدى.
مىڭلاپ - مىڭلاپ ئەسكەرلەر،
بوزيىگىتنىڭ قولىدى.
دۇنيا - مۈلكى بار ئىدى،
پەقەت سىزگە زار ئىدى.

خۇدا سىزگە بۇيرۇغان،
قوش مېغىزدەك يار ئىدى.
يالغۇز يۈرگەن غېرىبىنىڭ،
ھېچكىم ھالىن سورىماس.
نە ئىلاج قىلالىسۇن،
دامغا چۈشكەن ئاشۇ ياش.
ھالال سۆيگەن يار بولساڭ،
قىلىچ باشنى كەسمەي بار.
ئۆتكۈر دۈشمەن نەيزىسى،
كۆكرىكىمنى تېشەر بار.
قولىدا قىلىچ، تىغى يوق،
مىنىپ قاچار ئېتى يوق.
بىلىپ يېتەر كىشى يوق،
بۇنى بىلمەك كېرەكتى.
كۆپ دۈشمەننىڭ ئىچىدە،
بويۇن سۇنۇپ ياتقاندۇر.
بويۇن سۇنغان يىگىتنىڭ،
بولار كۈنى بولغاندۇر.
سەۋەب سەندىن بولمىسا،
ئۆلەر كۈنى بولغاندۇر.

ساھىبجامال كىمەندىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن تونىنىڭ بىر يېڭىنى سېپىپ، يەنە بىر يېڭىنى سېپىشقا ئۈلگۈرمەي مەجلىسكە يېتىپ كەلدى. كۆردىكىم، بوزيىگىتنىڭ ھالى خاراب، كۆزىنى ئاچارغا دەرمان يوق ئىدى، جامائەت ئورنىدىن تۇرۇپ ساھىبجامالغا ئورۇن بەردى، ساھىبجامال زار - زار يىغلاپ، ئاتىسى ۋە جامائەتكە قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

سالام بەردۇق، ئاتىلار،
قۇتلۇق بولسۇن تويىڭىز.
كۆپ خەلقنى يىغىپسىز،
دۇرۇس بولسۇن ئويىڭىز.
ئاللا ئۇچۇن توي بولسا،
قوي - قوزىنى سويۇڭلار.
يەپ تويۇڭلار، غېرىبنى
ئازاد قىلىپ قويۇڭلار.
ئادىل پادىشاھ توي قىلسا،
ئاللا ئۇچۇن ئوي قىلسا.
ئاشىق - مەشۇق يارەنلەرنى،
خۇشال قىلىپ قويۇڭلار.
بۇزۇق بولسا ئويۇڭلار،
يالغان بولسا تويۇڭلار.
ئازاد قىلىپ تۇتقۇننى،
مېنى ئاۋۋال سويۇڭلار.
ئۆلۈم كېرەك دېسىڭىز،
ئادەم گۆشى يېسىڭىز.
ئۇ دەردمەننى قۇتقۇزۇپ،
مېنى سويغىن ئاتىمىز.
مەن يىغلايمەن، تىلەيمەن،
ئاتام بىلەن ئانامدىن.
خان يېنىدا ئولتۇرغان،
قازى بىلەن ئاكامدىن.
ئېنىق سۆزۈم كۇتسەڭلار،
سورىغاننى بەرسەڭلار.



مەسلىھەتىم، جان ئاتا،
ماڭا دىلدىن كۆيسەڭلار.
بۇ مۇساپىر يىگىتنى،
ئازاد قىل دەپ تىلەيمەن.
تەقدىم قىلىپ جېنىمنى
ھۆرمىتىڭدە بولارمەن.
ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان،
قاناتىدىن قايرىلغان.
مەست بوپ تۇرغان يىگىتنى،
ئازاد قىلىش كېرەكتى.
قۇتۇلۇشقا زارلارنى،
ئازاد قىلىڭ، ياخشىلار.
سوقۇم كېرەك بوپ قالسا،
ئادەم سويۇپ يۇرمەڭلار.
تۇتقۇنلارنى قۇتقۇزۇپ،
مال سويۇڭ، ياخشىلار.
بۇنداق ياخشى كۇنلەردە،
كىشى سويۇپ توي قىلماڭ!
كۆرۈپ، ئاڭلاپ باقمىغان،
مۇنداق يامان ئوي قىلماڭ.
كۆپ ئىچىدە بىر ئۆزى،
قەست ئۇستىدە بۇ غېرىب.
ئۆز تۇپىدىن ئايرىلغان،
يالغۇز غازدەك بۇ غېرىب.
ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلغان،
كۆزى قانلىق بۇ غېرىب.

ئېلىپ كەلگەن يولدىشى،
قېشىدا يوق، بۇ غېرىب.
ئىچ سىرىنى ئېيتىشقا،
سىردىشى يوق بۇ غېرىب.
ھەقتائالا ئەمرىدە
كىملەر يارلىق بولمىدى؟
توپ ئىچىدىن ئايرىلسا،
كىملەر زارلاپ قالمىدى؟
مەن يىغلايمەن، تىلەيمەن،
ئاتا بىلەن ئانىدىن.
خان قېشىدا ئولتۇرغان،
ئىنى بىلەن ئاكىدىن.
ئېيتقان سۆزگە كۆنسىڭىز،
سورىغىنىم بەرسىڭىز،
كېڭەش قىلىڭ ياخشىلار،
سۆزۈم قوبۇل كۆرسىڭىز.
سوراپ كۆرەي، ئەي ئاتا،
جان قەدرىنى بىلەمسەن؟
مېھمان بولۇپ بىر كەلگەن،
خان قەدرىنى بىلەمسەن؟
بۇ ئېلىڭنى يۇرت قىلسا،
سېنى تەختتىن ئايرىماس.
يۇرتىمىزنىڭ بەگلىرى،
بۇلبۇلنى باغدىن ئايرىماس.
سەرگەردان بىر غېرىبنى،
ھالىن بىلمەي بولامدۇ؟

كۆپ ياشىغان ئاتىلار،
ئىنى بىلەن ئاكىلار،
كېتەش قىلىپ چاپسانراق،
تېپىڭ ياخشى ئامالنى !

ئەلقىسسە، يىغىلغان جامائەت خاننىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ تىك تۇردى. خان ئېغىز ئېچىپ قويمىدى. ساھىبجامال يىغىلىشمۇ قوبۇل كۆرمىدى. ساھىبجامال بىتاقەت بولۇپ، جامائەتكە بىر - ئىككى لەۋزە نەزم ئوقۇدى:

شەپقىتى يوق خانلارنىڭ،
گالۋاڭ بولغان كۈنىكەن.
شۇل ئەقىلسىز خانلارنىڭ،
سوقۇر بولغان كۈنىكەن.
ئەقىلسىزغا سۆز قىلساڭ،
كۆكرىكىگە قونمايدۇ.
رەھىمسىزگە سۆز قىلساڭ،
نە قىلساڭمۇ بولمايدۇ.
كۈنۈڭ مۈشكۈلۈق بولغاندا،
رەھىمسىزگە يولۇقۇپ،
دۈشمەن قامال قىلغاندا،
يۆلەكسىز قال بوغۇلۇپ.

ساھىبجامال بۇ نەزمنى ئوقۇپ يەنە زار - زار يىغلىدى، ئەمما ھېچقايسىسى ئىچ ئاغرىتىپ جاۋاب بەرمىدى. بۇ چاغدا بوزيىگىتنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا دەرمان قالماي، يىقىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇنى كۆرگەن ساھىبجامال، تۇرالماستىن بوز

يىگىتكە يېقىن كېلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

شاھ تويىنى بوپتۇ دەپ،
خۇشال بولماق ئويۇنغا.
شەيتان كىرىپ قوينۇڭغا،
قىلىچ تېگەر بوينۇڭغا.
ئەي بوزيىگىت، مەست يىگىت،
كۆپ ئىچىدە ئاز يىگىت،
جان چىقارغا ئاز قالدى،
ئەقلىڭنى يىغ، مەست يىگىت.
ئاتام ئىكەن تاش يۈرەك،
ماڭا نەزەر سالمىدى.
تاپالمىدىم ھېچ ئىلاج،
تەندە دەرمان قالمىدى.
ئەي مەست يىگىت، كۆزۈڭ ئاچ،
سەكرەپ تۇرۇپ ئىشىك ئاچ.
ئاللا قوشقان يار ئىدىڭ،
قىلىچ چاپماي، ئۇرۇپ قاچ.

ئەلقىسسە، قىلىچ يوشۇرۇپ يۈرگەن جاللاتلار بوزيىگىتنى شۇ يەردە يىغىلىپ ئولتۇرغان جامائەت ۋە ساھىبجامالنىڭ كۆزىچە ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى. ساھىبجامال چىقىپ كەتمىدى. شۇ چاغدا بوزيىگىتنىڭ جان دوستى كىمەن مەجلىسنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزنى ئاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ خان قىزى ساھىبجامالنىڭ سۆزىنى قوبۇل ئەتمىگەنلىكىنى ئۇقتى. ئاندىن مەجلىسكە كىرىپ كۆردىكىم، بوز يىگىتنىڭ ھالى بەك خاراب. كىمەن چىدىيالماي قالدى، ئۇنىڭ ئىچىدە قايغۇ ياذ-

دى. ئۇ خانغا ۋە جامائەتكە بىر نەزم ئوقۇدى:

مېلىڭىزنى ئالمىدى،
كۆڭلىڭىز ھېچ قالمىدى.
بالىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ،
خاتۇنىڭىز ئالمىدى.
ئاتىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ،
ئانىڭىزنى ئالمىدى.
نەيزە، پىچاق ھەم پالتا،
بىركىمگە ھەم سالمىدى.
ئاتىڭىزنى ئۆلتۈرگەن،
دۈشمىنىڭىز بۇ ئەمەس.

كىمەن ئاندىن بوز يىگىتنىڭ قېشىغا كېلىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

زامان ئاخىر بولغۇچە،
ئېچىلماسمۇ كۆزىڭىز.
ياۋ - دۈشمەننىڭ ئالدىدا،
دېيىلمەسمۇ سۆزىڭىز.
خەۋىرى يوق خانلارنىڭ،
قارىغۇ بولغان كۈن ئىكەن.
ئەقلى پۈتۈن بۇ خاننىڭ،
ساراڭ بولغان كۈن ئىكەن.
زامان ئاخىر بولغۇچە،
ئېچىلماسمۇ كۆزىڭىز.
ياۋ - دۈشمىنىڭ كەلگەندە،

ئېيتىلماسمۇ سۆزىڭىز.
كۆنلەر مۇنداق بولغاندا،
رەھىمسىزگە دۇچ كەلدۇق.
ساڭا ھەمراھ كەلگەنمەن،
ئاتا - ئاناڭ كۆرگەنمەن.
سەن ئەلدىكى ۋاقىتدا،
دائىم بىرگە يۈرگەنمەن.
سەن ئېلىڭدە خان ئىدىڭ،
ھەربىر ئىشقا ماس ئىدىڭ.
يولۋاس ئىدىڭ، ۋاي ئىسىت،
قۇتۇلمىقىڭ گۇماندۇر.
يانغان ئوتقا چۈشتۈڭسەن،
ئۆچۈرمىكىڭ قاچاندۇر؟
سەن ئۆيۈڭدە خان ئىدىڭ،
ئەقلى تولغان جان ئىدىڭ.
يېتىم - يېسىر، غېرىبقا،
چەكسىز مېھرىبان ئىدىڭ.
باشقۇراتتىڭ ئېلىڭنى،
چىقماس تورغا چۈشۈپسەن.
تىلەپ بولماس دۈشمەندىن،
بىر خورلۇققا قېلىپسەن.
بۇلبۇل ئىدىڭ يېرىڭدە،
بولماس يەرگە قونۇپسەن.
قارچىغىدەك بەك يالغۇز،
قېلىن تورغا چۈشۈپسەن.
ئۇ ئەمرىڭدە بولمىغاچ،



بەك خورلۇققا كىرىپسەن.
قوشكېزەكتەك ھەر جايدا،
بىللە يۈرگەن بىز ئىدۇق.
بىر سائەتمۇ ئايرىلماس،
بىللە يۈرگەن بىز ئىدۇق.
ئامان بولغىن جان دوستۇم،
ئەمدى نەدىن كۆرگەيمەن؟
بۇرۇن بىزلەر بىر ئىدۇق،
ئەمدى قانداق يۈرگەيمەن؟

ئەلقىسە، كىمەن چىديالماي زار - زار يىغلاپ تالاغا چىقتى. ئۇ: «نە بولسام بولاي» دەپ، سىرتتا باغلاق تۇرغان ئاتلارنىڭ بېشىدىن نوختا - يۈگەنلىرىنى ئالدى، ئېگەرنىڭ مىنەر تەرىپىدىكى ئۈزەڭگىسىنى قىيىپ تاشلىدى، ئىككى ياخشى ئاتنى ئېگەر - توقۇم بىلەن تاللاپ خالىيراق بىر جايغا باغلاپ قويدى. ساھىبجامال مەجلىستىن چىقماي، بوز يىگىتكە قاراپ تۇردى. خان قىزنى زىيادە ياخشى كۆرەتتى، ئەمما قىزنىڭ سۆزىنى قوبۇل كۆرمىدى. خاننىڭ قەستى — بوزيىگىتنى مەست ۋاقتىدا ئۆلتۈرۈش ئىدى، بىراق جامائەت ھەم قىزنىڭ كۆزىچە ئۆلتۈرۈشكە پېتىنالمىدى. بىر چاغدا بوزيىگىت ھوشىغا كەلدى، بىر كاسە سوغۇق سۇ ئىچىپ كۆزىنى ئاچتى. شۇ ئەسنادا ساھىبجامال بوزيىگىتكە ئىشكىنى ئىما قىلىپ: «ئەي بوزيىگىت، قاچ !» دېدى. بوزيىگىت سەكرەپ تۇرۇپ ئىشىكتىن چىقتى، جان دوستى كىمەن ئېگەرلىك ئاتنى تەخلەپ تۇرغانىكەن، ئاتنى مىنىپ راۋان بولدى.

خان ئالاقزادە بولۇپ: «بوزيىگىتنى قوغلاپ تۇتۇڭلار! » دەپ يارلىق چۈشۈردى. خاننىڭ لەشكەرلىرى ئاتلىرىنى مىنـ-

مەككە سىرتقا يۈگۈرۈشتى، بىراق ئاتلارنىڭ يۈگەنلىرى ئې-
لىنغان، ئۆزەڭگە باغلىرى قىيىلغانىدى. شۇڭا، ئاتقا مىنەلمەي
يىقىلىپ، بىرنەچچىسى ھالاك بولدى. ئاخىر بەش يۈز كىشى
ئاتقا مىنىپ بوز يىگىتنى قوغلاپ يەتتى. ئۇرۇش - سوقۇش
بولدى. بوزيىگىت ئۈچ يۈز كىشىنى جېنىدىن جۇدا قىلدى،
ئۆزى ئېغىر يارىلاندى. كىمەن شەھەرگە قېچىپ كىردى. قال-
غان ئىككى يۈز لەشكەر ئارقىسىغا قاراپ قۇيرۇقىنى تىكتۈەتتى.

ئەمدى گەپنى خانزادىدىن ئاڭلايلى:

خان ساھىبجامالنى بېرىمەن دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپ، ۋەدى-
لىشىپ يۈرگەن بىر خانزادە بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى زەيتۇن
ئىدى. زەيتۇن ئىككى يۈز كىشىنى باشلاپ، بوزيىگىتنىڭ
ئارقىسىدىن قوغلاپ چىقتى. زەيتۇن باتۇر ھەم خوپ دانا يى-
گىت ئىدى.



بوزيگىت قېچىپ كېتىۋېتىپ، بىر چوڭ تاشقا قارىتىپ ئوقيا ئاتتى. ئۇنىڭ ئوقى تاشقا يېرىمىغىچە پاتتى. بۇنى كۆرگەن زەيتۇنمۇ ھەم شۇ تاشقا قارىتىپ ئوق ئاتتى. ئۇنىڭ ئوقىمۇ تاشقا يېرىمىغىچە پاتتى. بۇنى كۆرگەن زەيتۇن ئويلىدىكى، بوزيگىت مەندىن ئېشىپ چۈشمەيدىكەن، مەن بىلەن باراۋەر ئىكەن، مەن بوزيگىتنى چوقۇم پالاكەتكە گىرىپتار قىلىمەن، دەپ توختىماستىن قوغلاۋەردى. بوز يىگىت يەنە بىر تاشقا ئوق ئاتتى، ئوق تاشقا تولۇق پاتتى. زەيتۇن ھەم بىر ئوق ئاتتى. ئوق ئاۋۋالقىدەك تاشقا يېرىمىغىچە پاتتى. زەيتۇن خىيال قىلدى: «بوزيگىت مەندىن كۈچلۈك ئىكەن، ئۇ مېنى ھەم مېنىڭ ئىككى يۈز لەشكىرىمنى ئېلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ، مەن رەسۋا بولۇپ شەھەرگە نېچۈك كىرگەيمەن؟» دەپ مۇلاتىيە شەھىرىگە قايتتى. زەيتۇننىڭ قورقۇپ قايتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى پادشاھ بىلىپ قالدى. ئۇ: «زەيتۇن ئىككىنچىلەپ مۇشۇنداق قىلسا، ھېچ رەھىم قىلماي ئۆلتۈردۈمەن» دېدى.

ئەلقىسسە، بوزيگىت ئىككى كۈن تۈردى، ئاندىن دەرمانى ئۈزۈلۈپ يەرگە يىقىلدى، تېنىدە يەتمىش ئىككى يەردە يارا بار ئىدى، يارا ئىنتايىن قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. بوزيگىت يىقىلغان يەر بىر كاتتا باغ ئىدى. بىراق ئادەم بالىسى ئاياغ باسمىغانىكەن. يولدا يىلان — چايانلار كۆپ ئىكەن. بوزيگىت جېنىدىن نائۈمىد بولۇپ قاراپ تۇرسا، بىر قارلىغاچ بالىسىغا دان ئەكېلىپ بەردى. بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى غەم — غۇسسىلەر قوزغىلىپ، ئاتا — ئانىسى، يۇرتى، جان دوستى كىمەن ۋە ساھىبجامالغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقى ئېسىگە كېلىشكە باشلىدى. ئاندىن ئۇ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

قارلىغاچ قارلىغاچقا يەم بېرىدۇ،
قېرىنداش قېرىنداشقا دەم بېرىدۇ.
يالغۇزلۇق ئەسىر قىلدى، مۇڭلۇق يېشىم،
بۇ ھالدا يۈرگىنىمنى كىم بىلىدۇ؟
قىينالغىنىم بىلەرمىكىن مېنىڭ ئاتام،
زارلانسامۇ ئىشتمەيدۇ جېنىم ئانام.
غېرىبلىققا گىرىپتاردۇر يالغۇز بېشىم،
ئەھۋالىمنى سورارغا يوقتۇر ھېچ كىشىم.
كۆڭلىرىم نە قىسمەتتە ئۆتۈپ تۇرار،
ھېچ كىشىم يوق، زارلانسامۇ ھالىم سورار.
ئۆز جېنىدەك ئاسرىغان ئاتام ـ ئانام،
سىزلەرنى بىر كۆرەرگە بارمۇ ئىمكان؟
ياغاچنىڭ بېشىنى كەسسە، تۈۋى قالار،
ئىككىسىنىڭ بىرى ئۆلسە، بىرى قالار.
يالغۇزنىڭ ئۆزى ئۆلسە نېمە قالار؟
بارى يوق شۇ دۇنيارىمنى قاراقچى ئالار.
ئېيتاي دېسەم بۇ ئەلدە سۆزۈم ئۆتمەس،
كەتتى ھالىم، يۈرەي دېسەم دەرمان يەتمەس.
قۇتۇلالماس بىر زېمىنگە چۈشتى بېشىم،
يوق بولدىغۇ بۇ يېنىمدا جان يولدىشىم.
ئەسكە چۈشتى تۇغۇلغان يەر، ئاتا ـ ئانام،
تۆكۈلمەكتە قان ئارىلاش كۆزدىن يېشىم.

*　　*

توزان باستى تېنىمنى،
تۇپراق باستى يولۇمنى.

قايغۇ باستى كۆڭلۈمنى،
ئېچىلار كۈن بولارمۇ؟
بېشىمغا كۈن چۈشكەندە،
مېنىڭ دوستۇم كېلەرمۇ؟
ئەسكە ئېلىپ يادلىسام،
ھالىمنى ئۇ بىلەرمۇ؟
نۇر چاقنىغان كۆزۈڭنى،
بىر كۆرەر كۈن بولارمۇ؟
بۇرۇنقىدەك بىرلىشىپ،
خۇش كۈلەر كۈن بولارمۇ؟
ئارقامدىكى دۈشمەندىن،
قۇتۇلار كۈن بولارمۇ؟
بۇ قايغۇلۇق كۈنلەرنى،
ئۇنتۇلار كۈن بولارمۇ؟
ئىزدەي دېسەم دەرمان يوق،
سېنى نەدىن تاپارمەن؟
بىللە ئۆلسەم ئارمان يوق،
ئاھ، قەيەردىن تاپارمەن؟
يالغۇز غېرىب بولدۇم مەن،
دوست كۆرەر كۈن بولارمۇ؟
ساھىبجامال يارىمغا،
قوشۇلار كۈن بولارمۇ؟
غېرىبلىقتىن قۇتۇلۇپ،
شاد يۈرەر كۈن بولارمۇ؟
غەلىبەمدىن دۈشمەنلەر،
مات بولار كۈن بولارمۇ؟

بۇ ھەسرەتلىك كۈنلەرنى،
ئۇنتۇلار كۈن بولارمۇ؟
بۇرۇنقىدەك قوشۇلۇپ،
بىر بولار كۈن بولارمۇ؟

شۇنىڭدىن سوڭرە، بوزيىگىت ئاللاتائالاغا سىغىنىپ مۇنداق مۇناجات ئوقۇدى:

مەن ئويلايمەن: جىنىم مۇنداق قالارمۇ دەپ،
مۇڭلۇق بېشىم مۇشۇ يەردە ياتارمۇ دەپ.
تۇغۇلغان كىم ئۆلمەيدۇ، كىم قالىدۇ؟
غېمىم شۇكى، تەن كېپەنسىز قالارمۇ دەپ.
ئەي خۇدايا، تەقدىرىڭدىن ئامالىم يوق،
يار دېمىسەم، ھېچ قايانغا بارارىم يوق.
كۆڭلۈم ئايان مۇشۇ يەرلەر مۇڭ بولىدۇ،
كېپەن ئوراپ گۆر ئىچىگە قويارىم يوق.
ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى يارىتىپسەن،
ھەممىگىلا ماكان بېرىپ تارىتىپسەن.
كۆكرىكى قان، كۆزى ياشلىق بۇ خەلقىڭنى،
نېچۇك غېرىب، زار سەرگەردان يارىتىپسەن.
ئەي خۇدايا، ئەمرىڭدىن ھېچ قالغانىم يوق،
بويۇن تولغاپ قاچارغا ھېچ مادارىم يوق.
ئەي خۇدايا، تەقدىرىڭگە ھېچ تەدبىرىم يوق،
ماڭا بېقىپ كەلسە ئۆلۈم ئامالىم يوق.
تاش ئىچىدە قۇرتلارغا يەم بېرىسەن،
بۇ يەردىكى دەردمەنلەرگە ئەم بېرىسەن.

ئەي خۇدايا، مەن تىلەيمەن سېنىڭدىن،
نېچۈك ھاجىتىمنى كەم بېرىسەن؟
سەندىن ئۆزگە بىر كىمىڭگە يىغلارىم يوق،
ھالىم نېچۈك بولارىمنى بىلەرىم يوق.
ماڭا رەھىم ئەيلىگىن سەن، قادىر ئاللا،
سەندىن ئۆزگە ھېچكىمىڭدىن تىلەرىم يوق.

ئەلقىسسە، خۇدايتائالا بوز يىگىتنىڭ مۇناجىتىنى قوبۇل قىلدى. بوزيىگىت بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋىدى، يەنە بىر باغ كۆرۈندى. بوزيىگىت شۇئان ئۇل باغقا باردى. كۆردىكىم، باغ ئىچىدە تۇرلۇك - تۇمەن قۇشلار سايراپ تۇرۇپتۇ، خىلمۇخىل گۈللەر ئېچىلىپ تۇرۇپتۇ، مېۋىلەر پىشىپ تۇۋىگە چۈشۈپ تۇرۇپتۇ. بوز يىگىت ھەر خىل مېۋىلەرنى يەپ تويدى، باغدا ئارام ئالدى.



بوزيگىت بىر توشقان تۇتتى. ئۇ توشقاننى يارىلاپ قـوي-
رۇقىغا يىپ باغلىدى، يىپنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قو-
يۇپ بەردى. يارىلانغان توشقان ئۇدۇل بېرىپ بىر خىل گى-
ياھنى يېدى. توشقاننىڭ يارىسى شۇ زامانلا سەللىمازا ساقى-
يىپ كەتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن بوزيگىت ئويلىدىكىم: بۇ
توشقان خۇدايىتائالا ياراتقان مەخلۇق، بىز ھەم مەخلۇق. توش-
قانغا خۇدايىتائالا شىپالىق بەردى. مەن ھەم شۇ گىياھنى يەپ
باقاي، دەپ توشقان يېگەن گىياھنى يېدى. بوز يىگىتنىڭ يا-
رىلىرى ھەم سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى.

بوزيگىت بۇ باغدا مېۋە - چېۋىلەرنى يەپ ئون بەش
كۈن تۇردى، قۇۋۋەتكە تولدى، ئاندىن خۇداغا تەۋەككۇل قى-
لىپ، يەنە مۇلاتىيە شەھىرىگە كىردى. بوزيگىتنىڭ كىمەن
بىلەن ئۇچرىشىدىغان بىر جايى بار ئىدى. ئۇلار دائىم مۇشۇ
جايدا كۆرۈشەتتى. بۇ قېتىم ئىككى جان دوست يەنە مۇشۇ
جايدا كۆرۈشتى. بىر - بىرىنىڭ ساق - سالامەت ئىكەنلىكى-
نى كۆرۈپ خۇرسەن بولۇشتى. كىمەن بوزيگىتكە ئېيتتى:

— مەن ساھىبجامال بىلەن دىدارلىشىپ تۇردۇم، ئۇ مەرگەن
بوزيگىت بۇ شەھەرگە كەلسە، ئۇنى شەھەرنىڭ خالىيراق جاي-
دىكى بىر بوۋاينىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇڭ، دېگەنىدى. مەن سې-
نى شۇ بوۋاينىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويسام قانداق دەيسەن؟

بوزيگىت ماقۇل بولدى. ئىككى دوست بوۋاينىڭ ئۆيىگە
باردى. بوۋاي بوزيگىتنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ بەك
خۇرسەن بولدى. بوۋاي يوشۇرۇن كېلىپ ساھىبجامالغا خۇش
خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن خۇش خەۋەرلىك سورىدى. سا-
ھىبجامال ئۇنىڭغا بىر ئالتۇن ياقىلىق تون سوۋغا قىلدى.
شۇنىڭدىن كېيىن ساھىبجامال يوشۇرۇن كېلىپ، بوزيگىت
بىلەن دىدارلاشتى. قاچماقچى بولۇپ ۋەدىلەشتى. بوۋاي بوزيگ-

گىتنى كۈندۈزى چوڭ ساندۇقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ يۈردى. ساھىبجامالنىڭ بۇ بوۋاينىڭ ئۆيىگە كېلىپ - كېتىپ يۈر-گەنلىكىنى پايلاپ يۈرگەن دۈشمەنلەر خانغا مەلۇم قىلدى. خان شۇئان بوۋاينى چاقىرىپ:

— مېنىڭ قىزىم سېنىڭ ئۆيۈڭگە نېمە ئۈچۈن بارىدۇ؟ يوشۇرماي ئېيت! — دېدى. بوۋاي ئېيتمىدى.

خان يەنە:

— ئەگەرچەندە بوز يىگىتنى ماڭا تۇتۇپ بەرسەڭ، ساڭا كاتتا ئابرۇي - ئاتاق بېرىپ، بۇ شەھەردىكى قېرى - چۆرد-لەرگە باش قىلىپ قويىمەن. ھەر يىلى مىنەرىڭگە ئات، خەر-جىڭگە ئالتۇن - كۈمۈش، دۇنيا بېرىمەن. سېنى ھەر نەرسى-دىن، موھتاجلىقتىن نېرى قىلىمەن، — دېدى. بوۋاي خاننىڭ سۆزىگە ئىشەندى، خۇرسەن بولدى، خاندىن ئىجازەت ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى.

ئەلقىسسە، بوۋاي ئۆيىگە كېلىپ، بوزيىگىتكە تۇيدۇرماي ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسى بېرىپ ئۇنى بىھوش قىلىپ قوي-دى، ئاندىن ئالدىراش بېرىپ خانغا مەلۇم قىلدى. دۈشمەنلەر كېلىپ، بىھوش ياتقان بوز يىگىتنىڭ پۇت - قولىغا تۆمۈر زەنجىر سېلىپ ئاپىرىپ زىندانغا بەند قىلدى. بۇنىڭدىن سا-ھىبجامال بىخەۋەر ئىدى. ساھىبجامال كېلىپ بوۋايدىن بوز-يىگىتنى سورىدى. بوۋاي:

— بوزيىگىتنىڭ دۈشمەنلىرى ئىزدەپ كەلگەنىكەن، قې-چىپ كەتتى، قايان كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، — دېدى. سا-ھىبجامال تولىمۇ غەمكىن بولدى. بوۋايغا:

— يىگىت كەلسە، سۆزۈڭ راست بولمىسا، ئۇ چاغدا مەن سېنى ئەڭ قاتتىق ئازابقا گىرىپتار قىلىمەن، — دەپ ئەس-كەرتىپ، ئۇنى زىندانغا تاشلىدى.

ئەلقىسسە: بوزيىگىتنى تۇتۇپ زىندانغا بەند قىلغانلار خانغا خەۋەر بەردى. خان ئەمر قىلدى:

— ئەته بازارغا ئاچىقىپ، دارغا ئېسىپ قەتل قىلىڭلار! دۇشمىنىمىزدىن قۇتۇلغانلىق شەرىپىگە چوڭ توي قىلىڭلار! قىزىمىزنى بېرىدىغانغا ۋەدىلىشىپ قويغان يىگىت بار. ئۇنىڭ ھەم تويى بولسۇن، ئىككى تويىنى بىرگە ئۆتكۈزۈڭلار!

ئەلقىسسە، بوزيىگىت ھوشىغا كەلدى، قارىسا قاراڭغۇ زىندان ئىچىدە ياتقۇدەك. كۆردىكىم، پۇت - قولى تۆمۈر زەنجىردە مەھكەم باغلانغان. بوزيىگىت نېرى - بېرى مىدىرلاپ باقتى، بولمىدى، بۇنىڭغا بىرلا ئاللانىڭ ئۆزى مەدەت بەرمىسە، بەندىلەرنىڭ چارىسى يوق ئىدى. بوزيىگىتنىڭ بۇ ھالىدىن خەۋەرسىز قالغان كىمەن شەھەر كوچىلىرىنى كېزىپ ئۇنى ئىزدەپ يۈرەتتى، ئايلىنىپ بازار ئىچىگە كەلدى. ئۇ كۆردىكى، جان دوستى بوزيىگىتنىڭ پۇت - قولى تۆمۈر زەنجىر بىلەن باغلانغان. بوزيىگىتنىڭ ئالدىدا ئۆلۈم تۇراتتى. كىمەن زار - زار يىغلاپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى بار ئىدى. شاھزادىلەرنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىرگە يۈكلەنگەنمىش. ئۇ كەلمىگۈچە ئۆلتۈرۈلمەيدىكەن. بۇ پۇرسەتتە بوزيىگىت زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ، دوستى كىمەنگە بىر نەزم ئوقۇدى:

ئەي جان دوستۇم، يېقىن كەل،
سۆزۈم ساڭا ئېيتايىن.
ئەجەل كەلدى باشىمغا،
ئاللا ئەمرى نېتەيىن.
سەندىن باشقا دوستۇم يوق،
سىرىم كىمگە ئېيتايىن؟

قارچىغىنىڭ قانتى،
سۇندى بىزلەر بىلمەيىن.
هالۇئەھۋال سورىشىپ،
ئايرىلار كۈن بولۇپتۇر.
ئەي جان دوستۇم، سىردىشىم،
ئەجەل ماڭا يېتىپتۇر.
قارچىغىنىڭ قاناتى،
قايرىلار كۈن بولۇپتۇ.
چىراغدىن پەرۋانە،
ئايرىلار كۈن بولۇپتۇ.
ماڭا بىردەم بېقىپ تۇر،
ئەمدى سېنى كۆرمەك يوق.
ئەمدى بىللە ھەر جايدا



ئويناپ، بىللە كۆلمەك يوق.
بۆرۆنقىدەك دوست بولۇپ،
خۇشال ـ خۇرام يۈرمەك يوق.
مۇڭلۇق بولغان ئاتامغا،
زار ـ زار بولغان ئانامغا،
يالغۇز ئوغلۇڭ سالام دەپ،
يەتكۈز جانىجانىمغا.
دىدارىمغا تويمىغان،
يالغۇزۇم دەپ قويمىغان.
مۇڭلۇق قالغان ئانامغا،
سالامىمنى قىل بايان.
ئانا پاك تۇغماق بار،
ئاللا ئەمرىنى بىلمەك بار.
ئەجەل يەتسە بەندىگە،
بۇ دۇنيادىن كەتمەك بار.
قاناتىدىن قايرىلغان،
يالغۇزىدىن ئايرىلغان،
قايغۇسى كۆپ ئاتامغا،
سەۋر قىل دەپ ئېيتقايسەن.
كىمنى بالام دېگەي ئۇل،
مەن ئېسىگە كەلگەندە؟
يانغان ئوتتەك كۆيگەي ئۇل!
كۆيگىنىنى كۆرگەندە،
سەۋر قىلغىل دېگەيسەن.
بېشىمدىكى دوپپامنى،
شۇ ئاتامغا ئېلىپ بار.

قولۇمدىكى ئۈزۈكنى،
ئانامغا قىل يادىكار.
ئۆز قولۇڭدا بەرگەيسەن،
كۆڭلىن ئېلىپ يۈرگەيسەن.
كىيسە دوپپام يىرتمىسۇن،
يالغۇز ئوغلۇم كېلەر دەپ،
ئاتام مېنى كۈتمىسۇن !
دوستۇم مېنى ئۇنتۇماي،
دائىم ئەسكە ئالغايسەن.
مۇڭلۇق ئاتام كۆرگەندە،
ئۇنىڭ كۆڭلىن ئالغايسەن.
يالغۇزۇم دەپ يىغلىسا،
كۆڭلىن ئېلىپ يۈرگەيسەن.
مەگەر ئىشقا بۇيرۇسا،
سەنمۇ مەندەك قىلغايسەن.
ئەي جان دوستۇم، جان دوستۇم،
مېنىڭ ئۈچۈن يۈرۈپسەن،
كۆپ رەنجىمنى كۆرۈپسەن،
ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلىپ،
مېنى دەپلا يۈردۈڭسەن،
ياش ۋاقتىڭدا بىر بولۇپ،
بۈگۈن جۇدا بولدۇڭسەن.
يالغۇزمۇ ئۆتەر دۇنيادىن،
يامانمۇ ئۆتەر دۇنيادىن،
خارمۇ ئۆتەر دۇنيادىن،
زارمۇ ئۆتەر دۇنيادىن.

بۇ ئالەم بىر ئۆتەڭدۇر،
شاھمۇ ئۆتەر دۇنيادىن.
شاھ ئاتىدىن تەخت قالار،
دۆلەتمەندىن بەخت قالار.
يالغۇز پانىي دۇنيادا،
پاك مۇھەببەت ساقلىنار.
سەن يۇرتۇڭغا بارغاندا،
ئاتا - ئاناڭ كۆرگەيسەن.
بارساڭ كىشى كۆرگەيلەر،
قاشىڭ كېلىپ تۇرغايلەر.
يىغىلغان كۆپ جامائەت،
بىزدىن خەۋەر بىلگەيلەر.
كۆزى كۆرگەن يۇرتداشلار،
بىللە تۇرغان سەپداشلار،
بىللە يۈرگەن مۇڭداشلار،
بىزنى ئەسكە ئالغايلەر.
بىزدىن مەھرۇم بولغانلار،
بىزنى دادلاپ سورىسا،
بىزدىن سالام دېگەيسەن.
بىزدىن رەنجىش ئالغانلار،
بىزدىن كۆڭلى قالغانلار،
بىزدىن جەبىر كۆرگەنلەر،
كۆپ ئىچىدە بار بولسا،
رازى قىلىپ قويغايسەن.
بىزنىڭ ئۆيگە بارغايسەن،
ئاتا - ئانام كۆرگەيسەن.

جۇدالىقنى بىلىپمەن،
قىلچە قورقماي يۈرگەنمەن.
ساھىبجامال يار ئۈچۈن،
بويۇن سۇنۇپ يۈرگەنمەن.
ئەلپىراقۇ ئەلپىراق،
مېھرىبانىم، ئەلپىراق،
ئاخىرەت كۈن بولغۇچە،
ئويناپ – كۈلۈپ يۈرمەك يوق،
بۇ دۇنيادا تۇرماق يوق.

ئەلقىسسە، كىمەن بوزيىگىتنىڭ نەزمىسىنى ئاڭلاپ «ئاھ – ئۇھ» دەپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى، ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن بوزيىگىتكە قاراپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئەي بوزيىگىت، بوزيىگىت،
كىچىكلىكتىن دوست يىگىت.
ئايرىلۇر كۈن بولۇپتۇ،
نە چارە بار، دوست يىگىت.
ئەمدى ئۆلەر كۈن بولدى،
نە چارە بار، خۇش يىگىت.
ئەممىسەكمۇ بىر ئەمچەك
قوشكېزەكتەك ئۆسكەن بىز.
زامان ئاخىر بولسىمۇ،
ئايرىلمايمىز دېگەن بىز.
خەتەر كۈنگە يولۇقساق،
جان بېرەرمىز، دېگەن بىز.
ئۆلۈپ قالساق، بىز گۆردە

بىر ياتارمىز، دېگەن بىز.
خان ئاتاڭدىن ئايرىلغاچ،
پەرمان بېرەر يولمۇ يوق.
پەرمانبەردار بولۇشقا،
كۆپلەپ لەشكەر قولدا يوق.
بۇ ئاللانىڭ ئەمرىدۇر،
ئەمدى بىزدە چارە يوق.
يېتەلمىدۇق ئارمانغا،
جۇپ يۈرەككە تەگدى ئوق.
دۈشمەن رۇخسەت قىلمىدى،
ئىچىمگە دەرد سىغمىدى.
قىلىچ چۇشەر بېشىڭغا،
خەيرخاھلىق بولمىدى.
مەن ئۆيۈمگە يانغاندا،
نە تىل بىلەن سۆزلەرمەن؟
نە كۆز بىلەن كۆرەرمەن؟
نە دەپ جاۋاب بېرەرمەن؟
ئاتا بىلەن ئانىدىن،
كىمنى ئايرىماس بۇ ئۆلۈم؟
ئىنى بىلەن ئاغادىن،
كىمنى ئايرىماس بۇ ئۆلۈم؟
يارى بىلەن مالىدىن،
كىمنى ئايرىماس بۇ ئۆلۈم؟
ئەي جان دوستۇم، جان دوستۇم،
جانىم قۇربان قىلسامىمۇ،
كۆپ دۈشمەننىڭ ئىچىدە،

قوتۇلماس كۈن بولۇپتۇ.
كىمنى دوستۇم دېگەيمەن؟
كىملەر بىلەن يۈرگەيمەن؟
جانىم قۇربان جان دوستۇم،
قىيامەت كۈن بولغاندا،
سېنى شۇندا كۆرگەيمەن.

كىمەن نەزمىنى ئاخىرلاشتۇ-
رۇپ يەنە ھوشىدىن كەتتى...



بەگلەر ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالار يېتىپ كەلدى. خان بوزىيگىتنى چېپىشقا بۇيرۇدى. جاللات چاپتى، لېكىن قىلىچ ئۆتمىدى. بوزىيگىتنىڭ جېنى ئارتۇقچە قىينالدى. ئۇ جاللاتقا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ئەي بىرەھىم نائەھلىلەر، ئۆلتۈرسەڭلەر جاننى قىينىماي ئۆلتۈرۈڭلار ! تاپىنىمدا ئالتە پۇكلەنگەن ئالماس قىلىچىم بار، ئاشۇ قىلىچنى ئېلىپ چېپىڭلار ! — دېدى. جاللات شۇئان بوزىيگىتنىڭ تاپىنى ئاستىدىكى ئالتە پۇكلەنگەن ئالماس قىلىچنى ئالدى. بوزىيگىتنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇۋاتقان زەيتۇن:

— رەھىم قىلماي بوزىيگىتنى ئۆلتۈرگەن كىشىگە مىڭ دىنار ئالتۇن ھەدىيە قىلۇرمەن، — دېدى. بىر جاللات ئالماس قىلىچ بىلەن بوزىيگىتنى چاپقانىدى، بېشى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشتى.

ئەلقىسسە، بىر چاغدا كىمەن «ئۇھ» دەپ ھوشىغا كەلدى. ئۇ دوستى بوزىيگىتنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەسرەت ئىچىدە كۆزىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ھەي - ھەي دۇنيا، شۇم دۇنيا،
كىمگە ۋاپا قىلدىڭ سەن؟
ئىسكەندەردەك بىر شاھنى،
ئۆز قوينۇڭغا ئالدىڭ سەن.
ھەي - ھەي دۇنيا، شۇم دۇنيا،
كىمگە ۋاپا قىلدىڭ سەن؟
ئىسكەندەردەك شاھلاردىن،
ياش ئۆمۈرنى يۇلدۇڭ سەن.

پەخرى ئالەم مۇھەممەدنى،
قارا گۆرگە سالدىڭسەن.
ئېلىپ - ئېلىپ تويمىدىڭ،
بىزنى ئالماي قويمىدىڭ.
كىچە يۇرگەن جان دوستنى،
مەندىن ئايرىپ قالدىڭسەن.
رەھىم - شەپقەت سەندە يوق،
شۇنداق ئۇلۇغ زاتلارنى،
ئۆز قوينۇڭغا ئالدىڭسەن.

بوزيىگىتنىڭ بېشى ۋە يۈزىدە قىلدىن ياسالغان پەردىسى بار ئىدى، بۇنى جان دوستى كىمەنلا بىلەتتى، ئۇ نەزمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ بوزيىگىتنىڭ بېشىدىن قىل پەردىنى ئاستا ئالدى. پەردە ئېچىلىش بىلەن بىر نۇرانە چىراي پەيدا بولدى، بوز يىگىتنىڭ ھۆسنى ئېسىل ئۈنچە - مارجان، ئالتۇن ھەلدەك يالتىراپ تۇراتتى. رۇخسارنى كۆرگەن جامائەت ھەيران قالدى، بوزيىگىتنى ئۆلتۈرگەن جاللات پۇشايمان ئىچىدە ئۆكۈندى. زەيتۇن جاللاتلارغا:

— خەير، بولار ئىش بولدى. ئەمدى بۇنىڭغا غەم يېمەڭلار، دەرھال دارغا ئېسىڭلار، بۇنىڭ ئۆلگەنلىكى ھەممىگە ئايان بولسۇن، خاننىڭ ئەمرى مانا شۇنداق، — دېدى.

بوزيىگىتنىڭ جەستى باغلىنىپ دارغا ئېسىلدى.

يىغىلغان ئۇلۇغ - ئۇششاق جامائەت ۋە بوزيىگىتنى ئۆلتۈرگەن جاللات بوزيىگىتنىڭ ئايدىن زىيادە، كۈندىن نۇرلۇق جامالىنى كۆرۈپ: «ئۇنداق بولارنى بىلگەن بولساق، بوزيىگىتنى ئازاد قىلىپ ئۆزىمىزنى قۇربان قىلار ئىدۇق. ۋاي ئىسىت، ۋاي ئىسىت. خەيرىيەت، تەقدىرگە تەن بەرمەي نېمە

ئىلاج؟» دەپ پۇشايمان قىلىشتى.

ئول كېچە خان ئۆزىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن داقا ـ دۇمـ. باق، كاناي ـ سۇناي چالدۇرۇپ، تۇرلۇك ـ تۇمەن ئويۇن بىـ. لەن توي قىلدى.

ئەلقىسسە، بوزيىگىتنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن ساھىبجامال ھۇنۇز غاپىل ئىدى. ئۇ شەھەردە كوچمۇكوچا قاراپ بوزيىـ. گىتنى ئىزدەپ يۈرەتتى، ھېچ يەردىن ئىزدەپ تاپالماي، توي بولغان مەجلىسكە كەلدى. ساھىبجامال قىرىق قىز بىلەن بوزيىگىتنى جامائەتتىن سوراپ، بىر نەزم ئوقۇدى:

تۆگە كېلىپ بوزلايدۇ،
ئۇنىڭ بوتىسى بارمىكىن؟
بوتا كۆزلۈك بوزيىگىت،
بۇ ئويۇندا بارمىكىن؟
يىلقا كېلىپ كىشنىدى،
قۇلۇنچىقى بارمىكىن؟
قۇلۇن كۆزلۈك بوزيىگىت،
بۇ ئويۇندا بارمىكىن؟
قويلار كېلىپ مەرەيدۇ،
قوي قوزىسى بارمىكىن؟
قوزا كۆزلۈك بوزيىگىت،
بۇ ئويۇندا بارمىكىن؟
ئىنەك كېلىپ مۆرەيدۇ،
ئۇنىڭ موزىيى بارمىكىن؟
موزاي كۆزلۈك بوزيىگىت،
بۇ ئويۇندا بارمىكىن؟
قارلىغاچ كېلىپ سايرىدى،

جۇپتى ئۆنىڭ بارمىكىن؟
ئۇۋىسىغا بارمايدۇ،
كۆڭلى غېرىب، زارمىكىن؟
بۇلبۇل قۇشلار سايرىدى،
قىزىلگۇللەر بارمىكىن؟
چېھرى گۇلدەك بوزيىگىت،
بۇ ئويۇندا بارمىكىن؟

ئەلقىسسە، بۇ توي مەجلىسىدە بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ شاھنىڭ بوزيىگىتنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكىنى ماقۇل كۆرمەيتتى، بوزيىگىتكە ئىچى ئاغرىپ يىغلايتتى. ئۇ يىگىت سا-ھىبجامالنى تونۇپ بىر نەزمنى ئوقۇدى:

تۆگە كېلىپ بوز بولسا،
ئۆنىڭ بوتىسى يوق ئىكەن.
بوتا كۆزلۈك بوزيىگىت،
بۇ ئويۇندا يوق ئىكەن.
يىلقا كېلىپ كىشنىسە،
قۇلۇنچىقى يوق ئىكەن.
قۇلۇن كۆزلۈك بوزيىگىت،
بۇ ئويۇندا يوق ئىكەن.
ئىنەك كېلىپ مۆرىسە،
موزىيى ھەم يوق ئىكەن.
موزاي كۆزلۈك بوزيىگىت،
بۇ ئويۇندا يوق ئىكەن.
قويلار كېلىپ مەرىسە،
قوزىسى ھەم يوق ئىكەن.

قوزا كۆزلۈك بوزيگىت،
بۇ ئويۇندا يوق ئىكەن.
بۇلبۇل قۇشلار سايرىسا،
قىزىلگۈلى يوق ئىكەن.
قىزىلگۈلدەك بوزيگىت،
بۇ ئويۇندا يوق ئىكەن.
قارا ئورمان، قارىغايلىق،
كەلمەس يەرگە كەتكەن ئۇ.
ئۆمۈر بويى قوغلاپمۇ،
يەتمەس يەرگە كەتكەن ئۇ.
بوزلىغان تۆگە بوتىسىن،
بۆرە ئالغان ئوخشايدۇ.
بوز يىگىتنىڭ دۇنياسىن،
خەير ئالغان ئوخشايدۇ.
كەڭ دۇنيانىڭ دۆلىتى،
تۇل قالغانغا ئوخشايدۇ.

ساھىبجامال بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن بوزيىگىتنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدى، ئاندىن پەرياد بىلەن ئاتىسى تامماسخاننىڭ يېنىغا كېلىپ، ياشلىرىنى باھار يامغۇرىدەك تۆكۈپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئۆز باغرىڭنى رەنجىتىپ،
دۈشمىنىڭگە يېقىپسەن.
ئاتقا مىنىپ چىقىپسەن،
دۈشمىنىڭنى يىغىپسەن.
ساڭا دۇنيا قالدى كەڭ،

ئۆلمەس خەۋەر ئۇقۇپسەن.
ئاتا، بىر كۈن يىغلارسەن،
كۆپ پۇشايمان قىلارسەن.
ئىش ئۆتكەندە پايدا يوق،
يوپۇرماقتەك سۇنارسەن.
ئويلىغىنىڭ بىلدىم مەن،
ئويۈڭ سىنىڭ شۇ ئىكەن:
بوزىگىتنى ئۆلتۈرۈپ،
ئالتۇن تەختكە ئولتۇرۇپ،
مەيدان ئىچى تولدۇرۇپ،
زەيتۇنىڭنى كەلتۈرۈپ،
يۇرت ئىچىدە بويۈڭ بار،
سىنىڭ شۇنداق ئويۈڭ بار.
تۆمۈر ئالتۇن بولمايدۇ،
چۆيۈن كۈمۈش بولمايدۇ،
سىنىڭ سۆيگەن زەيتۇنىڭ،
بوزىگىتتەك بولمايدۇ.
بىر يامانىنى بوياپسەن،
ئىتنى ئۆيگە سولاپسەن.
سەن تاللىغان زەيتۇن،
ساڭا ئوغۇل بولمايدۇ.
بوزىگىتنىڭ سۆڭىكىن،
مىڭ زەيتۇنغا بەرمەسمەن.
بوزىگىتنىڭ قەبرىسىن،
ئالتۇن ئۆيگە بەرمەسمەن.
مىڭ زەيتۇننى كەلتۈرسەڭ،
بىرنى قوبۇل كۆرمەسمەن.

بوز يىگىتىم يوق بوپتۇ،
قىزىڭ بولۇپ يۈرمەسمەن.

ئەلقىسسە، تاماشخان قىزىنىڭ جانجىگىرىدىن تۆككەن زارىنى ئىشىتتى، قىزىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

يىغلىما، بالام، يىغلىما،
ئەل ئىچىدە ياخشى كۆپ.
كۆز يېشىڭنى ئاققۇزۇپ،
پەشلىرىڭنى قىلما چۆپ.
ئەل ئىچىنى ئارىلاپ،
تاللىۋالغىن بىرىنى خوپ.
نەدە ياخشى كۆرۈنسە،
سېنى ئاڭا بېرۈرمەن.
ئەلدىن - ئەلگە يۈرۈرمەن،



سەن سۆيگەننى تاپارمەن.
ئاستىمدىكى تەختىمنى،
قىزىم ساڭا بېرۇرمەن.
ئالتۇن ساراي ياسىتىپ،
خىزمەتكارلار قويۇرمەن.
بېشىمدىكى تاجىمنى،
قىزىم ساڭا بېرۇرمەن.
ئارغىماقىقا مىندۇرۇپ،
مىڭ كېنىزەك بېرۇرمەن.
مىڭ تۆگىگە يۈك ئارتىپ،
مىڭ كېنىزەك بېرۇرمەن.
دۇنيا ئىچى كەڭ، بالام،
كۆپتىن ياخشى تېپىلۇر.
شۇ تېپىلغان ياخشىغا،
ئاتاڭ تويۇڭنى قىلۇر.
مال ياخشىسى سېنىڭدۇر،
تون ياخشىسى سېنىڭدۇر.
ئەل ئىچىدە ياخشى كۆپ،
سۆيگىنىڭگە بېرۇرمەن.
دۇنيا يۈزى كەڭ، بالام،
ئىشەن ماڭا، جان بالام.
تېپىپ كېلىپ ياخشىنى،
سېنى ئاڭا بېرۇرمەن.
ياخشى مالنى ئالۇرسەن،
سۆيگىنىڭگە بارۇرسەن.
يېرىم قىلما كۆڭلۈڭنى،

ئۆز بەختىڭنى تاپارسەن.
بوزما، بالام، كۆڭلۈڭنى،
كۆپ خانلاردىن خەت كەلدى.
توتى قۇشتەك يىگىتلەر،
قىزىم سىنى دەپ كەلدى.
چاقىرىۋېلىپ تورغۇزۇپ،
يۈزىن ساڭا كۆرسىتىپ.
سىنى خوش ھال كۈلدۈرۈپ،
سۆيگىنىڭگە بىرۈرمەن.

ساھىبجامال ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، جاۋابەن مۇنداق نەزم ئوقۇدى:

قىزىڭ كۆڭلى قالغاندۇر،
ئالدىساڭمۇ بولمايدۇ.
يىگىتلەرنى چاقىرساڭ،
قىزىڭ قوبۇل كۆرمەيدۇ.
سۆڭەكلىرىم سۇندىغۇ،
سىلىغانغا بولمايدۇ.
يۈرىكىم كۆيۈپ پۈتتى،
سۇغا سىلىپ بولمايدۇ.
كۆڭۈل قۇشۇم ئۇچقاندا،
قون دىسەڭمۇ قونمايدۇ.
بىشىم يەرگە چۈشكەندە،
يىنىپ ئالارغا بولمايدۇ.
ئىچىم مۇزغا بىر توشۇپ،
يۈرىكىم تاش بولغاندۇر.

مىلك خىزمەتكار نە قىلاي؟
ئۇنداق كۇنلەر پۇتكەندۇر.
مىلك تۆگە يۇك نە قىلاي؟
كېنىزەك كۇنى ئۆتكەندۇر.
بېغىمىدىكى تاجىنى،
بېشىم كىيىپ نە قىلاي؟
ئالتۇن تەختىلك نە قىلاي؟
تەختتە تۇرار كىشىم يوق.
تۇلپارىڭنى نە قىلاي؟
سۆلەت بىلەن ئىشىم يوق.
مال ياخشىسى نە قىلاي؟
ئېلىپ كىيەر كىشىم يوق،
تون ياخشىسى نە قىلاي؟
ئەلدىن ـ ئەلگە ئارىلاپ،
تاپقان ياخشىلك نە قىلاي؟
تاپقىنىمنى ئۆلتۇردۇڭ،
زەيتۇنىڭنى نە قىلاي؟
ئالتۇن ساراي سالغۇچە،
يەردىن گەمە ياستاي.
سۆيگىنىم ـ يارىم بىلەن،
تا ئەبەد بىرگە ياتاي.
جان نىگارىم كەتكەچكە،
يانغان ئوتۇم ئۆچكەچكە.
تىرىك تۇرۇپ مىلك ئۆلۇپ،
سەۋرىم تامام پۇتكەچكە.
ئۆزگە جاننى نە قىلاي؟

بۇ جاھاننى نە قىلاي؟
ئەمدى تاپقان قىزىڭنى،
يۇرت - شەھەرنى ئارىلاپ،
ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەنگە،
ئۇزىتارسەن ئارزۇلاپ.

ئەلقىسسە، ساھىبجامال بۇ سۆزلەرنى ئاتىسىغا ئېيتتى، ئاندىن بىتاقەت بولۇپ يىغلاپ، ئاتىسىنىڭ سۆزىنى كۈتمەي دار ئالدىغا كەلدى. داردا تۇرغان بوزيىگىت ساھىبجامالنىڭ يۈزىگە پارقىراپ كۆرۈندى. قىز شۇئان بىھوش بولۇپ يىقىلدى. قىرىق كېنىزەك بوزيىگىتنى داردىن چۈشۈردى. ساھىبجامال ئەقلىنى جەم قىلىپ ھوشىغا كەلدى. ئۇ بوزيىگىتنىڭ بېشىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ «ھۇ» تارتىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئەزىز بېشىڭ، خان بېشىڭ،
كېسىلگەنگە ئوخشايدۇ.
ئالتۇن بېشىڭ گەۋدەڭدىن،
ئۈزۈلگەنگە ئوخشايدۇ.
باھاسى يوق تېنىڭدىن،
جان كەتكەنگە ئوخشايدۇ.
تېنىڭ ياتۇر بۇلغىنىپ،
ئاپئاق قولۇڭ باغلىنىپ،
كېپىنىڭ يوق، گۆرۈڭ يوق،
يەردە ياتار ئەرمىدىڭ؟
گۆھەر بېشىڭ، گۈل بېشىڭ،
نۇرلۇق يۈزۈڭ بۇلغىنىپ،

يۈرەكلىرىڭ داغلىنىپ،
قۇربان بولۇر ئەرمىدىڭ؟
يۇرتۇڭدا سەن خان ئىدىڭ،
ئەقلى توشقان جان ئىدىڭ.
دۈشمەنلىرىڭ ئالدىدا،
مۇنداق بولار ئەرمىدىڭ؟
نۇر چاقنىغان كۆزۈڭدىن،
قىزىلگۈلدەك يۈزۈڭدىن،
بالدىن تاتلىق سۆزۈڭدىن،
ئۆچۈپ قالار ئەرمىدىڭ؟
قانغا مىلەپ بېشىڭنى،
قۇمغا مىلەپ چېچىڭنى،
كۆزدىن ئاققان يېشىڭنى،
يەرگە چۈشۈرەر ئەرمىدىڭ؟
گۆھەر بېشىڭ دومىلاپ،
ئالتۇن تېنىڭ يۇمىلاپ،
جاللاتلارغا خار بولۇپ،
دارغا ئېسىلار ئەرمىدىڭ؟
قاپقارادۇر كۆزلىرىڭ،
قىزىلگۈلدەك يۈزلىرىڭ،
شېرىن - شېكەر سۆزلىرىڭ،
بىر كۆرەرگە زار بولدۇم.
ئېيتسام سۆزۈم پۈتمەيدۇ،
قايغۇ ئەستىن كەتمەيدۇ.
ئۇزاق يەرگە كېتىپسەن،
چىللىسامۇ كەلمەيسەن.

ئۆز يولۇڭغا چۈشۈپسەن،
زارلىسامۇ بىلمەيسەن.
سەن دۇنيادىن ئۆتۈپسەن
ھەم ئالدىمدا كېتىپسەن.
كېتەرمەن ھەم ئارقاڭدىن،
بۇ دۇنيانى نە قىلاي؟
كۈن - تۈن يىغلاپ يۈرگۈچە،
بۇ ھەسرەتنى كۆرگۈچە،
قايغۇلۇق كەتمەس ئۆلگۈچە،
سېنى قوغلاپ يېتەرمەن.

ئەلقىسسە، ساھىبجامال مۇسىبەت قىلىپ ئالتۇن سارايغا كەلدى. بوزيىگىتكە بىھوش دورىسى بېرىپ خانغا تۇتۇپ بەرگەن قېرى زىنداندا ئىدى. ئۇنى شۇئان زىنداندىن ئالدۇرۇپ كېلىپ:

— ئەي يەر يۈزىنى قۇرۇتقان شۇم قېرى، مەن ساڭا كۆپ ياخشىلىق قىلغانىدىم. سەن مېنىڭ بوز يىگىتكە ئاشىقلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ، بوزيىگىتنى بەند قىلىپ خانغا خەۋەر بەرگۈچە، ماڭا خەۋەر بەرسەڭ بولمامدۇ؟ ھازىر سېنى قىيىن - قىستاقتا ئۆلتۈرۈپ، تېرەڭنى تاسمىدەك تىلىپ جازالايمەن، — دېدى. شۇ چاغدا قېرى قورقۇپ غالىلداپ تىترىدى، رەڭگى زەپىراندەك سارغىيىپ كەتتى. ئۇ:

— مەندىن بىر خاتا ئىش ئۆتۈپتۇ. ھەرنېمە قىلسىڭىز رازىمەن. جازالىسىڭىزمۇ ياكى ئەپۇ قىلسىڭىزمۇ مەيلى، — دەپ يىغلاپ تۇردى.

ئاندىن ساھىبجامال:

— خەيرىيەت، مەگەر مەن تىرىك بولۇپ، بۇ دۇنيادا ئەيش -

ئىشرەت بىلەن يۈرەر بولسام سېنى ئۆلتۈرەر ئىدىم. بەس، يارىمنىڭ ئارقىسىدىن كېتۈرمەن. شۇ ھالدا سېنىڭدەك بىر شۇمنى ئۆلتۈرۈپ پاك قولۇمنى بۇلغاپ گۇناھكار بولۇپ يۈرمەي، — دېدى. شۇم قېرى نەگىدۇر يوقالدى.

ئەلقىسسە، ساھىبجامال خىزمەتكارلارنى بۇيرۇپ، بوزيىگىتنىڭ قەبرىسىنى قازدۇردى، تۈرلۈك - تۈمەن نەقىشلەر بىلەن قەبرىنىڭ ئىچىنى بېزىدى. قەبرىنىڭ سىرتىغا قۇببە - گۈمبەز سالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئالتۇن - كۈمۈشتىن ئىشىك ياساتتى، ئىچىگە شامدانلارنى قويدۇردى. ساھىبجامالنىڭ ئاتىسى تاماسخان بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ، مۇلاتىيە شەھىرىدىكى ئەڭ كاتتا بىر يۈز قىرىق سەككىز ئۇستىنى چاقىردى. خان ئۇستىلارغا:

— قىزىم ھەرنېمە بۇيرۇسا قىلىڭلار، مېنىڭ خەزىنەمدىن پۇل كېرەك بولسا پۇل، ئالتۇن - كۈمۈش لازىم بولسا، ئالتۇن - كۈمۈش ئېلىڭلار. نە ھاجەت بولسا شۇنى ئېلىڭلار، قىزىمنىڭ كۆڭلى تىنسۇن، قىزىم ئۆلمىسۇن، — دەپ ئەمر قىلدى.



ئۇستىكارلار جەم بولۇپ قۇببىگاھقا باردى. بىنانىڭ ھەر يەرلىرىگە ئالتۇندىن تۇۋرۇك قويۇلۇپ، ئۇستى ئالتۇن بىلەن يېپىلىپ، سىرتىدىن شولا چېچىلىپ، گۈل - گىياھلار يەل- پۈنۈپ، بۇلبۇل ۋە تۇتى قۇشلار سايرىشىپ تۇراتتى. مۇلاتىيە شەھىرىدە مۇنداق بېزەلگەن بىنا يوق ئىدى. سىرتىدىن ھەر يېقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون ئۇن يېتىمى ئىدى. ساھىبجامال نە- ھايەت سۆرلۈك يۈردى. قۇببە پۈتكۈچە ھېچكىمگە نەزەر سال- مىدى، ھېچكىمدىن خەج - خىراج تىلىمىدى، ئۆزىنىڭ خىراجىتى بىلەن تۇرغۇزدى. مەزكۇر ئۇستىكارلار بۇ قۇببىنى بىر يۈز قىرىق يەتتە كۈندە (يەنە بىر رىۋايەتتە ئون بەش كۈندە) پۈتتۈردى. بۇ قۇببىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىچىدىن ئې- تىۋالسا، ھېچكىم كىرەلمەس دەرىجىدە بەكمۇ مەھكەم بولدى. قۇببىنى كۆرگەن كىشى گۈزەللىكىدىن ھەيران بولدى. بەزى- لەر سۇمباتلىق بوز يىگىتنى ئويلاپ يىغلىدى. قۇببە پۈتكەن- دىن سوڭرە ساھىبجامال بىرمۇنچە ئالتۇن - كۈمۈش، پۇل، مال - دۇنيالىرىنى خىزمەتكارلار، ئۇستىكارلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، ئۇلارنى رازى ۋە خۇرسەن قىلدى.

ئەلقىسسە، ساھىبجامال يەنە زار - زار يىغلاپ ئۆز سارد- يىغا كەلدى. كىمەن بۇ يەردە دىۋانە قىياپەتتە بېشىنى سېلىپ يىغلاپ يۈرەتتى. ئۇ: « ئاھ دەرىخ، ئاتام - ئانام كۆرمىگەن ئىشلارنى كۆردۇم» دەپ ياقىسىنى پارە - پارە قىلىپ يىرتىپ تاشلىدى. ساھىبجامال قىرىق قىزنى چاقىرىپ، ئۇلارغا قاراپ بىر نەزم ئوقۇدى:

يار - يار ئېيتقان يارلىرىم،
ئامان بولۇڭ، خوشلىرىم.

بىزگە كېتەر كۈن بولدى،
خوش، قەدىردان دوستلىرىم.
سىزدىن كېتەر كۈن بولدى،
ياخشى قېلىڭ، دوستلىرىم.
بۇزۇق دۇنيا، كۈن بولدى،
ئىچىم قارا خۇن بولدى.
ماڭا ئۆلەر كۈن بولدى،
خوش قېلىڭلار، دوستلىرىم.
ئەمدى بىزنى كۆرمەك يوق،
بىللە بولۇپ يۈرمەك يوق.
باقىي دۇنيا شۇ ئىكەن،
ئۆلگەنگە تىرىلمەك يوق.
بىزگە بارار كۈن بولدى،
سىزگە قالار كۈن بولدى.
يامان ـ ياخشى بىلمەسمەن،
رازى بولۇڭ، دوستلىرىم.
بىزدىن كۆڭلى قالغانلار،
رازى بولۇڭ، دوستلىرىم،
پاتىهە ئوقۇپ يۈرگەيسىز،
تۇرغانغا يار تېپىلۇر.
غېمىڭىز يوق، دوستلىرىم،
ئاغرىققا ئەم تېپىلۇر.
بۇرۇنقىدەك بولۇرسىز،
سىزلەرگە كۈن تېپىلۇر.
ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرگەيسىز،
تىلىگەنگە يەتكەيسىز.

بىزدىن دۇنيا ئۆتۈپتۇ،
ئاللا مەھرۇم قىلىپتۇ.
ئەمدى تىرىكلىك بولماستۇر،
ئەجەلدىن بىرى قالماستۇر.
مېنىڭ ئۈچۈن يىغلىماڭ،
مەندەك بىر قىز تېپىلۇر.
نە بولىدۇ ئۆلگەنلەر،
تىرىككە يار تېپىلۇر.
نە قىلسامۇ بولمىدى،
دۈشمەن ئۈنى قويمىدى.
كۆرمىگەنلەر بىلمەيدۇ،
چىن ھەقىقەت بولمىدى.
سىزگە باغلار تۇرۇپتۇ،
ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرگەيسىز.
بۇلبۇل بىلەن گۈل كۆرۈپ،
بىزنى ئەسكە ئالغايسىز.
يېشىڭىز ياش، دوستلىرىم،
ئېسەن بولۇڭ، دوستلىرىم،
ئامان بولۇڭ، دوستلىرىم.

ساھىبجامالنىڭ نەزمىسىنى ئاڭلىغان قىرىق قىز ئىچىدىن بىر قىز زار ـ زار يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

جاببار ئىگەم ئەۋۋەلى،
ئۆزىڭىزدىن تىلىدۇق.
ھاياتىمىز تايانچى،
مەلىكىدىن تىلىدۇق.

ئاۋۋال ھەقتىن تىلەيمەن،
ئاندىن ساڭا يىغلايمەن.
جانى - جانجان دوستۇم،
بىرئاز تىرىك يۈرگىنە !
كۆپ قىزلارنىڭ ئىچىگە،
قايتقىن جېنىم، قايتقىنە !
زارلاپ قېلىپ ئانىڭىز،
ھالىمىزغا يەتسىڭىز.
ئازراق ھايات تۇرسىڭىز،
بىللە ھايات تۇرسىڭىز.
يولداشلىرىڭ ئارقىڭدا،
ھەسرەت چېكىپ قالمىسۇن.
ئالتۇن بېزەك كەڭ ساراي،
يەردە قۇرۇق قالمىسۇن !
قىرىق قىزنىڭ قانىتى،
يەر يۈزىنىڭ سۆلىتى.
سولۇپ نابۇت بولمىسۇن،
بۇندىن ئۈمىد ئۈزمىگىن،
دۇكىنىڭنى بۇزمىغىن.
دۇكاندىكى بارلىقىڭ،
خانىۋەيران بولمىسۇن،
ئالتۇن - كۈمۈش، گۆھىرىڭ.
يات قولىدا قالمىسۇن،
مەرۋايىت، مارجان، گۆھىرىڭ،
ھەركىمگە ئولجا بولمىسۇن،

قايتقىن، جىنىم، قايتقىنە،
يەر يۈزىدە قالغىنە!
بىزلەر خۇشلۇق پەزلىگىدىن،
قايتقىنە، دوست، پەيلىگىدىن.
يولداشلىرىڭ قەبرەڭنى،
قۇچاقلاپمۇ قالمىسۇن.

ساھىبجامال جاۋاب تەرىقىسىدە يەنە بىر نەزم ئوقۇدى:

كەلسە ئەجەل خەۋىرى،
نە قىلساڭمۇ ياتمايدۇ.
قانچە ياشقا كىرسىمۇ،
گۆر ئىچىگە بارار ئۇ.



بۇ دۇنيانىڭ دۆلىتى،
ئۆز ئىچىدە قالمايدۇ.
بۇ دۇنيانىڭ دۆلىتى،
يەر يۈزىدە قالىدۇ.
ئىلكىدىكى دۆلىتىڭ،
كىمگە ئولجا بولىدۇ؟ !
ئاتا ـ ئاناڭ ئارقىڭدا،
زار ـ زار يىغلاپ قالىدۇ.
ئاكا، ئىنى قېشىدا،
يىغلىساڭمۇ بولمايدۇ.
ئاتا ـ ئانا قېشىدا،
يىغلىساڭمۇ بولمايدۇ.
بۇ دۇنيانىڭ دۆلىتى،
ئولجا بولسا بولمايدۇ.
ئالتۇن بېزەك كەڭ ساراي،
ئولجا بولسا بولمايدۇ.
ئولجا بولار ھەرنېمە،
ئۆلۈم ئولجا بولمايدۇ.
ئاتام كەچتى مېنىڭدىن،
مەن ئاتامدىن كېچىمەن.
ئانام كەچتى مېنىڭدىن،
مەن ئانامدىن كېچىمەن.
قاتتىق دەردكە يولۇقتۇم،
تۇر دېسەڭمۇ كېتىمەن.
يېتىم بوتا ئوخشايمەن،
لازىمى يوق يەم ـ چۆپنىڭ.

ئەمدى ئېيتار سۆزۈم يوق،
سۆزۈم قالار، ئۆزۈم يوق.
خوش قېلىڭلار، دوستلىرىم،
ئېسەن بولۇڭ، دوستلىرىم !

ساھىبجامال ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىيىملىرىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ يەنە بىر نەزم ئوقۇدى:

ئالتۇن ياقا خۇش تونلار،
سېنى كىيەر كىشىم يوق.
ئالتۇن كوكۇل بوز يورغا،
سېنى مىنەر كىشىم يوق.
ئالتۇن بېزەك كەڭ ساراي،
ساڭا كىرەر كىشىم يوق.
ئاتام بىزنى كۆپ كۆردى،
ئۇلجىلارنى ئېپ كۆردى.
ئايدىن ئوغۇل تۇغدۇرۇپ،
كۇندىن بىر قىز تۇغدۇرۇپ.
خان زەيتۇنغا بەرسۇن ئول،
ئولجا ئالغان مېلىنى،
ئاڭا بوغچا قىلسۇن ئول.

كىمەن دىۋانە قىياپەتتە يۈرەر ئىدى. ئۇ ساھىبجامالنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىر نەزم ئوقۇدى:

شىھىت دوستۇم، ئەلۋىدا،
ئايرىلارىڭ بىلمىدىم.

شېھىت دوستۇم، ئەلۋىدا،
يەتتە كۈندەك زارلىدىم.
باغلىنىپتۇ تىللىرىڭ،
كۆپ تىلىكىڭ ھەل بولماي.
ئۆتتى سېنىڭ كۈنلىرىڭ،
ئەلۋىدا، ئەي، ئەلۋىدا،
مېھرىبانىم ئەلۋىدا.
جېنىڭ جەننەت ئىچىدە،
مېھرىبانىم ئەلۋىدا.
تولۇن ئاينىڭ قېشىدا؛
پەرىلەرنىڭ قېشىدا،
بولسۇن خۇشال تويلىرىڭ،
قەدىردانىم ئەلۋىدا.
تاغ بېشىدىن ئۇچقاندا،
قونار يېرىڭ يوق ئىدى.
بۇ دۇنيادا مېھمان بوپ،
يۈرەر يېرىڭ يوق ئىدى.
كۆرگەن چۈشۈڭ ئالدىڭدا،
دوستۇڭ قالدى ئارقىڭدا.
مېھرىبانىم ئەلۋىدا،
جېنىڭ جەننەت ئىچىدە،
مېھرىبانىم ئەلۋىدا.

ئەلقىسسە، ساھىبجامال مۇلاتىيە شەھىرىدىكى جىمىكى پې-قىر - بىچارىلەرنى، يېتىم - يېسىرلارنى يىغىپ، ئۇلارغا ئالتۇن - كۈمۈش، پۇل - دۇنياسىنى خەير - ئېھسان قىلىپ ئۈلەشتۈرۈپ بەردى، ئاندىن ئەل - يۇرتقا قاراپ بىر نەزم ئوقۇدى:

ئەلپىراقەي ـ ئەلپىراق،
ئامان بولۇڭ، دوستلىرىم.
بىز دۇنيادىن كېتەرمىز،
دۇنيا سىزگە قالادۇر.
ئامان بولۇڭ، دوستلىرىم،
بىز يامانلار كېتەيلى؛
ئاخىرەتكە يېتەيلى.
سىز ياخشىلار قىلىڭلار،
مەقسەتلەرگە يېتىڭلار.
بىزلەر سەپەر قىلايلى،
كېيىن قالغان، دوستلىرىم.
ئاتامغا دەڭ سۆزۈمنى،
دۇنيا قالدى ئاتامغا،
ھەسرەت ئالدى ئۆزۈمنى!
يارىم كەتتى يار ئۈچۈن،
قۇربان قىلاي ئۆزۈمنى.
چىن يارىمدىن قالغۇم يوق،
ئۆزگىلەرگە بارغۇم يوق.
بۇ ئۆلۈمدىن قالغۇم يوق،
ھەممىڭىزگە خەير ـ خوش،
ئامان بولۇڭ، دوستلىرىم.

نەزم تۈگىدى. ساھىبجامال قۇببىنىڭ ئىشكىنى بىر تارتىپ ئېچىپ ئىچىگە كىردى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالماي ئىككى ئالەملىك ئاشىقى بوزيىگىتنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ شېھىت بولدى.

جامائەت بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ زار ـ زار يىغلىدى. «ئاھ



دەرىخ، خاننىڭ ئىشى خارابتۇر،
بۇ قىلغىنى خاتادۇر. ئەخمەق
خان قىزىنىڭ سۆيگەن يارىنى
ئۆلتۈرۈپ، غەيرىي كۈيئوغۇل
تاپماق بولدى...» دېيىشتى. بۇ
خەۋەر شۇئان تاماسخانىغا يەت-
تى. خان خوتۇنى بىلەن «ئاھ-
ۋاھ» دەپ كېلىپ يىغلاپ بىد-
ھوش بولدى. بۇ، ئۆلگەندىن
كېيىن «ياسىن» ئوقۇغاندەك
بىر ئىش بولدى. خان بۇ يەر-
گە كاتتا بىنا تىكلىدى. بىراق ھېچكىم نەزەرىنى سالمىدى...

رىۋايەت قىلغۇچى ئېيتىدۇركىم، ساھىبجامالنىڭ يېنىد-
كى قىرىق قىز بوزيىگىت بىلەن ساھىبجامالنىڭ قايغۇسىدا
دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ ھەم شۇلارنىڭ ئەتراپىدا يېتىپتۇ. بۇ ھالدىن
خەۋەردار بولغان كىمەن: «مەن ھەم مۇشۇ ئىككى جان



دوستۇمنىڭ ئارقىسىدىن ئۆلەي» دەپ قۇببىنىڭ يېنىغا كەپ-تۇ. شۇ چاغدا دوستى بوزيىگىتنىڭ دار ئالدىدا ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداش ۋە يۇرتىغا سالام ئېيتىپ ئامانەت قىلغان ۋەسىيىتى ئېسىگە چۈشۈپتۇ. كىمەن: «بۇ ئامانەتنى يەتكۈزمەي تۇرۇپ ئۆلسەم، دوستلۇقنى يەتكۈزمىگەن يالغانچى دوست بو-لۇپ قالىمەن» دەپ ئويلاپ ئۆز شەھىرىگە قايتماق بوپتۇ. كىمەن بوزيىگىتنىڭ قۇببىسىنى قۇچاقلاپ، ئىككى كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ تۇرۇپ مۇنداق نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

مەن قايتماقنى ئويلىدىم،
كىمنى دوستۇم دېگەيمەن؟
مېھرىبانىم ئەلۋىدا،
ئاھ، كىم بىلەن يۇرگەيمەن؟
سېنى ھەققە تاپشۇردۇم،
يارىڭ بىلەن قېشىڭدا.
يالغۇزلۇقتا يىغلايمەن،
غەم - قايغۇ كۆپ بېشىمدا.
سەن يادىمغا يەتكەندە،
كەتكۇم كەلمەس قېشىڭدىن.
يىغلىساممۇ پايدا يوق،
كۆزدىن ئاققان يېشىمدىن.
يۇزۇڭ قايدىن كۆرگەيمەن؟
مېھرىبانىم ئەلۋىدا.
قايغۇ بىلەن ئىچكەن ئاش،
قىزىل قانغا ئوخشايدۇ.
قايتاي دېسەم يۇرتۇمغا،
قايغان پۇتۇم چۇشەيدۇ.

ئۆز توپىدىن ئايرىلغان،
يالغۇز غازدەك بولدۇمەن.
ئانىسى ئۆلگەن بالىدەك،
يىغلاپ ـ يىغلاپ قالدىمەن.
جېنىم ھەققە تاپشۇردۇم،
يارىڭ بىلەن قېشىڭدا.
يېگانە بوپ قالدىمەن،
يولدىشىم يوق قېشىمدا.
باقىي دۇنيا ئىچىدە،
قوشۇلار كۈن بولارمۇ؟
گۆر ئىچىدە بىر بولۇپ،
بىر ياتار كۈن بولارمۇ؟

كىمەن نەزمىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بوزيىگىتنىڭ قۇبـ-ىسىنى نەچچە ئايلىنىپتۇ. ئاخىر ئامانەتنى يەتكۈزمەك بولۇپ ئۆز شەھىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ.

### بوزيىگىت ھەققىدە قوشاقلار

شاھزادە بوزيىگىتنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئانىسىغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئوردا شائىرىنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

كۆپنى كۆرگەن قېرىمەن،
بىر ئاز سۆزلەپ بېرىمەن.
ئاسماندىكى تورغايدەك،
ئالدىڭىزدا سايرايمەن.

ئۆي ئىچىدە ئولتۇرغان،
قۇلاق سېلىڭ، ياخشىلار.
بۇ دۇنيادا پايدا يوق،
ئاڭلىغۇيلىڭ، ياخشىلار !
مەن قېرىنىڭ سۆزىدىن،
ئىبرەت ئېلىڭ، ياخشىلار !

قېرىلاردىن كونا سۆز،
ئەسكە ئالماي يۈرمەڭلار !
ئالىملاردىن ئەقىل سۆز،
كۆڭۈل قويماي يۈرمەڭلار !

قېرىلاردىن خەيرلىك سۆز،
كونىلاردىن قالغان سۆز.
ئالىملاردىن ئەقىل سۆز،
پەيغەمبەردىن قالغان سۆز.

دەردىمىزگە دەرمان يوق،
قايغۇمىزغا ئارمان يوق.
دەردكە دەرمان بولمىسا،
يارائقاندىن يامان يوق.

مىنگەن ئاتتىن ئەر قالار،
تاپقان ئەردىن مال قالار.
ئەر بېشىغا كۈن كەلسە،
سۆيگەن ئوغۇل يار قالار.

پادىشاھتىن تەخت قالار،
تۆمۈرچىدىن دات قالار.
ئەر بېشىغا دەرد كەلسە،
ياخشى ـ يامان ئات① قالار.

ئالىملاردىن خەت قالار،
ئۇستىلاردىن نام قالار.
ئويلاپ كۆرسەڭ، ياخشىلار،
بۇ دۇنيادا كىم قالار؟ !

يۇرگەن يەردە يول قالار،
كۆرگەن يەردە ئەل قالار.
بايلىرىڭدىن پۇل قالار،
بەزى خوتۇن تۇل قالار.

تاپقان ئەردىن مال قالار،
ئالتۇن ـ كۈمۈش، پۇل قالار.
ئىتتەك قاۋاپ، تالىشىپ،
كىم كۆرۈنسە شۇ قالار.

ئۆي ـ ئىمارەت بوش قالار،
ئويناپ ـ كۈلگەن دوست قالار.
تۇغۇلدۇم دەپ شادلانما،
ئۆلىدىغان كۈن بولار.

---

① ئات ـــ ئاتاق، ئىسىم، نام.

ئۆلگەن جاننىڭ بارىدىن،
سوراق سورار كۈن بولار.
مېلىم كۆپ دەپ شادلانما،
مېلىڭ قالماس كۈن بولار.

بىر ئۆزۈڭدىن باشقىنى،
كۆڭۈلگە ئالماس كۈن بولار.
قولۇڭدىكى قۇللىرىڭ،
كۆزگە ئىلماس كۈن بولار.

بالام بار دەپ شادلانما،
بالاڭ قالماس كۈن بولار.
ئالىم مەن دەپ شادلانما،
سوراق ئالار كۈن بولار.

قىزىل يۈزۈڭ، گۈل يۈزۈڭ،
سولۇپ قالار كۈن بولار.
قۇرت - قوڭغۇز يىغىلىپ،
سېنى چاقار كۈن بولار.

ئىسكەندەر، سۇلايماندەك،
شاھلار ئۆتكەن دۇنيادىن.
ھەممىمىزنىڭ ئاتىسى،
ئادەم① كەتكەن دۇنيادىن.

① ئادەم — ئادەم ئاتا.

مېلىم بار دەپ ئويلىساڭ،
قارۇن ئۆتكەن دۇنيادىن.
كۈچۈم بار دەپ ئويلىساڭ،
هارۇن ئۆتكەن دۇنيادىن.

چىمەنمەن دەپ ئويلىما،
باردۇر تالاي چىمەنلەر.
سۆزگە ئۇستا سۆزمەنلەر،
قاقشاپ ئۆتكەن دۇنيادىن.

بەگزادە ۋە تۆرىلەر،
ئىچى زەھەر بۆرىلەر.
هاتەم[1] بايدەك ياخشىلار،
يىغلاپ ئۆتكەن دۇنيادىن.

يارالدۇق بىز كېتەرمىز،
بۇ پانىيدىن ئۆتەرمىز.
ئەجەل يېتىپ كەلگەندە،
كەتمەي نېمە قىلارمىز؟

تەقدىر نېسىپ بولغاندا،
چارىسىز يول تارتىمىز.
ئەمر كەلسە ئاللادىن،
بويۇن سۇنۇپ ياتارمىز.
تەنمۇ چىرىپ كۈل بولۇپ،
تۇپراق بولۇپ ياتارمىز.

① هاتەم — سېخىيلىقى بىلەن داڭق چىقارغان يەمەنلىك بىر باي كىشى، هاتەم تەي.

بىزدىن بۇرۇن تۇغۇلغان،
بەللىرى چىڭ بوغۇلغان،
ئاۋۋال كېلىپ تېز ئۆتكەن،
تەگرى بىلەن سۆزلەشكەن.

ئادەم ئىدى ئاتىمىز،
ھاۋا ئىدى ئانىمىز.
ئۆلمەيدىغان بەندە يوق،
ئۇلارمۇ ئۆتكەن دۇنيادىن.

توپان سۈيى تاشقاندا،
تاغۇتاشتىن ئاشقاندا.
جانىۋارلاردىن ئېلىپ ئۇ،
كېمىسىگە سېلىپ ئۇ.
ساق - سالامەت قېلىپ ئۇ،
نۇھمۇ ئۆتكەن دۇنيادىن.

يەر يۈزىنى ئالغان ئۇ،
سۈرلۈك شەھەر سالغان ئۇ.
كۈنچىقىشقا بارغان ئۇ،
كۈنپېتىشنى كۆرگەن ئۇ.

ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان ئۇ،
يەرنىڭ يۈزى بۇزۇلۇپ،
«ئابىھايات» تاپالماي،
ئىسكەندەر ئۆتكەن دۇنيادىن.

داۋۇت ئوغلى سۇلايمان،
ئۆز ۋاقتىدا شاھ بولغان.
يەر يۈزىنى ئالغان ئۇ،
ئالتۇن تەختكە مىنگەن ئۇ.
ئاسماندىمۇ ئۇچقان ئۇ،
مىڭ ئايالنى قۇچقان ئۇ.

خۇدا ئاڭا يول بەرگەن،
بىر ئىبسىل ئوغۇل بەرگەن،
ئايىغى يوق، قولى يوق،
پۈتمەس خەزىنە پۇل بەرگەن،
سۇلايمانمۇ ئۆتكەن دۇنيادىن.

يەر يۈزىگە كەلگەنلەر،
مەغرۇرلىنىپ يۈرگەنلەر،
مىڭ ياش ئۆمۈر سۈرگەنلەر،
غەم - قايغۇسىز كۈلگەنلەر،

بارى ئۆتكەن دۇنيادىن؛
كىم ئۆتمىگەن دۇنيادىن.
خىسراۋمۇ ئۆتكەن دۇنيادىن،
دارامۇ ئۆتكەن دۇنيادىن.

خارمۇ ئۆتكەن دۇنيادىن،
زارمۇ ئۆتكەن دۇنيادىن.
يامان - ياخشىنى ئايرىماي،
ھەممە ئۆتكەن دۇنيادىن.

ئاتاڭ سىنىڭ قارا يەر،
ئاناڭ سىنىڭ قارا يەر.
بارار يېرىڭ قارا يەر،
تۇرار يېرىڭ قارا يەر.
قۇرۇق سەۋەب كۆرسەتمەي،
ۋاقتىڭ بولسا كېتىۋەر !
......

يارالغاننىڭ بارىدەك،
خان كەتكەنگە ئوخشايدۇ.
يىراقتىكى ئوغلىڭىز،
ئۇمۇ ئۆتكەن ئوخشايدۇ.
ئاندىن كېيىن بىزلەرگە،
نۆۋەت كېلەر ئوخشايدۇ.

بالاڭغا، شاھ، يىغلىما،
بىزدىن بۇرۇن ئۆتتى دەپ.
قايغۇرۇشنىڭ ئورنى يوق،
بۇ دۇنيادىن كەتتى دەپ.

ئۇمۇ يەتتى بوۋىغا،
بۇرۇن ئۆتكەن ئاتىغا.
سىزمۇ بىر كۈن يېتەرسىز،
بۇرۇن ئۆتكەن بالىغا.

ئەجەل يەتمەي ئۆلۈش يوق،
ئارتۇق ئۆمۈر كۆرۈش يوق.

ئەجەل كېلىپ ئۆلگەندە،
جەزمەن قايتىپ كېلىش يوق.

تەقدىر كەلسە قېلىش يوق،
بايدىن قەرز ئېلىش يوق،
ئۇرۇش - تالاش قىلىش يوق،
تەقدىرگە قارشى تۇرۇش يوق.

تۇغۇلغان بىر بەندىگە،
گۆردىن باشقا تۇرۇش يوق.
ئەجەل يەتسە ئامال يوق،
قۇتۇلماققا ئىمكان يوق.
يارلىق كەلسە ئاللادىن،
سەۋرسىزدىن يامان يوق.

ئاللا ئەمرى يەتكەندە،
بۇ پانىيدىن ئۆتكەندە،
ئۆمۈر غازاڭ تۆككەندە،
يىغلىساڭمۇ پايدا يوق.

ئويلاپ كۆرسەڭ شۇم ئۆلۈم !
ھەممىمىزگە بار ئۆلۈم !
بوران - چاپقۇن قويۇندىن،
كىمنى ئايرىماس بۇ ئۆلۈم؟ !

ئاخىر بىر كۈن ئۆلەرسەن،
مال قايغۇسى يېمىگىن.

قانچە ياشقا كىرسەڭمۇ،
مالۇ دۇنيا يىغمىغىن.
بالا، مالدا پايدا يوق،
غاپىل قىلدىم دېمىگىن.

خوتۇن قالسا ئەر تاپار،
ئوغلۇڭ قالسا يەر تاپار.
قىزىڭ قالسا جاي تاپار،
ئوزى ياخشى، باي تاپار.
ئۆلۈمگە يۈز تۇتقاندا،
غېرىب بېشىڭ نە تاپار؟

بەش كۈنلۈك بۇ ئالەمدە،
ئويناپ ـ كۈلگەن دوست قالار.
قىلالمايسەن ھېچ ئىلاج،
مىنگەن ئېتىڭ بوش قالار.

ئېگەر، توقۇم، ئېتىڭنى،
مىنىشكە ئەر تېپىلار.
تاۋار ـ توقا كىيىمىڭنى،
كىيىشكە ئەر تېپىلار.

بۈگۈن ھايات چېغىڭىز،
ئەته گۆردە ياتىسىز.
تويماس مۈشۈ قارا يەر،
كىمنى ئالماس دەپ بىلىسىز؟ !
ئالدىڭىزدا گۆرىڭىز،
رىزقى پۈتسە كىرىسىز.

مەن ئۆيلىسام، خالايىق،
ئەجەل - ئۆلۈم نەدە يوق؟
ئاخىر بىر كۈن ئۆلىسىز،
بۇ پانىيدىن پايدا يوق.
......
نېمە ئېيتاي، ياخشىلار،
ئېيتقان سۆزنى ئاڭلاڭلار !
ياش تۆكۈشتىن پايدا يوق،
ياخشى دۇئا قىلىڭلار !

خانىش بۇنى ئاڭلاڭسىز،
ئامان - ئېسەن بولغايسىز.
خۇدانىڭ بۇ ئەمرىگە،
سەۋر، شۈكۈر قىلغايسىز !
......

خانىشنىڭ ئوغلىنى ئەسلەپ ئېيتقان قوشىقى:

ئىككى كۆزۈم قارىسى،
جېنىم سۆيگەن، جان بالام.
بويلىرىڭدىن ئايلىناي،
ئالتۇن بالام، خان بالام !

سېنى نەدە كۆرگەيمەن،
كىمنى بالام دېگەيمەن؟
سەن يادىمغا يەتكەندە،
قانداق چىداپ يۈرگەيمەن؟

يىراق يولغا كېتىپسەن،
ئېيتماي كەتتىڭ سىرىڭنى.
كۆرمەي قالدىم يۈزۈڭنى،
بۇ نېمە دەرد، جان بالام؟ !

يىراق يولغا كېتىپسەن،
قايغۇڭ ئەستىن كەتمىدى.
جاندىن ئەزىز، جان بالام،
قايغۇڭ ئەستىن كەتمىدى.
سېنى نەدىن سورايمەن؟
كىمنى سەن دەپ يۇرايمەن؟ !

سەندىن باشقا يالغۇزۇم،
ئىچ كۆيەرىم يوق ئىدى.
سەندىن باشقا ئالدىمدا،
ئەركىلەرىم يوق ئىدى.

يالغۇز ئىدىڭ — بىر ئىدىڭ،
مىڭ قايغۇغا سىر ئىدىڭ.
ئەمدى قانداق يۈرەرمەن،
سېنى نەدىن كۆرەرمەن؟

كىملەر بىلەن تۇرارمەن؟
كىملەر بىلەن يۈرەرمەن؟
سەن يادىمغا يەتكەندە،
قانداق هايات قالارمەن؟

غېرىبلارغا ئاش بەرگەن،
يارى ئۇچۇن باش بەرگەن.
چوڭ ـ كىچىكنى تەڭ كۆرگەن،
بالام نەدىن تاپارمەن؟

ھەسرەت چەككەن ئاتاڭنىڭ،
زار يىغلىغان ئاناڭنىڭ،
يېرىم بولغان كۆڭلىنى،
كىممۇ ئالار، چىرىغىم؟

تاغلاردىكى مېلىڭنى،
ئۆيۈڭدىكى قۇللارنى،
ئالتۇن ـ كۈمۈش خەزنەڭنى،
كىم ساقلايدۇ، چىرىغىم؟

قارا ئۇچقۇر تۇلپارنى،
لاچىن بىلەن شۇڭقارنى،
قارچىغا، قۇرغۇيۇڭنى،
كىم تۇتىدۇ، چىرىغىم؟

مېلىڭ كېلىپ مەرىسە،
ئەل ـ يۇرت سېنى كۆرمىسە،
ئاتا ـ ئاناڭ كۆرمىسە،
قانداق چىدار، چىرىغىم؟

تۆگە قالدى بوتىسىز،
يۇرتۇڭ قالدى ئىگىسىز،

ئاتا ـ ئاناڭ بالىسىز،
قانداق قىلار، چىرىغىم؟

دەسلەپ كەتكەن چىغىڭدا،
بىزگە ھېچ سىر ئېيتمىدىڭ،
يولدا كارۋان كۆرگەندە،
قايت دېسىمۇ قايتمىدىڭ.

ئىزدىگىنىڭ ئالدىڭدا،
يۇرگەنمىدىڭ، يالغۇزۇم؟
تىلىگىنىڭ قولۇڭدا،
بىلدۇرمىدىڭ، يالغۇزۇم،
پەرزەنت ئۈچۈن خۇداغا،
يىغلىغانتىم، يالغۇزۇم.
ھاياتىڭنى ئاللادىن،
سورىغانتىم، يالغۇزۇم.

بەرگەنىدى تىلەكنى،
مۇڭلۇق قولۇم كۆرسۇن دەپ،
ئېلىپ كەتتى مەزگىلسىز،
دەرد ـ ھەسرەتنى كۆرسۇن دەپ،
مېنىڭ بىلەن ئاتاڭنى،
زارلاپ ئەمدى ئۆلسۇن دەپ.

قېرىلىقتا ئاتاڭنىڭ،
قاقشار كۈنى باشلاندى.
يالغۇز قېلىپ ئاناڭنىڭ،
يىغلار كۈنى باشلاندى.

خۇدا نېسىپ قىلمىدى،
بىزدىن ئەۋلاد قالمىدى.
قېرىغاندا خار بولدۇق،
دەردكە دەرمان بولمىدى.

ئەمدى قانداق يۇرەرمەن؟
سېنى نەدە كۆرەرمەن؟
بىر ئوغۇلدىن ئايرىلىپ،
قانداق ئۆمۈر سۈرەرمەن؟ !

كۆز ئالدىمدا بار بولساڭ،
كۆرمەسمىدىم جان بالام،
ئۆلگەن يەردە بار بولسام،
ئۆلمەسمىدىم، خان بالام؟ !

يات كىشىلەرنىڭ ئىچىدە،
قانداق يۇردۇڭ، جان بالام؟
دۈشمەنلەرنىڭ قولىدا،
قانداق تۇردۇڭ، جان بالام؟

ئەلنى ئالماي قېشىڭغا،
بالا كەلدى بېشىڭغا،
جاننى قۇربان قىلاتتىم،
كۆزدىن ئاققان يېشىڭغا.

چىرىغىمنى ئۆچۈردۈڭ،
دۈشمىنىڭنى كۈلدۈردۈڭ.

ئاناڭنى زار قاقشاتماي،
ياتقۇزساڭچۇ قېشىڭدا.

بۇ نە ھەسرەت، يارەنلەر،
بۇ نە كۈلپەت، يارەنلەر.
يۈرەكتىكى يانغان ئوت
بارغانسېرى يالقۇنلار.

كۆڭلۈم ئەمدى تىنمايدۇ،
ئۆچكەن چىراغ يانمايدۇ.
يالغۇزۇمنىڭ خەۋىرى،
يۈرىكىمگە سىغمايدۇ.

ئاتلىنىڭلار، يارەنلەر،
چەۋەندازلار، ئوغلانلار!
يالغۇز قالغان ئوغلۇمنىڭ،
قەبرىسىنى تاپايلى.
كۆرسەم كۆڭلۈم تىنارمۇ؟
يېنىدا ئاز كۈن تۇرايلى.
......

بوزيىگىتنىڭ قەبرىسى ئالدىغا بېرىپ خانىشنىڭ ئېيتقان قوشىقى:

ئىسىت بالام، جان بالام!
كىمنى بالام دېگەيمەن؟
كىم بىلەن بىر يۈرگەيمەن،
سېنى قاچان كۆرگەيمەن؟!

ئۇقسام ئىدىم سۆزۈڭنى،
كۆرسەم ئىدىم يۈزۈڭنى.
يىغلاپ ئاناڭ كەلگەندە،
كۆرۈنمەيسەن، جان بالام !

بوتىسى ئۆلگەن تۆگىدەك،
بوزلاپ كەلدىم، جان بالام؟
قىرىق كۈنلۈك يىراقتىن،
ئىزدەپ كەلدىم، جان بالام !

تەقدىر قوشقان جۈپتۈڭنىڭ
ئېتى نېمە؟ جان بالام؟ !
قىيامەتلىك يار بوپسەن،
ئىمان بەرسۇن خۇدايىم.

ئاللا ئۆزى بەرگەنتى،
ئەجەل يېتىپ ئالغانتى.
ئاناڭ يىغلاپ قالغانتى،
تەقدىر باشقا سالغانتى.
ئاناڭ مىسكىن يىغلىدى،
كۆزىدە ياش پارلىدى.

بارمۇ مەندەك بىر دەردمەن،
قانداق بۇزاي پەرمانىنى؟ !
كېتەرمەنمۇ ئارماندا،
تاشلاپ پانىي جاھاننى؟

زارلىساقمۇ چارە يوق،
خۇدا باشقا سالغاننى.
كۆتۈشكە، كۆنۈشكە،
يىغلاپ رىزا بولغانتى.

ئاخىرەتكە بارارمىز،
ئۆچرىشارمىز، كۆرەرمىز.
بىر كۆرەرمەن، جان بالام !
ئالتۇن بالام، بال بالام !
......
......



Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMDk5MTEuemlw",
"filename_decoded": "40209911.zip",
"filesize": 31481523,
"md5": "09a1a4f0d7a2863ee7648687f2d96a89",
"header_md5": "202c38a0b4822222bdcfbb5d6f06a7f4",
"sha1": "d4f7de799c54a6a51a101af3f448dbdcf4020b58",
"sha256": "e0a4753e344e14019b0ede33819204b1c3b0ce89b52b5cf6f62d911831057013",
"crc32": 912932090,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 33192740,
"pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2569\u2556\u2569\u00bd \u2562\u25a0\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209911",
"pdg_main_pages_found": 361,
"pdg_main_pages_max": 361,
"total_pages": 368,
"total_pixels": 1461933376,
"pdf_generation_missing_pages": false
}